ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بۇلاق

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ

قوش ئايلىق ژۇرنىلى

22-يىل نەشرى

ئومۇمىي 81-سان

2001

باش مۇھەررىر:   **ئابلەت ئىمىن**
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:   **پەرىدە ئەمىن**
مۇھەررىر:   **ئەزىز تۇردى**

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# بۇلاق

2001 - يىللىق 6 - سان

## مۇندەرىجە

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

«ئىسكەندەرنامە» دىن ................................ مەۋلانا مەنۇچىھرە ھەكىم (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: پەرىدە ئەمىن

«ئەتەبەتۇل - ھەقايىق» (ھەقىقەت ئىشىكى) داستانىنىڭ شېئىرىي تەرجىمىسىگە ئىلاۋە ................................ روزى سايىت (10)

ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن

تارىخى رەشىدىي ................................ مىرزا ھەيدەر كۆرەگان (28)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

تارىخ ۋە مەدەنىيەت تەتقىقاتى

بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھر تارىخى ................................ ھېرمان ۋامبېرى (38)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇۋاھاپ قادىر

دىن تەتقىقاتى

جانان مېنىڭ جېنىمدا ................................ ئاننېمارىي شىممېل (51)

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: يۈنۈس ئىلىياس ئىدىقۇتلۇق

## ئەدەبىي مۇھاكىمە


«گۈلزارى بىنىش»نىڭ داۋامى توغرىسىدا مۇلاھىزە.........
......... ............................................ پەخرىددىن ئىمىن(86)
شائىر قەدرى ......................... مۇنەۋۋەرە ھەبىبۇللاھ(90)


## تىبابەت دۇردانىلىرى ۋە تەتقىقاتى


ئۇيغۇرلارنىڭ دورا ـ دەرمەكلىرى خاتىرىلەنگەن قەدىمكى كىتابلار توغرىسىدا
...... ...................................... مامۇت قۇربان(94)


## مەشھۇر شەخسلەر


سەئدىنىڭ روھانىيلار ھەققىدىكى قاراشلىرى توغرىسىدا.........
.................. ............................. زەمىر سەئدۇللازادە(105)


## ئەجدادلار نەسىھىتى


«قۇتادغۇبىلىك»تىن تاللانمىلار...................................... (111)
رەتلىگۈچىلەر: مۇھەممەت ئىبراھىم، چىمەنگۈل مۇزەپپەر

* * *

ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئاپتوۋنغا نەقشلەنگەن غەزىلى ........................ (112)


* *


خەتتات: **نىياز كېرىم شەرقىي**
نەققاش: **تۇردى قادىر نازىرى**
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: **مۇراددىل ئابىد**


* *


**مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە:** ئالىملار سۆھبىتى («شەرق مىنىئاتيورا مەكتەبلىرى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى)

**مۇقاۋىنىڭ ئىككىنچى، ئۈچىنچى بېتىدىكى** سۈرەتلەر «شەرق مىنىئاتيورا مەكتەبلىرى» ناملىق كىتابتىن ئېلىندى.

**مۇقاۋىنىڭ تۆتىنچى بېتىدە:** تېۋىپ ( **نجات ئەخمەت** فوتوسى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرېسى

# «ئىسكەندەرنامە» دىن[①]

مەۋلانا مەنۇچىھرە ھەكىم

نەشرگە تەييارلىغۇچى: پەخرىددىن ئىمىن

## سام ئىبنى فەرىدۇننىڭ تەمھالخان شىرۋاننىڭ ئۇستىگە بارغانلىقى ۋە بۇ باتۇرنىڭ تەمھالخاننىڭ قولىدا يارىدار بولغانلىقى

رىۋايەتچى مۇنداق دەيدۇ: بىر كۈنى ساھىبقىران بارگاھتا ئولتۇرغان ئىدى، بارگاھنىڭ ئىشىكىدىن غوۋغانىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. ئەمىر تاشقىرى چىقىپ، نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى سورىدى ۋە گەدىنىگە قارا پالاز ئارتىپ، ئەرز قىلغىلى كەلگەن بىر توپ كىشىلەرنى كۆردى. ئۇلار:

شەھرىيار، بىز رەشت ۋىلايىتىنىڭ پۇقرالىرى ئىدۇق، شىرۋان شاھى شىرخان بىزنى ئۆلتۈردى ۋە شەھەرنى ئىگىلىۋالدى، بىزنىڭ پەريادىمىزغا قۇلاق سال، — دېيىشتى.

— بىر دىلاۋەرنىڭ رەشت شەھىرىگە بېرىپ، تەمھالخاننى قول ۋە گەدىنىدىن باغلاپ ئېلىپ كېلىشنى ئارزۇ قىلىمەن، — دېدى ئەمىر. سام ئىبنى فەرىدۇن ئۆزىنى مەلۇم قىلىپ:

— شەھرىيار، بۇ خىزمەت ماڭا مۇۋاپىق، — دېدى ـ دە، ئاتقا مىنىپ ئون ئىككى مىڭ لەشكەر بىلەن رەشتكە قاراپ ئاتلاندى. شىرۋان شاھىنىڭ ئادەملىرى شىرۋان شاھقا «سام بىننى فەرىدۇن نۇرغۇن لەشكەر بىلەن سېنى تۇتۇش ئۈچۈن كېلىۋاتىدۇ» دەپ خەۋەر قىلىشتى. سامنىڭ بىر تۆمۈر كىيىمى بولۇپ، ئۇنى كىيسە بەدىنىگە زەربە كار قىلمايتتى. بۇ كىيىمنى زىرھى داۋۇد دەپ ئاتىشاتتى. شۇنداق قىلىپ سامنىڭ ئەسكەرلىرى شىرۋان شاھنىڭ لەشكەرلىرىنىڭ ئۇدۇلىدا توختىدى. شىرۋان شاھنىڭ زەرقان شىردىل شىرۋانى ئىسىملىك بىر ئەيىيارى بار ئىدى، شىرۋان شاھ ئۇنى چاقىرىپ:

— بۈگۈن كېچىدە سەن بېرىپ سامنىڭ زىرھى داۋۇدىنى ئوغۇرلاپ كەلگىن، — دېدى. مىھتەرى زەرقان كېچىدە تەلايەغە بېرىپ، سامنىڭ چېدىرىغا كىردى ۋە ئۇنىڭ ئۇخلاپ ياتقىنىنى كۆردى. زەرقان سامنىڭ بۇرنىغا دورى بىھوشنى تەگكۈزۈپ ھوشسىزلاندۇردى ـ دە، زىرھى داۋۇد سېلىنغان ساندۇقنى ئېلىپ تاشقىرىغا چىقتى. بىر توپ ئەسكەر ئۇنىڭغا ھۇجۇم قىلغان بولسىمۇ، ئۇ چاقماقتەك تېزلىكتە قېچىپ قۇتۇلدى ۋە سوبھى كۆتۈرۈلگەندە شىرۋان شاھنىڭ ئالدىغا يېتىپ بېرىپ، ساندۇقنى يەرگە قويدى. شىرۋان شاھ ئۇنىڭغا ئاپىرىن ئېيتتى ۋە ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇمغا ئۆتۈش بۇيرۇقى بەردى. ئەسكەرلەر سەپ تارتىپ

---

① بېشى ئالدىنقى ساندا

تۇرۇشتى.

بۇ تەرەپتە سام كىيىم ساندۇقى يوقالغاندىن كېيىن دىلى غەش ھالەتتە بايراقنىڭ ئاستىدىن ئورۇن ئالدى. تەمھالخان مەيدانغا چۈشۈپ يەكمۇ يەك ئېلىشىشنى تەلەپ قىلدى. سام مەيدانغا چۈشۈپ نەيزىۋازلىقتا تۇتۇش قىلدى، لېكىن نەيزىۋازلىقتىن نەتىجە چىقمىدى. سام تەمھالخاننىڭ زىرھلەنگەن كىيىم كىيىۋالغانلىقىنى كۆرۈپ قولىغا تىغ ئېلىپ تەمھالخانغا شىلتىدى. لېكىن تەمھالخانغا زادى تەسىر قىلمىدى. سام ئۇنىڭ بويىنىغا ئۇردى، كار قىلمىدى. سام تەمھالخاننىڭ كەيگىنى ئۆزىنىڭ زىرھى ئىكەنلىكىنى كۆردى. بۇ چاغدا تەمھالخان سامنىڭ بويىنىغا ساتۇر بىلەن ئۇرغان ئىدى، قان ئېتىلىپ چىقتى. سامنىڭ ئېتى قاننىڭ ھىدىنى پۇراپ، سامنى مەيداندىن ئېلىپ قاچتى ... بۇ ھەقتە كېيىن سۆزلەيمىز، ئىنشائاللاھۇتەئالا.

## شەھرىيار كىشۋەرىستان ئىسكەندەر ھەققىدە سۆز

رىۋايەت قىلغۇچى مۇنداق دەيدۇ: ئالەمنىڭ چىرىغى ئىسكەندەر زۇلقەرنەين مازاندارانلىقلاردىن سەرھەڭ مىسرىنى مازاندارانغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلەپ، ئۆزى شەھەرنىڭ سىرتىغا چېدىر - بارگاھلارنى تىكىپ چۈشكۈن قىلغان ئىدى. بىر چاغدا سامنىڭ مەغلۇب بولغان لەشكەرلىرى قېچىپ كېلىشتى ۋە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى بايان قىلىشتى.

— بىر باتۇر بېرىپ تەمھالخاننىڭ ئەدىبىنى بەرسۇن، — دېدى ساھىبقىران.

تۇربەدەمەست مازاندارانى ئورنىدىن تۇرۇپ ئىجازەت سورىدى ۋە قىرىق مىڭ نەپەر ياش مازاندارانلىقنى ئېلىپ، مىھتەرى ئىسفەندىيار بىلەن بىللە رەشتكە قاراپ ئاتلاندى. تۇر كەتكەندىن كېيىن ئەمىر:

— باتۇرلاردىن يەنە بىرسى بارسۇن، چۈنكى تەمھالخانى تولىمۇ شىجائەتلىكمىش دەپ ئاڭلايمەن، تۇرغا كىچىككىنە بولسىمۇ زەخمەت يېتىپ قالمىسۇن، — دەپ بۇيرۇق قىلدى. سەئدان ئورنىدىن تۇرۇپ ئىجازەت سورىدى ۋە ئوتتۇز مىڭ ئادەم بىلەن تۇرنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئۇلار كەتكەندىن كېيىن ئەرەستۇ ئىسكەندەرگە قاراپ:

— ئەي شەھرىيار، — دېدى، — بۇ ئىشتا ئوبدان كېڭەش قىلمىدىڭىز، تۇر بىلەن سەئدان بىر - بىرىگە دۈشمەندۇر، ئۇلار بىر يەرگە كەلسە ئوتتۇرىدا جاڭجال چىقىدۇ.

ئەمىر يەنە بىر باتۇر بارسۇن، دەپ بۇيرۇق قىلدى، شۇ زامان سىپەھسالارى لەشكەر ئەمىرخان ئەلۋەندە كۇھى ئورنىدىن تۇرۇپ، يىگىرمە مىڭ ئەلۋەندە كۇھى لەشكىرى بىلەن ئىجازەت ئېلىپ يولغا چىقتى. ئۇنىڭ كەينىدىن ئەمىرمۇ ھېسابسىز لەشكەرلىرى بىلەن يولغا ئاتلاندى. بۇ ۋەقەنى كېيىن داۋالاشتۇرىمىز. ئەمدى سام بىننى فەرىدۇن ھەققىدە بىرنەچچە ئېغىز سۆز ئاڭلاڭ:

سامنىڭ ئېتى ئۇنى جەڭگاھتىن ئېلىپ چىقىپ خېلى يىراق بىر يەردىكى چىمەنلىككە كېلىپ توختىدى - دە، ئوتلاشقا باشلىدى. سام قولىنى ئاتنىڭ تىزگىنىدىن بوشىتىپ تۇپراققا يىقىلدى. بەھرام فەلەكپۇش ئىسىملىك بىر باتۇر ئون ئىككى مىڭ نەپەر لەشكىرىنى ھەمراھ قىلىپ، بۇ چىمەنلىككە چېدىر تىكىپ ئورۇنلاشقان ئىدى. ئۇنىڭ ئادەملىرىدىن بىر مۇنچىسى سامنى كۆرۈپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى ۋە ئەھۋالىدىن خەۋەر تېپىپ بەھرامغا مەلۇم قىلدى. بەھرام:

— مەن يۇنان شاھلىرىنىڭ ئەۋلادىدىن بولىمەن، سام بولسا مېنىڭ ئاكامنىڭ بالىسى

بولىدۇ. خېلىدىن بۇيان ئۇنىڭدىن پادىشاھلىقنى تارتىۋالسام، دەپ يۈرەتتىم، لېكىن ئامال بولمىغان ئىدى، ئەمدى ئۇ مېنىڭ قولۇمغا چۈشۈپتۇ، ئۇنى ئېلىپ كېلىڭلار، ــ دېدى.

سامىنىڭ قوللىرىنى باغلاپ ئېلىپ كېلىشتى، ئاندىن ئۇنى ھارۋىغا ئولتۇرغۇزدى. بەھرام «ئەمدى ئىسكەندەر بىلەن جەڭ قىلىشقا بارىمەن» دېدى ۋە كۈررەئى جەزائىرنى كەلتۈرۈپ، ئېتىغا مىندى ـ دە، لەشكەرلىرى بىلەن يولغا راۋان بولدى. بۇ ھەقتە كېيىن توختىلىمىز. ئەمدى تۇربەدەمەست ۋە سەئدان ھەققىدە بىرنەچچە ئېغىز سۆز ئاڭلاڭ:

سەئدان تۇرغا:

ــ ئەمىر بۇيرۇق قىلدى، سەن قايتقىن، مەن بارىمەن، ــ دېدى.

ــ ئەي ئوغرى، نېمە دەيسەن؟ ــ دېدى تۇر ئۇنىڭغا. ھەر ئىككىسى قوللىرىغا شەمشەرلىرىنى ئېلىشىپ بىر ـ بىرىگە ھۇجۇم قىلىشتى. بۇ چاغدا ئەمىرخان يېتىپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئۇرۇشۇۋاتقانلىقىنى كۆردى ۋە يېقىن كېلىپ:

ــ ھەر ئىككىڭلار قولۇڭلارنى تارتىڭلار، ــ دېدى. لېكىن ئۇلار سۆزگە كىرمىدى. دەل شۇ چاغدا باياۋان تەرەپتىن چاڭ ـ توزان كۆرۈلۈپ، يېزەكلىك نىقاب تارتقان بىر ئادەم پەيدا بولدى ۋە نەرە تارتىپ:

ــ ئەي ئوغرىلار، ھەر ئىككىلىڭ بىر ـ بىرىڭنى قويۇۋەت، قوماندانىڭلار قولۇڭلارنى تارتىڭلار دەۋاتىدۇ. باشلىقىڭلارنىڭ سۆزىگە قۇلاق سالمامسىلەر، ــ دەپ ۋارقىرىدى. بۇ سۆز ئۇلارنىڭ غۇرۇرىغا تەگدى.

ــ ئەي دوزىخروستە، سەن نەدىن پەيدا بولدۇڭ؟ بىزگە نەسىھەت قىلىسەنا، ــ دېيىشتى ئۇلار. نىقابلىق ئادەم يېقىن كېلىپ بىر قولى بىلەن تۇرنىڭ كەمىرىدىن، يەنە بىر قولى بىلەن سەئداننىڭ كەمىرىدىن تۇتۇپ، ئىككىسىنى بېشىدىن ئېگىز كۆتۈرۈپ ئايلاندۇردى، ئاندىن ھەر ئىككىسىنى ئىگەرلىرىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى. بۇنى كۆرگەن ئەمىرخان ئۇنىڭغا قاتتىق ئاپىرىن ئېيتتى. نىقابلىق ئادەم لەشكەرلىرىنى ئېلىپ بىر تەرەپكە تېز كېتىپ قالدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئىسكەندەر سانسىزلىغان لەشكەرلىرىنى باشلاپ يېتىپ كەلدى. ئەمىرخان تۇر بىلەن سەئداننىڭ ئىشىنى ئۇنىڭغا بايان قىلدى. ئەمىر ئۇلاردىن خاپا بولدى ۋە يۈزىنى نەۋقەلگە قىلىپ، ئالدىن يۈرەر قىسىملارنى باشلاپ رەشتكە قاراپ ماڭدى ۋە تەمھالخاننىڭ قارشىسىغا كېلىپ بارگاھ تىكتۈردى.

ــ ئىسكەندەر ئۆزى كەپتۇ، ــ دېدى شىرۋان شاھ تەمھالخانغا، ــ مەن ئۇنىڭ بىلەن جەڭ قىلىپ تەڭ كېلەلمەيمەن، بارگاھى جەمشىدنى ئېلىپ، تېزرەك مېڭىشىمىز كېرەك، چۈنكى بىز ئىسكەندەرگە ئامال قىلالمايمىز.

شۇنداق قىلىپ، شۇ كېچىسى تەمھالخان شىرۋان لەشكەرلىرىنى باشلاپ، نەۋقەلنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ باردى، نەۋقەلنى ئون يەتتە بۇرادىرى بىلەن يارىدار قىلىپ، ئون ئەرەبنى ئۆلتۈردى ۋە تۆگىلەرنى ئېلىپ كېلىپ، بارگاھى جەمشىدنى تۆگىلەرگە ئارتىپ يولغا چىقماقچى بولدى. دەل شۇ چاغدا بارگاھنىڭ ئىگىسى ئىسكەندەر سانسىزلىغان لەشكەرلىرى بىلەن يېتىپ كەلدى ۋە بولۇپ ئۆتكەن ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ، قولىغا شەمشىرى ئابدارنى ئالدى ـ دە، ئۆزىنى دۈشمەن ئەسكەرلىرىگە ئاتتى. شىرۋان شاھ ئىسكەندەرگە تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ، شىرۋان شاھ بىر تەرەپكە، تەمھالخان يەنە بىر تەرەپكە بەدەر تىكىۋەتتى. بارلىق شىرۋان لەشكەرلىرى قولغا چۈشتى. جۈملىدىن شىرۋان شاھنىڭ ئوغلى فەرىدۇننى تۇربەدەمەست ئەسىرگە ئالغان ئىدى، ئۇنى بارگاھنىڭ تۈۋرۈكىگە باغلاپ شىرۋان

شاھ ھەققىدە گەپ سورىدى. «بىلمەيمەن» دەپ جاۋاب بەردى ئۇ. ئەبۇلفەتھ بۇ ئىشنى سەئدانغا خەۋەر قىلدى. سەئداننىڭ تۇر بىلەن ئاداۋىتى بار ئىدى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىگە «بۈگۈن ئاخشام بېرىپ شىرۋان شاھنىڭ ئوغلىنى تۇرنىڭ قولىدىن خالاس قىلىپ قويىۋېتەي» دېدى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇپ قوراللاندى ۋە ئەبۇلفەتھنى ئېلىپ تۇرنىڭ چېدىرىغا كەلدى. ئىشىك باقارلار سەئداننى كۆرۈپ، ئۇنى توسمىدى. سەئدان تۇرنىڭ بارگاھ ئىچىدە ئۇخلاپ ياتقىنىنى كۆرۈپ ئەبۇلفەتھگە فەرىدۇننى تۇۋرۇكتىن يەشكۈزۈپ، كەتكۈزۈۋەتمەكچى بولدى ھەمدە ئۆز ـ ئۆزىگە «تۇرنى بىر قورقىتىپ قويۇش كېرەك» دەپ تۇرنىڭ باش تەرەپتىكى پەردىنى قايرىدى. تۇرنىڭ بېشىنى كېسىپ كېتىشكەن ئىدى. سەئدان ئىختىيارسىز ئاھ ئۇرۇۋەتتى. تاڭ ئاقىرىشقا باشلىغان ئىدى.

— كۆردۈڭمۇ، — دېدى سەئدان ئەبۇلفەتھگە، — بۇ ياش يىگىتنىڭ بېشىنى قانداق كەسكەندۇ، بۇنىڭ بىلەن مېنىڭمۇ ئاداۋىتىم بار ئىدى. ئىسكەندەر ماڭا بۇ ئىشنى سەن قىلدىڭ دېيىشى مۇمكىن.

— يۈرگىن، كېتەيلى، — دېدى مېھتەرى ئەبۇلفەتھ. سەئدان يېنىپ ئۆزىنىڭ بارگاھىغا كەلدى. لېكىن، بۇ كېچە ئۇ تۇرنىڭ قايغۇسى بىلەن تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىيالمىدى. تاڭ ئاتتى. تۇرنىڭ بارگاھىدىن كېچىدە تۇر ئۇخلاپ ياتقاندا بېشى كېسىپ تاشلىنىپتۇ، دەپ غوۋغا كۆتۈرۈلدى. كىياتالىپ ياقىسىنى ئېتىكىگىچە چاك قىلىپ بارگاھقا كەلدى ۋە:

— ئەي شەھرىيار، ئىشىك باقارلارنىڭ ئېيتىشىچە، كېچە سەئدان تۇرنىڭ چېدىرىغا كىرىپ ئۇنىڭ بېشىنى كېسىپ تاشلاپتۇ، — دېدى. ئەمىرنىڭ ئىچىدىن ئاھ ئۆرلىدى. ئۇ «سەئداننى ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى. ئەمىرخان بېرىپ سەئداننى ئېلىپ كەلدى. ئەمىر سەئدانغا بەك قاتتىق سۆزلەرنى قىلدى.

— ئەي مۇرۇۋۋەتسىز سەئدان، — دېدى كىياتالىپ، — تۇرنىڭ ياش جېنىغا رەھىم قىلماپسەن.

سەئدان بۇ ئىشتىن مېنىڭ خەۋىرىم يوق، دەپ قەسەم قىلدى. فەرىدۇننى چاقىرىپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن تۇرنىڭ بېشىنى كىمنىڭ كەسكەنلىكىنى سورىدى.

— شەھرىيار، — دېدى فەرىدۇن — بۇنى مەن بىلمەيمەن، لېكىن بۇ ئىشنى سەئدان قىلمىدى.

ئۇنىڭدىن شىرۋان شاھنىڭ ئەھۋالىنى سوراشتى. «قارىغاندا ھىرمان زېمىنىغا كەتكەن بولسا كېرەك» دېدى ئۇ. فەرىدۇننى مۇسۇلمان بولۇش دەۋەت قىلىشتى، فەرىدۇن ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. ئەتىسى سەھەردە سەئداننىڭ چېدىرىدىن كېچىدە سەئدان ئۇخلاپ ياتقاندا ئۇنىڭ بېشى كېسىلگەنلىكى توغرىسىدا غوۋغا كۆتۈرۈلدى. ئەمىر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ئاھ ئۇردى، ئۇ مېھتەرى نەسىمنى چاقىرتىپ ئۇنىڭدىن:

— ئەي كوناپۇرۇش، بۇ ئىشنى كىم قىلغاندۇ؟ — دەپ سورىدى.

— سېنىڭ بېشىڭ بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، — دېدى نەسىم، — ھەرقانچە قارىساممۇ ئادەم ئايىغىنىڭ ئىزى كۆرۈنمىدى. ئەمىرنىڭ بۇيرۇقى بويىچە تۇر بىلەن سەئداننىڭ جەسەتلىرى ساندۇققا سېلىپ قويۇلدى. نەۋفەل بۇيرۇققا بىنائەن ئالدىن يۈرەر قىسىملارنى ئېلىپ ھىرمان زېمىنىغا ئاتلاندى.

ئەمدى تۇر بەدمەست بىلەن سەئدان ھەققىدە بىرنەچچە ئېغىز سۆز ئاڭلاڭ. رىۋايەت

قىلغۇچى مۇنداق دەيدۇ: تۇر بەدمەست ئۇخلاپ ياتقىنىدا بېشى كېسىلدى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئۆزىنى بىر قەسىرنىڭ ئىچىدە كۆردى. خالللىرى قارا، لەۋلىرى چېقىقتەك دىلنى مەھلىيا قىلغۇچى بىر نازىنىن سەنەم ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى.

— ئەي نازىنىن، — دېدى تۇر، — سەن كىم، بۇ قەيەر، مېنى بۇ يەرگە كىم ئېلىپ كەلدى؟

— ئەي يىگىت، — دېدى قىز، — مەن ساڭا ئاشىقمەن. مېنى مېھرىجانسۇز، دەپ ئاتىشىدۇ، ئۆزۈم شىرخان شاھنىڭ قىزى، بۇ يەر شەھىرى ئەردەبىلدۇر. مېنىڭ بىر جادۇگەر تەربىيە ئانام بار، ئۇنىڭدىن ئىلتىماس قىلغان ئىدىم، سېنى سېھىر ئىلىم بىلەن، مېنىڭ ئۈچۈن بۇ بەرگە ئېلىپ كەلدى.

— مېنىڭ بىر رەقىبىم بار، — دېدى تۇر، — ئىسكەندەرنىڭ ئالدىدا سائادەت كۇرسىدا ئولتۇرىدۇ، ئىسمى سەئدان.

يەنە بىر كېچىسى قىز تەربىيە ئانىسىنى ئەۋەتىپ سەئدانىنى ئېلىپ كەلدى. مېھرىجانسۇزنىڭ بىر سىڭلىسى بار ئىدى، ئىسمىنى پۇرخەندە بانۇ، دەپ ئاتىشاتتى. پۇرخەندە بانۇنىڭ كۆزى سەئدانغا چۈشۈشى بىلەن ئۇنىڭغا ئاشىق بولدى. سەئدانمۇ ئۇنىڭغا شەيدا بولۇپ قالدى، ئەھۋال سورىدى، بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. شۇنداق قىلىپ پۇرخەندە بانۇ سەئداننى ئېلىپ ئۆزىنىڭ ئىمارىتىگە كەتتى ۋە ئۇلار مەي ئىچىش بىلەن مەشغۇل بولدى. كەچ بولدى، ئۇيقۇ بىساتىنى يايدى. سەئدان شەمشىرىنى پۇرخەندە بانۇ بىلەن ئۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قويۇپ ئۇيقۇغا كەتتى. تاڭ ئېتىپ كۈن چىقتى. تۇر بىلەن سەئدان ئۇيقۇدىن تۇردى. ئۇلار بىر - بىرىگە: «بىز بېرىپ خىسراۋخان ئەردەبىلنى ئىتائەت قىلدۇرۇشىمىز كېرەك» دېيىشتى ۋە قوراللىنىپ يولغا چىقتى. ئۇلار بارگاھقا كىلىپ بېشىغا تاج كىيىپ تەخت ئۈستىدە ئولتۇرغان پادشاھنى كۆردى. تۇر بىلەن سەئدان شەمشەرلىرىنى يالىڭاچلاپ:

— ئەي پادشاھ، بۇ باتىل يولدىن قايتىپ، تەڭداشسىز بىر خۇداغا ئېتىقاد قىلىشىڭ كېرەك، — دېدى. بۇ سۆز پادشاھنىڭ غورۇرىغا تەگدى ۋە:

— تۇتۇڭلار، — دەپ توۋلىدى. بىرنەچچە ئادەم يۈگۈرۈشۈپ كەلگەن ئىدى، تۇر بىلەن سەئدان ئۇلارنى چاپاپ تاشلىدى. سەئدان خۇسرەۋخاننىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ يەرگە ئۇردى ۋە خەنجىرىنى سۇغۇرۇۋېلىپ، ئۇنىڭ بېشىنى كەسمەكچى بولغان ئىدى، ئۆلۈشكە كۆزى يەتكەن خۇسرەۋخان دەرھال مۇسۇلمان بولدى ھەمدە شەھەردە يەتتە كېچە - كۈندۈز ئەينەك باغلاپ (ئېلان چىقىرىپ) جار سالدى. خۇسرەۋخان ئۆزىنىڭ ئىككى قىزىنى — جاھانسۇزنى تۇرغا، پۇرخەندە بانۇنى سەئدانغا نىكاھلاپ بەردى، ئۇلار مۇرادىغا يېتىشتى. بىرقانچە كۈندىن كېيىن تۇر بىلەن سەئدان خۇسرەۋخانغا:

— ئەي خۇسرەۋخان، بىز ئەمدى ئۆز باشچىمىز ئىسكەندەرنىڭ يېنىغا قايتايلى، — دېدى. خۇسرەۋخان لەشكەرلىرىنىڭ سانىنى ئالدى ۋە قىرىق مىڭ ئادەم بىلەن ئەمىرنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن يولغا ئاتلاندى. بۇنىڭ داۋامىنى يەنە سۆزلەيمىز.

# «ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق» (ھەقىقەت ئىشىكى) داستانىنىڭ شېئىرىي تەرجىمىسىگە ئىلاۋە

## روزى سايىت

14 باب ، 484 مىسرالىق (ئۇنىڭغا كېيىن باشقىلار تەرىپىدىن ئىلاۋە قىلىنغان 3 پارچە شېئىرنى قوشقاندا جەمئىي 512 مىسرا ) زور شېئىرىي ئەسەر «ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق » (ھەقىقەت ئىشىكى ) ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇھىم يازما يادىكارلىقلارنىڭ بىرى .

«ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق » (ھەقىقەت ئىشىكى ) نىڭ مۇئەللىپى ئەھمەد مەھمۇد ئۆز ئىسمىنىڭ ئەھمەد ئىكەنلىكىنىلا قەيت قىلغاندىن باشقا مەلۇمات قالدۇرمىغان . ئەمما ، بۈيۈك ئەمىر ئارسلان خوجا تارقان بۇ كىتاب ئاخىرىغا ئىلاۋە قىلىپ يازغان شېئىردا :

«ئەدىبنىڭ يەرى ئاتى يۈكنەك ئېرۇر ، ئاتاسى ئاتى مەھمۇد يۈكنەكى ،
سەفالىغ ئەجەب يەر كۆگۈللەر يارۇر . ئەدىب مەھمۇد ئوغلى يوق ئول ھېچ شەكى»

تەرجىمىسى :
ئەدىب يۇرتى نامىنى يۈكنەك ئاتار ، دادىسىنىڭ ئىسمى مەھمۇد يۈكنەكى ،
ئۇ زەپ ساپ ھاۋا جاي ، كۆڭۈل يايرىتار . ئەدىب مەھمۇد ئوغلى ، بۇنىڭ يوق شېكى .

دەپ ئەسكەرتسە ، ئىسمى نامەلۇم يەنە بىرسى ئىلاۋە قىلغان شېئىردا :

«تۇغا كۆرمەز ئەدى ئەدىبنىڭ كۆزى... »
تەرجىمىسى : ئىدى تۇغما كۆرمەس ئەدىبنىڭ كۆزى...

دەپ چۈشەنچە بېرىلگەن .

يۇقىرىقى ئىلاۋىلەردىن شۇنى ئاساسلاشقا بولىدۇكى ، كىتاب ئاپتورىنىڭ ئىسمى ئەھمەد ، دادىسىنىڭ ئىسمى مەھمۇد ، يۇرتى يۈكنەك ، ئەدىب تۇغۇلۇشىدىنلا ئەما ، يەنى كۆزى كۆرەلمەيدىغان كىشى...

ئەدىب ئەخمەد يۈكنەكى داستانىنىڭ 14 ـ بابىدىكى 139 ـ كۇپلېتىدا :

ئاندىن ئۇش چىقاردىم بۇ تۈركى كىتاب ، بىتدىم بۇ تاڭسۇق تۈرەنى سۆزلەرىن ،
كەرەك قىل تاپ ئەي دوست ، كەرەك قىل ئىتاب . قالى بارسا ئۆزۈم ، سۆزۈم قالسۇ دەپ .

تەرجىمىسى :
شۇڭا تۈركىي تىلدا چىقاردىم كىتاب ، يېزىلدى ئۇ تەڭسىز گۈزەل سۆز بىلەن ،
قوبۇل قىل ، كېرەك ئەت ، ئەيىپ بولسا تاپ . كېتەرمەن ، سۆزۈمنى كۆرەر دەپ ئاتاپ .

دەپ يېزىش ئارقىلىق ئەسەرنىڭ تىلى «تەڭداشسىز . گۈزەل سۆز» ، «تۈركىي تىل» ئىكەنلىكىنى قەيت قىلسا ، بۈيۈك ئەمىر ئارسلان خوجا تارقاننىڭ ئىلاۋىسىدە :

تامامى ئەرۇر كاشغەرى تىل بىلە ، ئايتمىش ئەدىب رىققادى دىل بىلە .

تەرجىمىسى :
يېزىلغان ئەسەر قەشقەرى تىل بىلەن ، ئەدىب سۆزلىگەن بۇنى چىن دىل بىلەن .

دەپ كۆرسىتىلگەن . دېمەك ، بۇ يەردە دېيىلىۋاتقان «تۈركىي » ۋە «قەشقەرى » ئەمەلىيەتتە ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقەرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى » قامۇسىدا قەيت قىلىنغان «خاقانى تۈرك تىلى » بولۇپ ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ھەممىسى قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنى كۆرسىتىدۇ ، ئەلۋەتتە .

شۇنىڭدىن قىياس قىلىشقا بولىدۇكى ، گەرچە ئەسەر مۇئەللىپى «ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق » داستانىنى قاچان يېزىپ قالدۇرغانلىقى توغرىسىدا بىرەر مەلۇمات قالدۇرمىغان بولسىمۇ ، داستاندا ئىشلىتىلگەن قەدىمىي ئۇيغۇر تىلى بىلەن ئەينى دەۋردە يېڭىدىن شەكىللىنىۋاتقان چاغاتاي تىلى ئامىللىرىنىڭ ئارىلاش قوللىنىلغانلىقىغا قاراپ ، ئەسەرنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە (12 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرىدىن 13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرى ) يېزىلغانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ .

بىزگە مەلۇمكى ، «ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق» پەندى ـ نەسىھەت خاراكتېرىدىكى ئەسەر . ئۇنىڭ تۈزۈلمىسى ئەينى دەۋر ئىسلام ئەدەبىياتى ئۇسلۇبىدا بولۇپ ، باشتىكى تۆت باب تەڭرى ، پەيغەمبەر ۋە چاھارىيالارغا ھەمدۇسانا ، زامان شاھىغا مەدھىيە ئېيتماق بىلەن تۈگەللەنگەن . كىتابنىڭ 5 ـ بابىدا ئاپتور ئۆز كىتابىنى يېزىشتىكى مۇددىئاسىنى بايان قىلغان . قالغان توققۇز بابتا ئەدىب ئەھمەد ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي ، پەلسەپىۋى قاراشلىرىنى ئانا لەۋزى بولغان تۈركىي (قەشقەرى ) تىلىدا ئوبرازلىق ئىپادىلىگەن . ئۇ يېڭى پىكىر ، ئورۇنلۇق مۇلاھىزە ، كۈچلۈك قايىل قىلارلىق مەنتىقە ، ئوبرازلىق تەپەككۇر ، شۇنداقلا باي تەسەۋۋۇر شەكىللىرىنى جايىدا ، ئۇستىلىق بىلەن قوللىنىپ ، كىشىلەرنى بىلىم ئىگىلەشكە ، تىلىنى تىزگىنلەش ، گۈزەل سۆزلۈك بولۇشقا ، مەردلىك ، كەمتەرلىك ، ئادىلىققا دالالەت قىلىپلا قالماي يەنە بىلىمسىزلىككە ، جاھىللىققا ، پىخسىق ، ئاچكۆزلۈككە ۋە تەكەببۇرلۇققا نەپرەتلىنىشكە چاقىرىدۇ .

«ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق » داستانى 1980 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن خەمىت تۆمۈر ، تۇرسۇن ئايۇپ قاتارلىق تىلشۇناسلارنىڭ نەشرگە تەييارلىشىدا كونا ئۇيغۇر يېزىقىدا ترانسكرىپسىيىلەشتۈرۈلۈپ ، ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا نەسرىي شەكىلدە تەرجىمە قىلىنغان . مەن بۇ نەشر نۇسخىسىغا ئاساسەن ئەسەرنى نەزمىلەشتۈرۈپ ، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتىنىڭ ئىلمىي ژۇرنىلىدا (1981 ـ يىللىق 2 ـ سان ) ئېلان قىلغان ئىدىم . ئارىدىن يىگىرمە يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتتى . كۆرگەن ـ ئوقۇغانلىرىمنىڭ كۆپىيىشى ، ئۆگەنگەن ، بىلگەنلىرىمنىڭ يىگىرمە يىلنىڭ ئاۋۋالقىسىدىن تولۇقلىنىپ بېرىشى مېنى «ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق » تەرجىمىسىگە يەنە بىر قېتىم ئىشلەشكە ، ئەينى چاغدا يەڭگىللىك بىلەن ، قول ئۇچىدا كەتكۈزۈپ قويغانلىرىمنى تۈزۈتۈشكە تەقەززا قىلدى...

شۇ ۋەجىدىن ئەھمەد يۈكنەكىنىڭ بۇ نادىر داستانىنى ئارۇز ۋەزنىنىڭ مۇتەقارىب بەھرىگە لايىقلاشتۇرۇپ ، تىلنىڭ ئەينەنلىكى ۋە پىكىر ـ مۇلاھىزىلىرىنىڭ ئۆز ئەينىگە كاپالەتلىك قىلىش ئاساسىدا شېئىرىي يول بىلەن قايتا پىششىقلاپ چىقتىم . بۇرۇن خاتا كەتكۈزگەن ، مەزمۇنىدىن چەتنەپ كەتكەن سۆز ، مىسرالارنى سادىقلىق بىلەن تۈزەتتىم .

«ئەتەبەتۇل ـ ھەيىق » داستانى يېزىلىپ ھازىرغىچە سەككىز يۈز يىلدەك تارىخىي جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ ، ئاممىباپ ، چۈشىنىشلىك قىلىپ ئىپادىلىگەنلىكى ، پەلسەپىۋىلىكى ، مۇلاھىزىلەرنىڭ چوڭقۇرلۇقى ، مەنتىقىي خۇلاسىلەرنىڭ دەل جايىدا بولۇشى ۋە تەشبىھ ، مەجازىغا بايلىقى ، بەدىئىي جەھەتتىن كامالەتكە يەتكەنلىكى ... دەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ھېلىھەم ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ كەلگەنلىكىنى ، بۇ ئەسەرنى ئوقۇش ، تەتقىق قىلىشنىڭ ھازىرمۇ زۆرۈرلۈكىنى ئىنزاھلاش ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ .

ئەجدادلىرىمىزدىن قالغان تەۋەرۈك ئەدەبىي مىراسلارغا ئىلمىي تەرزدە ۋارىسلىق قىلىش ، تەتقىق ، تەدبىق قىلىش ھەربىر ۋىجدانلىق كىشىگە ، بولۇپمۇ ياشلارغا پەرز ۋە قەرز! تىل پەرقى تۈپەيلىدىن ، خېلى كۆپ ساندىكى ياش ۋە ئوتتۇرا ياشلىق بىلىم خۇمار ئىزدەنگۈچىلىرىمىز تەۋەرۈك مىراسلىرىمىزنىڭ بىرى بولغان مەزكۇر داستاندىن بەھرىلىنەلمەيۋاتقان ئەپسۇسلۇق ھالەتنى تۈگىتىش ، يەنە كېلىپ شېئىرىي ئەسەرلەرنى شېئىرىي يولدا ئوقۇپ بەھرىلىنىشنى كۆزدە تۇتۇپ قىلغان بۇ ئەجىرلىك مېھنىتىم زامانداشلىرىمنىڭ ۋە مەندىن كېيىن ئاپىرىدە بولىدىغانلارنىڭ نەزەرىگە مەنزۇر بولالىسا ، مەن رازى ۋە خۇشال .

ئەھمەد يۈكنەكى مەزكۇر داستانىنىڭ تۈگەنچىسىدە :

ئايا ، كېيىنكىلەر ، ئوقۇساڭ گەر بۇنى ، ساڭا ھەدىيە تەگدىشى يوق بۇ سۆز ،
ئۇنۇتماي ، دۇئايىڭدا يادلا مېنى . دۇئا ھەدىيە قىل ئۆزۈڭمۇ ، قېنى ؟ !

دەپ يازغان «كېيىنكىلەر» نىڭ بىرى بولۇش سۈپىتىم بىلەن ماڭا تەگدىشى يوق ئېسىل سۆز دۇردانىلىرىنى جەملەپ ، ھەدىيە قىلغان ساھىب قەلەم ئەھمەد مەھمۇد يۈكنەكىگە ئارزۇ ـ تەلىپى بويىچە بۇ ئەرزىمەس

شېئىرىي تەرجىمەمنى «دۇئا» سۆپىتىدە ھەدىيە قىلىۋاتقىنىمدا ، ئۆزۈممۇ مەندىن كېيىن كېلىدىغان يەنە بىر ئەۋلادقا :

بىلىم ئىشتىياقى ئىكەن چىن نىيەت ،
ئوقۇ ، بۇ كىتابتا تالاي تەربىيەت .
پەقىر روزى تىلماچ سېنى كۆزلىدى ،
ئەي كېيىنكى ئەۋلاد ، كامالىڭغا يەت !

دېمەك ، دەيدىغانلىرىمنى خاتىمىسىگە يەتكۈزىمەن .

قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى ۋە چاغاتاي ئەدەبىي (يېزىق) تىلىدىن بىلىدىغانلىرىمنىڭ چەكلىكلىكى ، بولۇپمۇ ئىخچام قەدىمىي شېئىرىي تىلنى ھازىرقى زامان لەۋزىگە مىسرا ، كۇپلېتلار بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ قىيىنلىقى تۈپەيلىدىن ، بەزى كەمچىلىك ، خاتالارغا يول قويغىنىمنى تەن ئالماي ئىلاجىم يوق .

## ھەقىقەت ئىشكى

## 1 . ئاللاھنىڭ مەدھىيىسى ھەققىدە

1 . ئىلاھا ئۆكۈش ھەمد ئايۇرمەن ساڭا ،
سەنىڭ رەھمەتىڭدىن ئۇمارمەن ئوڭا .

2 . سەنامۇ ئايۇغاي سەزا بۇ تىلىم ،
ئونارچا ئايايىن يارى بەر ماڭا .

3 . سەنىڭ بارلىقىڭقا تانۇقلۇق بەرۇر ،
جەماد جانۋار ئۇچغان يوگۇرگەن نەڭە .

4 . سەنىڭ بىرلىكىڭگە دەلىل ئارقاغان ،
بۇلۇر بىرنەڭ ئىچرە دەلىللەر مىڭە .

5 . يوق ئەردىم ياراتتىڭ يانا يوق قىلىپ ،
ئىكىنچ بار قىلۇرسەن ، مۇقىرمەن مۇڭا .

6 . ئايا شەك يولىندا يېلىگلى ئودۇن ،
كەل ئوتتىن ئوزۇڭ يۇل ئۆلۇمدىن ئوڭە .

7 . ياراتتى ئول ئۇغان تۇنۇڭ كۈندۈزۈڭ ،
ئۇدۇپ بىرى بىركە يورىر ئوڭ سوڭا .

8 . تۇنەتۇر تۇنۇڭنى كۈنۇڭ كېتەرىپ ،
تۇنۇڭ كېتەرىپ باز يارۇتۇر تاڭا .

9 . ئۆلۈگدىن تىرىگ ھەم تىرىگدىن ئۆلۈگ ،
چىقارۇر كۆرۈر سەن مۇنى كەد ئاڭ .

10 . بۇ قۇدرەت ئىدىسى ئۆلۈغ بىر بەيات ،
ئۆلۈگلەرنى تىرگۈزمەك ئاسان ئاڭ .

1 . تەڭرىم كۆپ مەدھىيە ئوقۇيمەن ساڭا ،
سېنىڭ رەھمىتىڭدىن قىلۇرمەن تاما .

2 . مەدھىڭگە يارارمۇ بۇ ئاجىز تىلىم ،
چامامچە قىلاي سۆز ، قۇۋۋەت بەر ماڭا .

3 . كى ئۇچقان . يۈگۈرگەن جىمى مەخلۇقات ،
سېنىڭ بارلىقىڭغا ئەمەسمۇ گۇۋا .

4 . سېنىڭ بىرلىكىڭگە دەلىل ئىستىگەن ،
بىر ئىشتىن تاپار مىڭ دەلىللەر مانا .

5 . ئىدىم يوق ياراتتىڭ ، يەنە يوق قىلىپ ،
بۆلەك بار ئېتەرسەن ، ئىقرارمەن ئاڭا .

6 . قېنى ، كەل ، گۇمانخور ، ئۆلۈشتىن بۇرۇن ،
ئۆزۈڭنى بۇ ئوتتىن ئادا قىل ـ ئادا .

7 . ياراتتى ئىگەم كېچە ـ كۈندۈزنى ، ئۇ
ماڭار ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ ماس ئاڭا .

8 . كېتەر كۈن ، كېلەر تۈن ئۇ گەر خالىسا ،
ئاتار تاڭ ، يوقار تۈن ، بىلىپ قوي يانا .

9 . ئۆلۈككە بېرىپ جان ، تىرىككە ئەجەل ،
بېغىشلار ئىگەم ، بىل ، ئىشەنگىن بۇڭا .

10 . بۇ قۇدرەت پەقەت بىر تەڭرى ئىلكىدە ،
ئۆلۈككە بېرىش جان ئاساندۇر ئاڭا .

## 2 . پەيغەمبەر مەدھىيىسى ھەققىدە

11 . ئەشىت ئەمدى قاچ سۆز ھەبىب فەزلىدىن ،
ئۇقۇش ھۇش يېتتىپ سۆزۈمنى ئاڭا .

11 . ھەبىب پەزلىدىن سۆز قىلاي ، ئىشت يانا ،
ئەقىل ـ ھوش بىلەن سال قۇلاق سەن ئاڭا .

12 . ئۇل خەلق تالۇسى كىشى قۇتلۇغى ،
تۆرۈتمىشتە يوق بىل ئاڭا تۇش تەڭە .

12 . ئۇ خەلق باشچىسى ھەم بەختلىك كىشى ،
تۆرەلمىشتە يوقتى باراۋەر بۇڭا .

13 . رەسۇللەر ئورۇك يۈز بۇ ئۇل يۈزكە كۆز ،
يا ئۇلار قىزىل ئەڭ بۇ ئەڭكە مەڭە .

13 . رەسۇللار كى ئاق يۈز ، ئۇ يۈزنىڭ كۆزى ،
قىزىل مەڭىز ئارا مەڭ ئەشۇ يۈز گويا .

14 . ئانىڭ ئۆگدىسىندىن تاتىر بۇ تىلىم .
ئانىڭ مەدھى بولسا شەكەر شەھد ئاڭا .

14 . ئۇنى ماختىسام تىل تاپار تەم ـ تېتىق ،
ئۇنىڭ مەدھى خۇددى شېكەر ، قەنت ماڭا .

15 . بۇ كۆن تەگسۇ مەندىن دۇرۇد ئۇل يارىن ،
ئەلىگ تۇتتاچىمقا ئەگرسە مۇڭا .

15 . چۈمۈلگەندە مۇڭغا قولۇمنى تۇتار ،
رەسۇلغا سالامىمنى ئېيتتىم مانا .

## 3 . تۆت سەھابە مەدھىيىسى ھەققىدە

16 . يەمە تۆرت ئەشىڭە ئىدۇرمەن سەلام ،
ئۇلاردىن ئۇسانماق قاچان ئۇل ماڭا .

16 . سالام ئېيتىمەن چاھار يارغا يەنا ،
ئۇلاردىن تېنىش ھېچقاچان يوق ماڭا .

17 . ئەتىق بىرلە فارۇق ئۇچۇنچ زىننۇرەين ،
ئەلى تۆرتىلەنچى ئۇل ئەرسىگ توڭا .

17 . ئابابەكرى ، ئوسمان ، يەنە ھەم ئۆمەر ،
بىرى قەھرىمان ئەر ـ ئەلى مۇرتىزا .

18 . كىم ئەرسە بۇ تۆرت ئىشكە بەد ئىتىقاد ،
تۇتار ئەرسە مىڭ لەئن ئىدۇرمەن ئاڭا .

18 . بۇ تۆت زاتقا كىم بولسا بەد ئېتىقاد ،
ھەممىشە ئوقۇيمەنكى «لەنەت!» ئاڭا .

19 . ئىلاھى كەچۈرگەن ئىدىمسەن كەچۈر ،
نەچە مە خاتالىغ قۇل ئەرسەم ساڭا .

19 . گۇناھكار قۇلۇڭمەن ، ئەپۇ قىل مېنى ،
خاتالىقلىرىمنى كەچۈر رەببىنا .

20 . ماڭا بولسا فەزلىڭ قۇتۇلدى ئۆزۈم ،
ئەگەر بولسا ئەدلىڭ قاتىغلىق ماڭا .

20 . ئەپۇڭغا ئېرىشسەم قۇتۇلدۇم ، ئەگەر ،
ئۇنىڭ ئەكسى بەرھەق پالاكەت ماڭا .

## 4 . بۆيۈك ئەمىر مۇھەممەد داد ئىسپەھسالار بەگ مەدھىيىسى ھەققىدە

21 . ئاڭا تىل تورۇت مەدە ئۆتۈنگىل قانى ،
مەن ئارتۇت قىلايىن شاھىمقا ئانى .

21 . ئەيا ، تىل ، مەدھىيە يارات ، سۇن قېنى ،
قىلاي سوۋغا ـ تارتۇق شاھىمغا بۇنى .

22 . شاھىم مەدھى بىرلە بەزەيىن كىتاب ،
ئوقىغلى كىشىنىڭ سەۋىنسۇن جانى .

22 . ئۇنىڭ مەدھى بىرلە كىتابنى بېزەي ،
ئوقۇغان كىشىنىڭ سۆيۈنسۇن جېنى .

23 . ئۆگۈ بىلمەز ئەركە ئۆگۈت ئۆگرەتۈر ،
ئانىڭ بىررۈ جۇدى بەدئى ئىھسانى .

23 . مەدە بىلمىسە كىم ئۆگەتكەي مەدە ،
ئۇنىڭ ياخشىلىق ، مەردلىكى ، ئېھسانى .

24 . ئۇل ئۇل ئەقل ئۇقۇش ھۇش خىرەدقە مەكان ،
بىلىگ مەئدىنى ھەم فەزىلەت كانى .

24 . ئۇ پەمئۇ پاراسەت ، ئېقىلغا ماكان ،
بىلىم مەئدىنى ئۇ ، پەزىلەت كېنى .

25 . سىماكتىن ئەدىزرەك تۇتار ھىممەت ئۇل ،
سەخاسى مەكارىم ئىكى دەرمانى .

25 . ئۇ ھىممەتنى تۇتقاي سىماك① تىن ئېگىز ،
ساخاۋەت ، كەرىمدۇر ئۇنىڭ قوش جېنى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

26 . رەئىييەتقا مۇشفىق سەلىم ـ ھەلىم ،
ۋە لېكىن بۇشاردا شەرا ئارسلانى .

26 . ئۇ لىللا ، ھەلىم② ، شەپقىتى بىھېساب ،
غەزەپلەنسە قەھرى شەرا ئارسلىنى③ .

27 . سەلابەت ئىچىندە ئۇمەر تەگ ئەرىپ ،
سەخاۋەت سەماھەت تۇتار ئوسمانى .

27 . ئۇ ئوخشار ئۆمەرگە شىجائەتتە ، ھەم
ئۇ ئوسمان سۈپەتلىك ئىرۇر مەرد ـ غېنى .

28 . تەتىكلىكتە كەندۇ ئاياستىن ئۆزۈپ ،
داد ئىنساف تۇتارچىن ئانۇشىرۋانى .

28 . زېرەكلىكتە چۈشسە ئاياسنى بېسىپ ،
كى ئىنسابى قىلدى نۇشىرۋان ئۇنى .

29 . ئانىڭ باخشىشىندىن بۇلىت ئۇۋتانۇر ،
بۇ سۆزنى بۇتۇن چىن تۇتار دۇشمەنى .

29 . ئۇنىڭ ئالدىدا زەپ خىجىلدۇر بۇلۇت ،
دېگەي راست ، بۇ سۆزنى ئۇنىڭ دۈشمىنى .

30 . ئايا شاھىم ئەردەملەرىن ساناغان ،
سانارمۇ ئەدىز قۇم ئۇشاق تاش سانى .

30 . ئۇنىڭ ياخشىلىق پەزلى كۆپ ، بىساناق ،
ھېسابىغا يەتمەس شېغىل ، قۇم دېنى .

31 . سىياسەت رىياسەت قىياسەت كەرەم ،
زىيادەت ئۇلا ئەدل ئىشىت ئۇق مۇنى .

31 . سىياسەت ، رىياسەت ، قىياسەت ، كەرەم ،
يەنە قوش بۇنىڭغا ئەدلىنى قېنى .

32 . يەمە مەجد مۇرۇۋۋەت فۇتۇۋۋەت ئۇغان ،
ئاتا قىلدى شاھىمقا بۇ جۇملەنى .

32 . رەھىم ، پەزلى ، ئىنسانى مەردلىك ، شەرەپ ،
ئۇ شاھقا خۇدا قىلدى يار ھەممىنى .

33 . ئۆكۈش ئاز دەپ ئايماز پەزىرلەر تەگىز ،
بۇلىت ھەدىيە قىلسا ئۇشاق قەترەنى .

33 . قوبۇللار دېگىز ئاز دېمەي ، كۆپ دېمەي ،
بۇلۇت قىلسا ھەدىيە تېمىم قەترىنى .

34 . تەگىزدىن كەرىمرەك شاھىم مىڭ قاتا ،
قابۇل قىلسا تاڭ يوق بۇ ئاز ھەدبەنى .

34 . دېڭىز كۆڭۈل ، كۆكسى پادىشاھ
ئەجەبمەس قوبۇل قىلسا بۇ ھەدىيىنى .

## 5 . كىتابنىڭ يېزىلىشى ھەققىدە

35 . داد ئىسپەھسالار بەگ ئۈچۈن بۇ كىتاب ،
چىقاردىم ئاژۇندا ئاتى قالسۇ دەپ .

35 . داد ئىسپەھسالار بەگ ئۈچۈن بۇ كىتاب ،
يېزىلدى جاھاندا ئېتى قالسا دەپ .

36 . كىتابىمنى كۆرگەن ، ئەشتگەن كىشى ،
شاھىمنى دۇئا بىرلە ياد قىلسۇ دەپ .

36 . كىتابىمنى كۆرگەن ۋە ئىشتكەن كىشى ،
شاھىمنى دۇئا بىرلە قىلسا دەپ .

37 . ئانىڭ سۇددى بىرلە كۆڭۈللەر تولۇپ ،
ئانىڭ يادى بىرلە ئاژۇن تولسۇ دەپ .

37 . ئۇنىڭ مېھرى ـ شادىغا دىللار قېنىپ ،
ئۇنىڭ يادى بىرلە جاھان تولسا دەپ .

38 . كىدىنكى كەلىگلى كىشلەر ئارا ،
ئانىڭ زىكرى تاڭسۇق ئەدىز بولسۇ دەپ .

38 . كېيىنكى تۆرەلمىش كىشلەر ئارا ،
ئۇنىڭ زىكرى چەكسىز بۈيۈك بولسا دەپ .

39 . بەزەدىم كىتابنى نەۋادىر سۆزۈن ،
باقىغلى ئوقىغلى ئاسىغ ئالسۇ دەپ .

39 . بېزەلدى كىتابىم ئېسىل سۆز بىلەن ،
ئۇنى ئوقۇغان نەپ ، بەھر ئالسا دەپ .

40 . بۆلەك ئىددىم ئانى شاھىمقا مەن ئوك ،
ھەۋادارلىقىمنى تۇكەل بىلسۇ دەپ .

40 . قىلىپ شاھقا سوۋغا ئەۋەتتىم ئۇنى ،
ھاۋادارلىقىمنى تۆگەل بىلسە دەپ .

www.uyghurkitap.com

# 6 . بىلىمنىڭ پايدىسى ۋە بىلىمسىزلىكنىڭ زىيىنى ھەققىدە

41 . بىلىگدىن ئۇرۇرمەن سۆزۈمگە ئۇلا ،
بىلىگلىگكە يا دوست ئۆزۈڭنى ئۇلا .
بىلىگ بىرلە بۇلنۇر سەئادەت يولى ،
بىلىگ بىل سەئادەت يولىنى بۇلا .

42 . بەھالىغ دىنار ئول بىلىگلىگ كىشى ،
بۇ جاھىل بىلىگسىز باھاسىز بېشى .
بىلىگلىگ بىلىگسىز قاچان تەڭ بولۇر ،
بىلىگلىگ تىشى ئەر ، جاھىل ئەر تىشى .

43 . سۈڭەككە يىلىگ تەگ ئەرەنكە بىلىگ ،
ئەرەن كۆركى ئەقل ئول سۈڭەكنىڭ يىلىگ .
بىلىگسىز يىلىگسىز سۈڭەك تەگ ھالى ،
يىلىگسىز سۈڭەككە سۇنۇلماز ئەلىگ .

44 . بىلىگ بىلدى ، بولدى ئەرەن بەلگۈلۈگ ،
بىلىگسىز تىرىگلە يىتۈك كۆرگۈلۈگ .
بىلىگلىگ ئەر ئۆلدى ئاتى ئۆلمەدى ،
بىلىگسىز تىرىگ ئەركەن ئاتى ئۆلۈگ .

45 . بىلىگلىگ بىرىگە بىلىگسىز مىڭىن ،
تەڭەگلى تەڭەدى بىلىگنىڭ تەڭىن .
باقا كۆرگىل ئەمدى ئۇقا سىنايۇ ،
نە نەڭ بار بىلىگ تەگ ئاسىغلىغ ئۆڭىن .

46 . بىلىگ بىرلە ئالىم يوقار يوقلادى ،
بىلىگسىزلىك ئەرنى چۆكەردى قودى .
بىلىگ يىند ئۇسانما بىل ئول ھەق رەسۇل ،
بىلىگ چىندە ئەرسە سىز ئارقاڭ دەدى .

47 . بىلىگلىگ بىلىگنى ئەدەرگەن بۇلۇر ،
بىلىگ تاتغىن ئاي دوست بىلىگلىگ بىلۇر .
بىلىگ بىلدۇرۇر بىل بىلىگ قەدرىنى ،
بىلىگنى بىلىگسىز ئۇتۇن نە قىلۇر .

48 . بىلىگسىزكە ھەق سۆز تاتىغسىز ئەرۇر ،
ئاڭار پەند نەسىھەت ئاسىغسىز ئەرۇر .
نە تۇرلۇگ ئارىغسىز ئەرىر يۇماقىن ،
جاھىل يۇپ ئارىماز ئارىغسىز ئەرۇر .

49 . بىلىگلىگ كىشى كۆر بىلۇر ئىش ئۇدىن ،
بىلىپ ئىتەر ئىشنى ئۆكۈنمەز كىدىن .
قامۇغ تۇرلۇگ ئىشتە بىلىگسىز ئوڭى ،
ئۆكۈنچ ئول ئاڭار يوق ئوك ئاندا ئادىن .

41 . بىلىمدىن سالاي دوست ، سۆزۈم ھۇلىنى ،
تۇتۇپ ماڭ بىلىملىك كىشى قولىنى .
ئېچىلغاي بىلىمدە سائادەت يولى .
بىلىم ئالكى ، ئاچقىن بەخت يولىنى .

42 . باھالىغ دىناردۇر بىلىملىك كىشى ،
بىلىمسىز نادانىڭ باھاسىز بېشى .
بىلىملىك ، بىلىمسىز قاچان بولدى تەڭ ،
بىلىملىك ئايال ئەر ، نادان ئەر چىشى .

43 . سۆڭەككە يىلىك تەگ ، ئوغۇلغا بىلىم ،
(ئەقىل كۆركى ئەرنىڭ ، سۆڭەكنىڭ يىلىك .)
مىسالى بىلىمسىز يىلىكسىز سۆڭەك ،
يىلىكسىز سۆڭەككە سۇنۇلماس ئىلىك .

44 . بىلىمدە بولۇر ئەر تونۇش ـ بەلگۈلۈك ،
بىلىمسىز تىرىكلەر قالار كۆمۈلۈپ .
بىلىملىك ئەر ئۆلسە ئېتى ئۆلمىگەي ،
بىلىمسىز تىرىكلەر تىرىكلا ئۆلۈك !

45 . مىڭ نادان ـ بىلىمەسنى بىر بىلگەن يېڭەر ،
بىلىمنىڭ سالمىقى شۇندىن بىلىنەر .
نەزەر سال ، سىناپ كۆر ، قېنى پايقىغىن ،
بىلىمدەك مەنپەئەتلىك بارمىكىن ئەي ئەر!

46 . بىلىمدۇر ئالىمنى ئەزىز ئەيلىگەن ،
«يەر » بولدى ئەقىلسىز ، بىلىم بىلمىگەن .
بىلىم ئىزدە زېرىكمەي ، ئۇگەن ، ھەق رەسۇل :
«بىلىم چىندا بولسۇن ئىزدەڭلار » دېگەن .

47 . كىشى ئىزدىنىشتە بىلىملىك بولۇر ،
ئۇنىڭ تەمىنى ھەم بىلىملىك بىلۇر .
بىلىم بىلدۇرەر ، بىل ، بىلىم قەدرىنى ،
بىلىم بىلمىگەن گول ئۇنى نە قىلۇر ؟

48 . بىلىمسىزگە ھەق سۆز تېتىمسىز ئېرۇر ،
ئاڭا پەند ـ نەسىھەت يېقىمسىز ئېرۇر .
يۇساڭ قانچە كىر بولسا ئۇ پاكلىنار ،
نادانلىق يۇيۇپمۇ ئېرىغسىز ئېرۇر .

49 . بىلىملىك كىشى ئىشتا پەيتىنى تۇتار ،
شۇڭا ھېچ ئۆكۈنمەس ، ئىشىدا ئۇتار .
بىلىمسىز پۇشايماندا ، ئوڭماس ئىشى ،
شۇ قىسمەتتە دائىم ئەلەم ـ دەرد يۇتار .

50 . بىلگىلىگ كەرەكلىگ سۆزۈگ سۆزلەيۈر ،
كەرەكسىز سۆزىنى كۆمۈپ كىزلەيۈر .
بىلگىسىز نە ئايسا ئيۈر ئۇقمادىن ،
ئانىن ئۆز تىلى ئۆز باشىنى يەيۈر .

50 . بىلىملىك بىلىپ ، جايىدا سۆزلىگەي ،
كېرەكسىز سۆزىنى كۆمۈپ تۈزلىگەي .
بىلىمسىز چۈشەنمەي ۋالاقشىۋېرىپ ،
ئۆزىنىڭ تىلى ئۆز بېشىنى يېگەي .

51 . بىلىگ بىرلە بىلىنۈر تۆرۈتگەن ئىدى ،
بىلگىسىزلىك ئىچرە قانى خەيىر يەدى .
بىلىگ بىلمەگەندىن بىر ئانچا بودۇن ،
ئۆز ئەلگىن بۈت ئەتىپ ئىدىم بۇ دەدى .

51 . بىلىم بىزگە ھەقنى تونۇتقان ئىدى .
بىلىمسىزلىك ئىچرە خەير بارمىدى ؟
بىلىم بىلمىگەچكە تالاي ئەل ـ خەلق ،
ئۆزى بۈتنى ياساپ «ئىگەم شۇ» دېدى .

52 . بىلگىلىگ سۆزى پەند . نەسىھەت ، ئەدەب ،
بىلگىلىگنى ئۆگدى ئەجەم ھەم ئەرەب .
تاۋارسىزقا بىلگى تۈكەنمەز تاۋار ،
نەسەبسىزقا بىلگى يىرىلمەز نەسەب .

52 . بىلىملىك سۆزى پەند ـ نەسىھەت ، ئەدەب ،
بىلىملىكنى ماختار ئەجەم ھەم ئەرەب .
مۈلۈكسىزگە پۈتمەس مۈلۈكتۇر بىلىم ،
نەسەبسىزگە بولسا ئۈزۈلمەس نەسەب.

## 7 . تىلنى تىزگىنلەش ھەققىدە

53 . ئەشىتگىل بىلگىلىگ نەگۈ دەپ ئايۈر ،
ئەدەبلەر باشى تىل كۈدەزمەك دىيۈر .
تىلىڭ بەكتە تۇتغىل تىشىڭ سىنماسۇن ،
قالى چىقسا بەكتىن تىشىڭنى سىيۈر .

53 . قۇلاق سال بىلىملىك سۆزىگە ، ئۇلار
دېگەن «تىلنى يىغماق پەزىلەت بولار» .
قاماپ تۇت تىلىڭنى ، چىشىڭ سۇنمىسۇن ،
بوشاڭ تىل چىشىڭنى چاقار ـ سۇندۇرار .

54 . سانىپ سۆزلەگەن ئەر سۆزى سۆز ساغى ،
ئۆكۈش ياڭشاغان تىل ئۇنۇلماز ياغى .
سۆزۈڭ باشلاغ ئىدما يىغا تۇت تىلىڭ ،
يەتەر باشقا بىر كۈن بۇ تىل بوشلاغى .

54 . ساناپ سۆزلىگەننىڭ سۆزىدە گۆھەر ،
مەمەدان تىل ياۋ ، ئەكەلگەي خەتەر .
يىغىپ تۇت تىلىڭنى ، ئوشۇق سۆزلىمە ،
چىقار باشقا ، بولسا تىلىڭ بوش ئەگەر .

55 . خىرەدلىغمۇ بولۇر تىلى بوش كىشى ،
تەلىم باشنى يەدى بۇ سۆز تىل بوشى .
ئۆچۈكتۈرمە ئەرنى تىلىن بىل بۇ تىل ،
باشىقتۇرسا بۈتمەز بۈتەر ئوق باشى .

55 . ئەقىللىق سانالماس تىلى بوش كىشى ،
تالاي باشقا چىقتى ئېغىز ـ تىل بوشى .
كى ئوق تەگسە زەخمە ساقايغاي ، بىراق
ساقايمايدۇ تىلنىڭ ئازار ـ رەنجىشى .

56 . سەفىھ ئەر تىلى ئۆز باشى دۈشمەنى ،
تىلىندىن تۆكۈلدى تەلىم ئەر قانى .
ئۆكۈش سۆزلەگەندە ئۆكۈنگەن تەلىم ،
تىلىن بىكلەگەندە ئۆكۈنمىش قانى .

56 . نادان تىل ئېرۇر نەقلا باش دۈشمىنى ،
تىلىدىن كېتىپ ، ئاقتى كۆپىنىڭ قېنى .
گېپى جىقلىقىدىن ئۆكۈنگەن تالاي ،
تىلىنى يىغىشتىن ئۆكۈنگەن قېنى ؟

57 . نە كىم كەلسە ئەركە تىلىندىن كەلۈر ،
تىلىندىن كىم ئەدگۈ كىم ئىسىز بولۇر .
ئەشىت بۈت بۇ سۆزكە قامۇغ تاڭدا تەن ،
تۇرۇپ تىلكە يۈكنۈپ تەزەررۇ قىلۇر .

57 . جېمى ئىش كىشىگە تىلىدىن كېلۇر ،
«يامان ـ ياخشى» نى ئەل تىلىڭدىن بىلۇر .
ئىشىت ، پۈت بۇ سۆزگە : تۇرۇپ تاڭدا تەن ،
يۈكۈنۈپ تىلىڭغا ئىلتىجا قىلۇر .

58 . ئىكى نەڭ بىرىكسە بىر ئەردە قالى ،
بۈكەندى ئول ئەركە مۇرۇۋۋەت يولى .
بىر ئول ياڭشار ئەرسە كېرەكسىز سۆزۈگ ،
ئىكىنچ يالغان ئەرسە ئول ئەرنىڭ تىلى .

58 . بىراۋدا بۇ جۈپ ئىش بىرىكسە ، غۇلى
ئېتىلگەي ئۇنىڭغا مۇرۇۋۋەت يولى .
بىرىكى زىيادە قۇرۇق گەپ قىلىش ،
يەنە بىرسى يالغانچى بولسا تىلى .

www.uyghurkitap.com

59 . تىلى يالغان ئەردىن يىراق تۇر تەزە ،
كەچۇرسەن مە ئۇمرۇڭ كونىلىك ئۆزە .
ئاغىز تىل بەزەكى كونى سۆز تۇرۇر ،
كونى سۆزلە سۆزنى تىلىڭنى بەزە .

60 . كۇدەزگىل تىلىڭنى كەل ئاز قىل سۆزۈڭ ،
كۇدەزىلسە بۇ تىل كۇدەزلۇر ئۆزۈڭ .
رەسۇل ئەرنى ئۇتقا يۇزىن ئاتغۇچى ،
تىل ئول دەدى يىغ يۇل ئوتتىن يۇزۇڭ .

61 . كونى سۆز ئەسەل تەگ بۇ يالغان بەسەل ،
بەسەل يەپ ئاچىتما ئاغىز يە ئەسەل .
بۇ يالغان سۆز ئىگ تەگ كونى سۆز شىفا ،
بۇ بىر سۆز ئوزاقى ئۇرۇلمىش مەسەل .

62 . كونى بول كونىلىك قىل ئاتان كونى ،
كونى دەيۇ بىلسۇن كىشىلەر سىنى .
كونىلىك تونىن كەد قودۇپ ئەگرىلىك ،
كەدىم تون تالۇسى كونىلىك تونى .

63 . قاتىغ كىزلە رازىك كىشى بىلمەسۇن ،
سوزۇڭدىن ئوزۇڭكە ئوكۇنچ كەلمەسۇن .
قامۇغ ياشرۇ ئىشىك بولۇپ ئاشكارا ،
بۇ كورگەن ئەشتگەن ساڭا كۇلمەسۇن .

64 . ئىشىم دەپ ئىنانىپ سىر ئايما ساقىن ،
نەچە مە ئىنانچىلىغ ئىش ئەرسە ياقىن .
سەرىپ سىندە رازىڭ سىڭىپ تۇرماسا ،
سەرەرمۇ ئىشىڭدە مۇنى كەد ساقىن .

59 . كى يالغانچىدىن تەز ئاراڭنى ئۈزۈپ ،
ياشا راست لەۋزىدە ئۆمۈر ئۆتكۈزۈپ .
بىزەكتۇر ئېغىز – تىل ئۈچۈن راست لەۋز ،
دېگىن راستنى سۆزلە گېپىڭنى تۈزۈپ .

60 . تىلىڭنى بوشاتما ، ئازايسۇن سۆزۈڭ ،
ئۇ تىزگىندە بولسا ئامان سەن ئۆزۈڭ .
رەسۇل : «ئەر يۈزىنى ئاتار ئوتقا تىل »
دېگەن ، تىلنى يىغ ، كۆيمىسۇن بۇ يۈزۈڭ .

61 . راست لەۋز ھەسەلدۇر ، پىياز جاسى سەل ،
پىياز يەپ پۇراتما ئېغىز ، يە ھەسەل .
«راست سۆزۈڭ شىپادۇر ، يالغىنى كېسەل »
بۇ بىر سۆز ئۇزاقتىن دېيىلمىش مەسەل .

62 . راستچىل بول راست ئىش قىل ، ئاتان راست كىشى ،
راستكۆي دەپ بىلىشسۇن كىشىلەر سېنى .
راستلىقتىن كىيىپ تون ، ئەگرىلىكنى قوي ،
كىيىمنىڭ ياخشىسى راستچىللىق تونى .

63 . ساقلا چىك سىرىڭنى ، كىشى بىلمىسۇن ،
سۆزۈڭدىن پۇشايمان ، ئەلەم كەلمىسۇن .
جىمى مەخپىيەتلەر بولۇپ ئاشكارا ،
ئۇقۇپ ، ئاڭلىغانلار كۈلۈپ يۈرمىسۇن .

64 . يېقىن ، ئەڭ ئىشەنچلىك كۆرۈنسۇن ياران ،
سىرىڭنى دېيىشتىن ھەزەر قىل ، ساقلان .
ئۆزۈڭ ساقلىيالماي دەۋەتكەننى ، بىل ،
شۇ دوست ساقلىغايمۇ ، ياخشىراق ئويلان!

## 8 . دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشى ھەققىدە

65 . بۇ ئاژۇن رىبات ئول تۇشۇپ كۆچگۇلۇگ ،
رىباتقا تۇشۇگلى تۇشەر كەچگۇلۇگ .
ئوك ئارقىش ئۇزادى قوپۇپ يول تۇتۇپ ،
ئوڭى قوپمىش ئارقىش نەچە كىچگۇلۇگ .

66 . بۇ دۇنيا سوڭىدا يۇگۇرمەك نەچە ،
خەسىس نەڭدىن ئوترۇ دەپ ئۆزۈڭ كۇچە .
نەلۇك مالقا مۇنچە كۆڭۈل باماقىڭ ،
بۇ مال كەلسە ئەرتە بارۇر باز كەچە .

67 . كۆڭۈلدىن چىقارغىل تاۋا سۇقلۇقىن ،
كەدىم بىرلە تاپ تۇت قارىن توقلۇقىن .
چىغايلىق يارىنلىق ئازۇق يوقلۇقى ،
چىغايلىق دەپ ئايما تاۋار يوقلۇقىن .

65 . بۇ ئالەم سارايدۇر چۈشۈپ ئۆتكىلى ،
سارايغا چۈشەرمىز قونۇپ كەتكىلى .
ئۇزاپتۇ ئۈنىڭ ئالدى يولدا ئەنە ،
دېمەك ، كەينى كارۋان يېتىشكەي ھېلى .

66 . دۇنيا شۇ ، كەينىدىن يۈرمىگىن ئانچە ،
پىخسىقلىق كويىدىن قاچماققا كۈچە .
نېچۈن مالغا مۇنچە كۆڭۈل بەرمىكىڭ ،
ئۇ كەلسە سەھەردە ، كېتەر كەچكىچە .

67 . ئېسىڭدىن چىقارغىن مۈلۈك شوخلىقىن ،
شۇ بەس ، ئويلا ئېگىنىڭ قورساق توقلىقىن .
پېقىرلىق شۇ ئەتەڭگە نان بولمىسا ،
دېمە كەمبەغەللىك مۈلۈك يوقلۇقىن .

68 . بۇ دۇنيا نەگىندىن يەگۈ كەدگۈلۈگ ،
ئال ئارتۇق تىلەمە ۋەبال يۈدگۈلۈگ .
تارىغلىق دەپ ئايمىش ئاژۇننى رەسۇل ،
تارىغلىقتا قاتلان تارى ئەتگۈلۈگ .

69 . بەقاسىز ئەرۈر بۇ ئاژۇن لەززەتى ،
كەچەر يىل كەچەر مەزە مۇددەتى .
يىگىت قوجا بولۇر ياگى ئەسكىرۈر ،
قاۋى ئەرسە قاملۇر قاچار قۇۋۋەتى .

70 . بۇكۈن بار يارىن يوق بۇ دۇنيا نەگى ،
مەنىڭ دەمىشىڭ نەڭ ئادىنلار ئوگى .
قامۇغ تولغان ئىرلۇر تۇكەل ئەكسىيۈر ،
قامۇغ ئابادانىڭ خەراب ئول سوگى .

71 . نەچە يەر بار ئەردى سىغىشماز ئەرى ،
ئەرى باردى قالدى قۇرۇغ تەك يەرى .
نەچە ئالىم ئەردى نەچە فەيلەسۇف ،
قانى بۇ كۈن ئولار مىڭىندە بىرى .

72 . ئاژۇن كۆلچىرەر باز ئالىن قاش چاتار .،
بىر ئەلگىن تۇتۇپ شەھد بىرىن زەھر قاتار .
ئەسەل تاترۇپ ئىلكىن تاماق تاتتىپ ،
كىدىنرەك قەدەھقا سۇنۇپ زەھر قاتار .

73 . سۆچۈگ تاتتىڭ ئەرسە ئاچىغقا ئىنۇن ،
بىرىن كەلسە راھەت كەلۈر رەنج ئونۇن .
ئايا غەم قاتىغسىز سۇرۇر ئۈمغۇچى ،
بۇ ئاژۇن قاچان ئول ئۈمىنچقا ئورۇن .

74 . يىلان تەگ بۇ ئاژۇن يىلان ئوقلاغۇ ،
يوقاماقىقا يۇمشاق ئىچى پۇر ئاغۇ .
يىلان يۇمشاق ئەركەن ياۋۇز فىئل ئىتەر ،
يىراق تۇرغۇ يۇمشاق دەپ ئازىلماغۇ .

75 . بۇ ئاژۇن ما كۆرمەككە كۆركلۈگ تاشى ،
ۋە لېكىن ئىچىندە تۇمەن ناخوشى .
باقىپ تاش بەزەكىن كورۇپ سەن مۇڭا ،
كۆگۈل باماقىڭ بىل خەتالار باشى .

76 . نىقاب كۆترۈر ئاژۇن بىرەر يۈز ئاچار ،
بازار قول قۇچار تەگ يانا تەرك قاچار .
بايىنقى بۇلۇت تەگ يا تۈش تەگ ھالى ،
دىرەگسىز كەچەر بەخت يا قۇش تەگ ئۇچار .

68 . جاھان نەرسىسىدىن يېمەكلىك ، يانا
كىيىم ئال ، ئوشۇقنى تېلەش چوڭ گۇناھ .
«بۇ ئالەم ئېتىزلىق » دېگەنتى رەسۇل ،
تېرى ، ياخشىلىقچۇن «ئېتىز » نى چانا .

69 . تۇراقسىز بولۇر بۇ جاھان لەززىتى ،
شامالدەك ئۆتۈنىڭ تەم ـ تېتىق مۇددىتى .
قېرىيدۇ يىگىتلەر ، يېگى كونىرار ،
بولۇر قاۋۇل ئاجىز ، قېچىپ قۇۋۋىتى .

70 . بۈگۈن بارى ئەتە جاھاندىن يۈتەر ،
«مېنىڭ بۇ » دېسەڭ خەق قولىغا ئۆتەر .
تۈگەل نەرسە كەملەپ ، كۆپى ئاز قېلىپ ،
جېمى ئاباداتقا خارابلىق يېتەر .

71 . زېمىنلەر ئىدى بار تالاي ئەرلىرى ،
ئۇلار كەتتى ، بوش قالدى شۇ يەرلىرى .
ئىدى بار تالاي پەيلاسوف ، ئالىم ھەم ،
ئۇلارنىڭ بۈگۈن بارمۇ مىڭدىن بىرى ؟

72 . جاھان گاھ كۈلۈپ ، گاھ قاپاقنى تۈرەر ،
ئۇ قولىدا ھەسەل بار ، بۇ قولدا زەھەر .
تېتىتقاي ھەسەلنى ئېغىزغا بۇرۇن ،
كېيىن ئوغا قوشقان قەدەھنى بېرەر .

73 . تېتىپتىڭ چۈچۈك ئاچچىقىدىن بۇرۇن ،
مانا راھىتى بىر ، ئازار بىرگە ئون .
ئۈمىدكە قوشۇلماي ئاقاركەنغۇ غەم ،
قاچان بار جاھاندا ئۈمىدكە ئورۇن ؟

74 . يىلاندەك بۇ ئالەم ، ئۇنى ئورغۇلۇق ،
يوقاتماققا يۇمشاقۇ ، زەھىرى تولۇق .
شۇ يۇمشاق «يىلان» پەيلى ياۋۇز ، شۇڭا
يۇمشاق دەپ ئېزىقماي يىراق تۇرغۇلۇق .

75 . كۆرۈملۈك كۆرۈنگەي جاھانىنىڭ تېشى ،
بىراق بار ئىچىدە تۈمەن ناخۇشى .
بېقىپلا ئۇنىڭ شۇ بېزەك ـ سىرتىغا ،
كۆڭۈل بەرمىگىن ، بىل ، خاتالار بېشى .

76 . جاھان بەزى قايرىپ نىقاب ، يۈز ئاچار ،
يايار قول ، قۇچاقلار دېسەڭ «غىپ» قاچار .
بەخت خۇددى يازغى بۇلۇت ياكى چۈش ،
دېرەكسىز كېتەر ، يا ئۇ قۇشتەك ئۇچار .

www.uyghurkitap.com



# 9 . مەردلىك ۋە بېخىللىق توغرىسىدا

77 . ئايا دوست بىلگىلىگ ئىزىن ئىزلەگىل ،
قالى سۆزلەسەڭ سۆز بىلىپ سۆزلەگىل .
ئاقى ئەرنى ئۆگگىل ئۆگەر ئەرسە سەن ،
بەخىلقا قاتىغ يا ئوقۇن كەزلەگىل .

78 . قاموغ تىل ئاقى ئەر سەناسىن ئايۇر ،
ئاقىلىق قاموغ ئەيب كىرىنى يۇيۇر .
ئاقى بول ساڭا سۆز سۆكۈنچ كەلمەسۇن ،
سۆكۈنچ كەلگۈ يولنى ئاقىلىق تىيۇر .

79 . ئەگىلمەز كۆڭۈلنى ئاقى ئەر ئەگەر ،
تەگىلمەز مۇرادقا ئاقى ئەر تەگەر .
بەخىلىلقنى قانى ئۆگەر تىل قايۇ ،
ئاقىلىقنى ئام خاس تورۇ خەلق ئۆگەر .

80 . ئاقى ئەر بىلىگنى يەنە بىلدى كۆر ،
ئانىن ساتتى مالىن سەنا ئالدى كۆر .
تىرىلدى ئۆلامىسىز ئۆلامى بولۇپ ،
ئاژۇندا ئات ئەدگۈ قودۇپ باردى كۆر .

81 . بەخىل تەردى زەر سىم ھەرامدىن ئۆكۈش ،
ۋەبال كۆترۈ باردى ئۆزلە سۆكۈش .
ئۆلۈش بولدى مالى كىشىلەر ئارا ،
بەخىل ئالدى ئاندا ئۆكۈنچتىن ئۆلۈش .

82 . ئايا مال ئىدىسى ئاقى ئەدگۈ ئەر ،
بەيات بەردى ئەرسە ساڭا سەن مە بەر .
يىرىلگەن سۆكۈلگەن تەرىپ بەرمەگەن ،
تەرىپ بەرۈر ئەرسەڭ نەچە تەرسە تەر .

83 . تەبىئەتتا يىگى ئادەت ئەيبسۇزى ،
ئاقىلىق ئەرۈر بىل بەخىل كۆركسۈزى .
ئەلىگلەردە قاتلۇغ بەرىگلى ئەلىگ ،
ئالىپ بەرمەگەن ئول ئەلىگ قۇتسۇزى .

84 . بەخىلىلىق ئوتالاپ ئوكۇلماز ئىگ ئول ،
بەرىمدىن بەخىل ئەلگى كەد بەركلىگ ئول .
تەرىپ كۆڭلى تۇدماز كۆزى سۇق بەخىل ،
قۇل ئول مالقا مالى ئاڭا ئەركلىگ ئول .

85 . بۇ بۇدۇن تالۇسى ئاقى ئەر تۇرۇر ،
ئاقىلىق شەرەف جاھ جەمال ئارتۇرۇر .
سەۋىلمەك تىلەسەڭ كىشىلەر ئارا ،
ئاقى بول ئاقىلىق سەنى سەۋدۇرۇر .

77 . ئايا دوست ، بىلىملىك ئىزىن ئىزلىگىن ،
ئەگەر سۆزلىسەڭ سۆز بىلىپ سۆزلىگىن .
سېخىي ــ مەردنى ماختا ئەگەر ماختىساڭ ،
بېخىللارغا چېك يا ئوقى چەنلىگىن .

78 . جىمى تىل سېخىي مەردكە مەدھى ئېيتەر ،
سېخىيلىقتا ئەيىب كىر ــ غۇبارى يېتەر .
سېخىي بول ئاھانەت تىلى تەگمىسۇن ،
بۇ مەردلىك ئاھانەت يولىنى ئېتەر .

79 . ئېگىلمەس كۆڭۈللەرنى مەرد ئەگكۈسى ،
ۋە ھەممە مۇرادىغا مەرد يەتكۈسى .
قاچان ، نەدە ماختاش تېپتىپتۇ بېخىل ،
كى مەردكە ئامۇخاس چاۋاك ئەتكۈسى .

80 . سېخىي ــ مەرد بىلىمگە بىلىم قاتتى ، كۆر ،
سېتىپ مال بىلىم دەپ ، مەدھ تاپتى ، كۆر .
غېرىبقا تىلەكداش ياشاپ كەتسىمۇ ،
جاھاندا بەلەن نام قويۇپ كەتتى ، كۆر .

81 . بېخىللار ھارامدىن يىغىپ زەر ، كۆمۈش ،
كېتەرىدە كەتتى يۇدۇپ ، كۆر ، سۆكۈش .
مېلى بولدى تەقسىم بىراۋلارغا ، ئېست ،
پۇشايمان ، بېخىلغا شۇ بولدى ئۆلۈش .

82 . ئايا ، باي ــ مۇلۇكدار ، سېخى ، ياخشى ئەر ،
خۇدايىم بېرىپتۇ ساڭا ، سەنمۇ بەر .
كى ئەيىبى سۆكۈلگەي يىغىپ ، بەرمىسە ،
يىغىپ توپلا بىلسەڭ بېرىشنى ئەگەر .

83 . بۇ پەيلى تەبىئەتتە ئەڭ مەرد پەيىل ،
ئەيىبسىز ، بېخىللىق چىرىك ، بىمەيىل .
بېرەر قولغا قۇت يار جىمى قول ئارا ،
ئېلىپ ، بەرمىگەن قولغا قۇت نەدە ، بىل .

84 . بېخىللىق كېسەل ، يوق داۋاسى غۇلى ،
بېرىشكە بېخىلنىڭ يۇمۇق چېك قولى .
يىغىپ تويمىغاچ كۆڭلى ، يا ئاچكۆزى ،
خوجايىن ئاڭا مال ، ئۇ مالىنىڭ قولى .

85 . خەلق ئىچرە ياخشى كىشى مەرد ئېرۇر ،
بۇ مەردلىك شەرەپ ــ شان ، جامال ئارتتۇرۇر .
دېسەڭ يۈز ــ ئىناۋەت تاپاي ئەل ئارا ،
سېخىي بول ، ئۇ ئىززەت ــ ئىناۋەت بېرۇر .

86 . بەخىل ناكەس ئوتۇن تاۋار پاسبانى ،
يىغار يەمەز ئىچمەز تۇتار بەرك ئانى .
تاتۇرماز ئەسەنىندە تۇز دوستىڭا ،
ئۆلۈر قالۇر ئاخىر يەيۇر دۇشمەنى .

86 . بېخىل ھىممىتى يوق ، مېلىغا چاكار ،
يىغار ، يەپ ــ ئىچىشكە ئايار ، چىڭ تۇتار .
تېتىتماس تىرىك چاغدا تۇز دوستىغا ،
قالار ئۆلسە مالى ، يېگەي ياۋ بىكار .

## 10 . كەمتەرلىك ۋە تەكەببۇرلۇق ھەققىدە

87 . يانا بىر كەرەكلىگ سۆزۈم بار ساڭا ،
ئايايىن مەن ئانى قۇلاق تۇت ماڭا .
ئول ئول كىم تەكەببۇرنى يەردىن سالىپ ،
تەۋازۇنى بەرك تۇت ياپۇش كەد ئاڭا .

87 . يەنە بىر كېرەكلىك سۆزۈم بار ساڭا ،
ئۇنى دەي قۇلاقىڭنى بەرگىن ماڭا :
تەكەببۇركىبىرنى ئۇرۇپ يەرگە راست ،
ياشا كەمتېرىن ، چىڭ يېپىشقىن ئاڭا .

88 . تەكەببۇر قامۇغ تىلدە يىرلۇر قىلىق ،
قىلىقلاردا ئەدگۇ قىلىق قودقىلىق .
ئول ئەر كىم ئۇلۇغسىندى مەنمەن دەدى ،
ئەنى نە خەلايىق سەۋەر نە خالىق .

88 . كىبىر بارچە تىلدا ئەيىب ، بەد قىلىق ،
قىلىق ئەۋزىلى ھەممىدىن قۇتقىلىق④ .
كىمكى ئۆزىنى «ئۇلۇغ مەن!» دېسە ،
دېمەس ياخشى خالىق⑤ ، خالايىق ــ خەلق .

89 . قامۇغ قازغانىغلى ئاۋۇن مالىنى ،
يەيۇمەدى باردى كۆرۈڭ ھالىنى .
تىشىسى قالىپ بىر ئادىن ئەر بىلە ،
ئول ئاندا ياتىپان بەرۇر سانىنى .

89 . كۆچەپ توپلىغانلار جاھان مالىنى ،
يېيەلمەيلا كەتتى ، كۆرۈڭ ھالىنى .
ئايالى قېلىپ باشقا بىر ئەر بىلەن
يېتىپ بىللە ، بەردى ئاڭا سانىنى .

90 . تەكەببۇر لىباسىن كەدىپ تاپ سالىن ،
كەرىپ خەلققا كۆگزۈڭ تاپ ئۇسلان تىلىن..
مۇمىنلىق نىشانى تەۋازۇ ئەرۇر ،
ئەگەر مۇمىن ئەرسەڭ تەۋازۇ قىلىن .

90 . كىبىرنىڭ تونى بولسا ئۇستۇڭدە ، سال !
تىلىڭ يىغ ، غادايما تۇزەت بىھايال .
مۆمىنلىك نىشانى كەمتەرلىك ئېرۇر ،
گەر مۆمىن بولساڭ ، تاپ كەمتەرلىك ھال .

91 . تەۋازۇ قىلىغلىنى كۆترۇر ئىدى .
تەكەببۇر تۇتار ئەرنى كەمشۇر قودى .
ئۇلۇغسىنما زىنھار ئۇلۇغ بىر بەيات ،
ئۇلۇغلۇق مەنىڭ سىز ئالىنماڭ دەدى .

91 . خۇدا بولسا كەمتەر كۆتۈرگەن بىلەن ،
كىبىردارنى يەرگە چۆكۈرگەي ئىكەن .
«ئۇلۇغمەن! » دېمە ، ئەڭ ئۇلۇغ بىر ئېگەم :
ئۇلۇغلۇق مېنىڭ ، سىز تالاشماڭ ! دېگەن .

92 . تاۋار بىرلە ئەرسە ئۇلۇقسىندۇقۇڭ ،
ئۇلۇغلۇق تاپارۇ ئەلىگ سۇندۇقۇڭ .
تاۋار ئاسىغى نە ئول بارۇرسەن يالىڭ ،
قالۇر مۇندا كىدىن سەپەد ساندۇقۇڭ .

92 . تاۋار مالغا «چوڭ » سەن ، ئاشۇ بار يوقۇڭ ،
قول ــ ئىلكىڭدە بار . بىل . شۇلا ئارتۇقۇڭ .
مۇلۇك پايدا بەرمەس ، كېتەرسەن يالاڭ ،
قالۇر مۇندا ھەممە سېۋەت ، ساندۇقۇڭ .

93 . ئەگەر كىبىر ئىدىسى ئەسىل مەن دەسە ،
ئايايىن مەن ئانىڭ جەۋابىن كەسە .
ئاتا بىر ئانا بىر ئۇيالار بۇ خەلق ،
تەفاۋۇتلەرى يوق ئۆتە ئىرتەسە .

93 . كىبىر قىلغۇچى گەر «ئېسىلمەن ! » دېسە ،
بېرەرمەن جاۋابنى ئۇنىڭغا كېسە⑥ .
ئاتابىر ، ئانا بىر قېرىنداش بۇ خەلق ،
ئارادا پەرق يوق راسا ئىستىسە!

## 11 . ئاچكۆزلۈك ھەققىدە

94 . يەمە پەندىم ئال كەل ئۇزاتما ئەمەل ،
ئەمەل ئاسراسىندا بۇسۇغلى ئەجەل .
ئەمەل دەمىشىم دوست ئۇزۇن سانماق ئول ،
ئۇزۇن سانما ساقىنچ ئۆكۈش قىل ئەمەل .

94 . نەسىھەتنى ئال ، كەل ، ئۇزاتما ئەمەل⑦ ،
ئۇنىڭ ئارىسىدا يوشۇرۇن ئەجەل .
تەمە دېگىنىم ، دوست ، ئۇزۇن ئويلىنىش ،
ئۇزۇن ئويلىماي ، قىل تولاراق ئەمەل .

www.uyghurkitap.com

95 . ئايۇرسەن كەدىم تون شەراب ئاش كەرەك ،
تەلىم مال ئۆكۈش قۇل قارا باش كەرەك .
ئەگەر يىغدىڭ ئەرسە ئۆمۈرلۈك تاۋار ،
بۇرۇن باشقا بۆركنى كەدەر باش كەرەك .

95 . دېيۇرسەن : كىيىم ـ تون ، شاراب ، ئاش كېرەك ،
يەنە كۆپ بىسات ، قۇل ، دېدەك ،باش كېرەك
ئۇنۇتما ، يىغىپسەن ئۆمۈرلۈك مۈلۈك ،
لېكىن بۆكنى كىيمەك ئۈچۈن باش كېرەك .

96 . ھەرىسلىق ما ئەركە ياۋۇز خەسلەت ئول ،
ھەرىسلىق سوڭى غەم ئۆكۈنچ ھەسرەت ئول .
بۇ بايلىق چىغايلىق ئىدى قىسمەتى ،
ھەرىسلىق تەگ ئەركە قۇرۇغ زەھمەت ئول .

96 . تەمەمۇ كىشىگە قەبىھ خۇي قەۋەت ،
ئۇنىڭ كەينى ھەسرەت ، پۇشايمان ۋە دەرد .
غەنىلىق ، گادايلىق خۇدا قىسمىتى ،
تەمەدىن يېتەر ئەرگە رەخمەت پەقەت .

97 . ھەرىس تودماز ئاژۇن نەڭىنى تەرىپ ،
ھەرىسلىق قارىماز ئىدىسى قارىپ .
ھەرىسلىقنى قودۇر ھەرىس ئەر قاچان ،
ئۆلۈپ ياتسا توپراق ئىچىڭە كىرىپ .

97 . ھامان ئاچ ، كۆزى ئاچ يىغىپ ھەم تىرىپ ،
تەمەسى تۇرار ياش ، تەمەخور قېرىپ .
تەمەنى قويار ئۇ قاچانمۇ تويار ؟
قويار ئۆلسە ، ياتسا لەھەتكە كىرىپ! ؟

98 . ھەرىس تەرىپ ئارماز ئۇسانماز بولۇر ،
ھەرىسلىق ئىگىنىڭ ئەمىن كىم بىلۇر .
خەبەر بار بەرىلسە ئەگەر ئادەمى ،
ئىكى قول دىنار ما ئول ئۈچ قول قولۇر .

98 . كۆزى ئاچ يىغىپ ھارمىغاي ، زېرىكمىگەي ،
بۇ «ئاچكۆز » كېسەللىكنى كىم ئەملىگەي ؟
شۇ گەپ بار : «بىراۋ بەرسە ئىككى ئۈچ دىنار ،
تەمەخور شۇئان ئۈچ ئۈچ تىلىگەي... »

99 . ئايا ھىرس ئىدىسى ھەرىسلىق نەرەك ،
ئايۇ بەر ماڭا بۇ نەگۈكە كەرەك .
تار ئەرس، كىڭ ئەرسە بىتىلدى رۇزۇڭ ،
ھەرىسلىق قىلۇرمۇ مۇنى ئەدگۈرەك .

99 . ئەي ئاچكۆز ، تەمەدىن نېمە پايدا بار ؟
جاۋاب بەر ماڭا ، ئۇ نېمىگە يارار ؟
بولامتى تەمە ئاچ كۆزىدە تۇزەپ ،
رىزىقتا پۇتۇلسە بۇ «كەڭ » بىرلە «تار » ؟

## 12 . كەڭ قورساقلىق ، سەۋرچانلىق ۋە باشقىلار ھەققىدە

100 . كۆكى كۆركلۈگ ئەرنىڭ خۇيى كۆركلۈگ ئول ،
بۇ كۆركلۈگ قىلىقىقا كۆڭۈل ئۆركلۈگ ئول .
بىر ئەردىن بىر ئەركە تەفاۋۇت تەلىم ،
ۋە لېكىن كۆرەركە تۇزۇ بۆركلۈگ ئول .

100 . تېگى ئۇز كىشىنىڭ خۇيى ھەم بەلەن ،
كۆڭۈل باغلىنۇر شۇ خۇيى ئۇز بىلەن .
كىشى پەرقلىنۇر ، بىل ، بىرى ــ بىرسىدىن ،
كۆرۈنگەنگە ئۇ بۆك كىيىپ ئەر ــ ئەرەن .

101 . بۇتۇن قىلىقى فىئلىن ئۆتە ئىرتەگىل ،
كەرەم كىمدە ئەرسە ئانى ئەر دەگىل .
يىمىشسىز يىغاچ تەگ كەرەمسىز كىشى ،
يىمىشسىز يىغاچنى كەسىپ ئۆرتەگىل .

101 . كۆزەت خۇي ـ مىجەز ، ھەرىكىتىن ھەممە ۋاق ،
دېگىن ئەر شۇنى ، بولسا كىم كەڭ قورساق .
يېمىشسىز دەرەختۇر ئىچى تاركىشى ،
يېمىشسىز دەرەخنى كېسىپ ، ئوتقا ياق!

102 . مۇسۇلمانقا مۇشفىق بولۇپ مىھرىبان ،
ساڭا ساندۇقۇڭ تەگ مۇسۇلمانقا سان .
جەفا قىلدىچىڭقا يانۇت قىل ۋەفا ،
ئارىماز نەچە يۇسا قان بىرلە قان .

102 . مۇسۇلمانغا شەپقەتتە بول مېھرىبان ،
مۇسۇلمان غېمىنى ئۆز غېمىڭ بىل ھامان .
جاپا قىلسا ياندۇر ۋاپا گەر بىراۋ ،
ئېرىماس نەچچە يۇسا قان بىرلە قان .

103 . ياراغلىغ ئاشىڭنى كىشىكە يەدۇر ،
ياراغ بۇلساڭ ئوپراق يالىڭنى بۇتۇر .
كۇچ ئەمگەك تەكۇرمە كىشىكە قالى ،
ساڭا تەگسە ئەمگەك كىشىدىن كۆتۈر .

103 . تېتىملىق ئېشىڭنى كىشىگە يېگۈز ،
يارامىلىق ئېگىنىنى يېلىڭغا كىيگۈز .
جاپا كەلسە خەقتىن كۆتۈر ، ئەلگە سەن
زۇلۇم سالما زورلۇق كۈچىدە ھەرگىز .

104 . ئىسىز قىلغان ئەركە سەن ئەدگۇ قىلا ،
كەرەمنىڭ باشى بۇ ئەرۋر كەد بىلە .
ئەگەر كەلسە ئەردىن ساڭا ئەدگۇلۇك ،
ئۆكۈش قىل ئۇل ئەرنىڭ سەناسىن تىلە .

105 . يازۇقلۇغ كىشىنىڭ يازۇقىن كەچۇر ،
ئەداۋەت كۆكىنى قازىپ سەن كۆچۇر .
يالىنلانسا تۇتۇنۇپ غەزەب ھىققىد ئوتى ،
ھەلىملىق سۇۋىن ساچ ئۇل ئوتنى ئۆچۇر .

106 . كەرەم بىر بىناتەگ ئاڭار ھىلم ئۇل ئۇل ،
يا بۇستان تەگ ئۇل ھىلم كەرەم ئال گۈل ئۇل ،
يىقىلغقا تىرەپ كەسۈكلۈگ ئۇلا ،
بۇ ئىتىگلىگ ئەركە ئازاد ئۆز قۇل ئۇل .

107 . كۆدەزگىل ئايا دوست ئۇلۇغلار ھەقىن ،
ئاسىغسىز مىزاھ ھەم جەدەلدىن ساقىن .
ئۇلۇغلارنى بۇشرۇپ ساڭا بۇ مىزاھ ،
كىچىگلەرنى كۇستاخ قىلۇر بىل ياقىن .

108 . بەلا كەلسە سەبر ئەت فەرەھقا كۇدۇپ ،
كۇدۇپ تۇر فەرەھقا بەلا رەنج يودۇپ .
ئۆچەر مىھنەت ئوتى كەچەر نەۋبەتى ،
قالۇر سەبر ئىدىسى سەۋابىن يودۇپ .

109 . ئۇلۇغلۇققا تەگسەڭ ياڭىلما ئۆزۈڭ ،
قالى كەدسەڭ ئەتلەس ئۇنىتما بۆزۈڭ .
ئۇلۇغ بولدۇقۇڭچا تۇزۇنرەك بولۇپ ،
ئۇلۇغقا كىچىگكە سىلىغ قىل سۆزۈڭ .

110 . ئۇقۇپ سۆزلە سۆزنى ئىۋىپ سۆزلەمە ،
سۆزۈڭ كىزلە كىدىن باشىڭ كىزلەمە .
مىڭ ئەر دوستۇڭ ئەرسە ئۆكۈش كۆرمەگىل ،
بىر ئەر دۇشمەن ئەرسە ئانى ئازلاما .

111 . نەچە تەتىك ئەردىن بىرلە سەھۋ كەلۇر ،
نەچە پۇر ھۇنەرلىغدا بىر ئەيب بولۇر .
بۇ بىر ئەيبدىن ئوترۇ باشىن كەسگۇچى ،
ئاژۇندا تىرىلگۇ كىشىسىز قالۇر .

112 . تىرىل ئەدگۇ فىئلىن كۆڭۈللەر ئالىپ ،
ئىسىزلىكتىن ئۆزنى سىڭارۇ سالىپ .
ئەتەر بولساڭ ئىشنى سانىپ ساقنىپ ئەت ،
كەرەكمۇ كەرەكسىزمۇ كىرتۇ بىلىپ .

113 . نە ئىش ئۇترۇ كەلسە ئاڭا كەد باقىن ،
ئۇل ئىشنىڭ ئوڭىنى سوڭىنى ساقىن .

104 . يامانلىق سىغىنغانغا قىل ياخشىلىق ،
بۇ بىل كەڭ قورساقلىق بىشىدۇر ئىنىق !
ئەگەر ، ياخشىلىق كەلسە خەقتىن ساڭا ،
ئۇقۇپ مەدھىيە بىرلە ئالدىغا چىق .

105 . ئەيىبكار كىشىدىن ئەيىبنى كەچۇر ،
ئاداۋەتنى قاز يىلتىزدىن كۆچۇر .
غەزەپ ، ئۆچلۇكۇڭ ئوت بولۇپ يانسا گەر ،
مۇلايىملىقىڭنىڭ سۇيىدە ئۆچۇر .

106 . كىرەمدۇر ئىمارەت ، ھەلىملىق ھۇلى .
بىرىدۇر گۈلىستان ، بىرىدۇر گۈلى .
يىقىلغاننى يۆلە ، كىيىسكنى ئۇلا ،
بۇنى قىلسا كىم ، ھۆرمۇ بولغاي قۇلى .

107 . ئايا دوست ، چوڭلار ھەققىنى قوغدا بەك ،
قىلىپ جەڭ ـ جېدەل ، بولمىغىن سۆز ـ چۆچەك .
بۇنىڭدىن غەزەپلەنسە چوڭلار ساڭا ،
كىچىكلەرنى بولسا ئېتەر بىئەدەب .

108 . بالاغا سەۋىر قىل ، خۇشاللىق كۇتۇپ ،
بۇ ھال شاد ئېتەر ، رەنجۇ ، زەخمەت يۇتۇپ .
جاپا تۆۋىتى كەتسە ئۆچكەي ئوتى ،
قالار سەۋرىچانلار ساۋابنى يۇدۇپ .

109 . ئۆسسە مەرتىۋەڭ يۇر ئۆزۈڭنى بىلىپ ،
ماتانى ئۇنۇتما ئەتلەسنى كىيىپ .
تونۇلغانسىرى بول مۇلايىم ـ ياۋاش ،
كىچىك ـ چوڭغا ئۆتكىن سىلىق سۆز قىلىپ .

110 . بىلىپ سۆزلەپ ، قىلغىن ئۇنى پىشۇرۇپ ،
بىشىڭچۇن گېپىڭنى دېگىن يوشۇرۇپ .
مىڭ ئادەم ساڭا بولسا دوست كۆپ دېمە ،
ئەگەر دۇشمىنىڭ بىر ، يۇرمە ئاز كۆرۇپ .

111 . زېرەكمۇ خاتالاشقۇسى گاھىدا ،
ئۆتەر ئەيىب ھۇنەرگە كامىل ئۇستىدا .
مۇشۇ ئەيىب ئۈچۈن باشى كېتەر بولسا گەر ،
تۇگەپ بارچە بولماقتى جاندىن جۇدا ؟

112 . ياشا ياخشى پەيلىڭ بىلەن دىل ئېچىپ ،
يامان ـ ئەسكى ئىشتىن يىراق تۇر ـ قېچىپ .
بىرەر ئىش قىلاردا قىلىپ ئېھتىيات ،
«كېرەكسىزمۇ ياكى كېرەك ؟» قىل بىلىپ .

113 . كۆزۈڭدىن كۆچۇر كەلسە ئىش دۇچ ئەگەر ،
ئۇنىڭ ئالدى ـ كەينىگە سال زەن ـ نەزەر .

www.uyghurkitap.com

سەۋىنچ ئەرسە كىدىن كۆڭۈل تۇت ئاڭا ،
ئۆكۈنچ ئەرسە ئاندىن ئۇزاراق ساقىن .

سۆيۈنسە بۇ ئىشتىن كۆڭۈل گەر ، بىجىر
پۇشايمان كېلەر بولسا قىلغىن ھەزەر .

114 . ئەرەن خەيرى شەررى كۇسەپ كەچمەز ئۇل ،
ئىسىز ئەدگۇ ئىشكە يانۇت كىچمەز ئۇل .
ئايا ئەدگۇ ئۇمغان ئىسىزلىك قىلىپ ،
تىكەن ئەدلەگەن ئەر ئۈزۈم بىچمەز ئۇل .

114 . پۇتەمدۇ ئۇمىدتە ساۋاب ، ساختىلىق ؟
كېچىكمەس بۇ ئىشنىڭ جاۋابى ئېنىق .
تىكەن تېرىغانلار ئالالماس ئۈزۈم ،
يامانلىق قىلىپ سەن كۈتمە ياخشىلىق!

115 . ئىشى ئەدگۇ بولسا ئەر ئەدگۇ بولۇر ،
ئەر ئىش ئەتگۈسىندىن ئۆكۈش خەير بۇلۇر .
ئىسىزكە ياۋۇما ئىسىز سۇھبەتى ،
سەنى تەركىن ئىسىز قىلىقلىغ قىلۇر .

115 . كىشى دوستى ياخشى ، ئۆزى ياخشىدۇر ،
شۇ دوست خەيرىدىن ياخشىلىق تېپىلۇر .
يامانغا يولۇقما ، ئۇنىڭ سۆھبىتى
سېنى تېز يامان خۇي ـ قىلىقلىق قىلۇر .

## 13 . زاماننىڭ بۇزۇقلۇقى ھەققىدە

116 . مەجاز بولدى دوستلۇق ھەقىقەت قانى ،
مىگەر دوستتا بىرى بۇلۇنماز كونى .
ئۆكۈشرەك كىشىنىڭ ئىچى غادر ئەرۋر ،
كونى دوستۇڭ ئەرسە تاشى بىل مۇنى .

116 . شەكىل بوپتۇ دوستلۇق ، ھەقىقەت قېنى ؟
تېپىلمايدۇ مىڭدىن بىرەر راستچىلى .
تالايلار ۋاپادار كۆرۈنگەن بىلەن ،
بىلىپ قوي ، ۋاپاسىز ئۇنىڭ ئىچدىلى .

117 . بۇ كۇن بۇ ئاژۇندا كىشىلىك ئىسىز ،
قانى قانچە بەردى كىشىلىك ئىسىز .
ۋەفا كۆلى سۇغلۇپ قۇرۇپ يۇللارى ،
جەفا تولدى تاشنى تەگىزدىن ئەدىز .

117 . ئېست ، كەم جاھاندا ئىنسانلىق ئىزى ،
قېنى ، نەگە كەتتى ئىنسانلىق ئۆزى ؟
قۇرۇپ سۇ ۋاپانىڭ كۆلىدىن بۇدەم ،
تولۇپ چەكتىن ئاشتى جاپا دېڭىزى .

118 . قانى ئەھد ئەمانەت . فانى ئەدكۇلۇگ ،
كىدىن كۇندە خەير ئىش مە كۆترۈلگۈلۈگ .
باشى باردى خەيرنىڭ سوڭى بارغۇسى ،
ئوڭى كەلدى شەررىنىڭ سوڭى كەلگۈلۈگ .

118 . قېنى ياخشىلىق ، ئەھد ـ ئامانەت قېنى ؟
تېپىشمۇ قىيىن بولغۇدەك كېيىن ئۇنى .
ئۇنىڭ كەتتى ئالدى ، كېتەر ئاخىرى ،
يامانلىقمۇ كەلدى ، كېلەر قالغىنى .

119 . ئاژۇن بولدى ئۇدۋان جەفا جەۋر بىلە ،
قانى بىر ۋەفالىغ بار ئەرسە تىلە .
سەن ئارتاق سەن ئانىن ئاژۇن ئارتادى ،
نەلۇك بۇ ئاژۇنقا قىلۇرسەن گىلە .

119 . جاھان تولدى جەۋرى جاپا ، قەست بىلەن ،
ئۇنىڭدا ۋاپا يوق ، دېسەڭ «بار!» تېلەن .
بۇزۇلغاچقا سەن بۇ جاھانمۇ بۇزۇق ،
نېمىشقا ئۇنىڭغا توقۇيسەن ئېۋەن ؟

120 . غەرىب ئەردى ئىسلام غەرىب بولدى باز ،
ئىبادەت رىيا بولدى ئابىد مەجاز .
خەرابات ئۇرامى بولۇپ ئابادان ،
خەراب بولدى مەسجىد بۇدۇن بىنەماز .

120 . غېرىب ئىدى ئىسلام ، بولۇپتۇ يانا ،
ئىبادەتمۇ ساختا ، ئىبادەتچى جا .
نامازخان نامازسىز ، مەسجىدلەر خاراب ،
بولۇپ كەتتى ئاۋات قاۋاق ـ مەيخانا...

121 . ئەمەل قوددى ئالىم ۋە زاھىد ۋەرەئ ،
ئارىق رەقس چىقارىپ ئەتەر خوش سەمائ .
بىدەئىتن يىغىغلى كىشى قالمادى ،
ئانىن كۇندە ئارتا تۇرۇر بۇ بىدەئ .

121 . ئىلىمنى ئۇ ، تەقۋانى بۇ تاشلىدى ،
بىلىملىك ئويۇنچى ساما باشلىدى .
شۇڭا ئاشتى بىدئەتچىلىك كۈنسېرى ،
ئۇنىڭدىن قولىن ئۈزگۈچى قالمىدى .

122 . قانى ئەمرۇ مەئرۇف قىلۇر ئەدگۇ ئەر ،
قانى كەندۇ ئەدگۇ كىشى تۇرغۇ يەر .

122 . قېنى ئەمرى مەرۇپ قىلار ياخشى ئەر ؟
تۇرارغا قېنى ياخشى ئادەمگە يەر ؟

بىرەر سەن زەمانەڭنى خەلقىن قودۇپ ،
زەمانەڭنى بىرمە كىشىسىنى بىر .

123 . كىم ئول يۈزچى ئەرسە كىشى يىگى ئول ،
كەرەك ئەرسە يىگىلىك يورى يۈزچى بول .
كىم ئول يوللۇغ ئەرسە ئانىڭ يولى يوق ،
كىم ئول يولسۇز ئەرسە ئاڭار كىڭرۇ يول .

124 . ئايا ئارتاق ئىشلىگ سەۋىنچىن سالىن ،
سەنىڭ رۇزگارىڭ بۇ كۆڭۈلچە قىلىن .
تىلەكچە تىرىل ئىنچ فارىغ قادغۇسۇز .
نەيەركە يىغار باز سەنى نەتىلىن .

125 . ئۇۋۇت يىتتى يىندىپ بۇلۇنماز يىدى ،
هەلال يىگلى قانى كۆرۈنمەز بودى .
هەلال كەندۇ قايدا بۇ كۈن قانى كىم ،
هەرامنى يەبۇردە هەرام دەپ يەدى .

126 . بۇدۇن ماللىغ ئەركە ئۇرۇپ يۈزلەرىن ،
تۆزۈ قۇل قىلۇرلار ئازاد ئۆزلەرىن .
كىم ئول مالسىز ئەرسە ئول ئەرنى كۆرۈپ ،
يۈز ئەۋرۈپ كەچەرلەر يۇمۇپ كۆزلەرىن .

127 . ئايا مالقا سۇق ئەر ياقىن بىل بۇ مال ،
بۇ كۈن قادغۇ ساقىنچ يارىن يۈك ۋەبال .
هەرام ئەرسە مالىڭ ئەزاب ئول سوگى .
هىساب ئول ئەگەر بولسا مالىڭ هەلال .

128 . نەلۈك مالقا مۇنچا سۇق ئول بۇ ئۆزۈك ،
كۆڭۈلدە غەمىڭ ئول تىلىڭدە سۆزۈك .
بارۇرسەن بۇ مالىڭ ياغىڭقا قالۇر ،
ئۇيادىپ بىرۇرلەر سارىنغۇ بۆزۈك .

129 . سەنىڭ مالىڭ ئول مال ئاشىندۇر دۇقۇك ،
ساڭا هەسرەت ئول تەك تۇتۇپ تۇردۇقۇك .
بۇ كۈن كەندۇ سۇچۇگ بۇ تەرمەك ساڭا ،
ئاچىغ بولغا يارىن قودۇپ باردۇقۇك .

130 . بۇ ئاژۇن مەزەسى قاتىغلىغ مەزە ،
ئىزاسى ئۆكۈشرەك مەزەسى ئازا .
ئەسەل قايدا ئەرسە بىلە ئەرىسى ،
ئەرى زەهرى تاتغۇ ئەسەلدىن ئوزا .

131 . هۇنەرلىغقا ئاژۇن ۋەفاسىزراق ئول ،
هۇنەرسىزقا مۇندىن جەفا ئازراق ئول .
هۇنەر بىرلە دەۋلەت بىرىكمەكلىكى ،
بۇلۇنماز قاموغ قىزدا ئول قىزراق ئول .

سۆكۈرسەن زامانىنى خەلقنى قويۇپ ،
ئادىمىنى سۆك سۆككۈلۈك بولسا گەر!

123 . بۇ دەم ئىككى يۈزلەرگە جىق ئېتىبار ،
قېنى ئىككى يۈز بول ، كېرەك بولسا بار!
ئەجەب ، كىمكى يولسىز يولى كەڭ شۇنىڭ ،
ئىكەن كىمكى يوللۇق ، ئۇنىڭ يولى تار .

124 . ئەي ئەخلاقى پەس ، يايرىۋال شادلىنىپ ،
دەۋر سۈر ، ياشا خالىغانىنى قىلىپ .
خىيالىڭ پاراغەت ئىكەن ، ئەي كىشى ،
سېنى كىم ، قەيەردە توسالار كېلىپ ؟

125 . ئۇيات يۇتتى ، هەتتا تېپىلماس هىدى ،
هالالغا هېرىس يوق ، هارامنى يېدى .
هالال كەتتى نەگە ، قېنى ، كىم بۈگۈن
هارامنى يېگەندە «هارام بۇ» دېدى ؟

126 . مېلى بارغا خەقلەر ئۆرۈپ يۈزىنى ،
ئازادلىقنى تەرك ، قۇل ئېتەر ئۆزىنى .
بىسات ـ مالى يوقنى كۆرۈپ قالسا گەر ،
سىڭايان بېقىشتا يۇمار كۆزىنى .

127 . ئايا ، مالغا ئامراق ، بىلىپ قوي ، بۇ مال
بۈگۈن قايغۇ ، غەم ، ئەتە يۈك هەم ۋابال .
هارام ۋەج ساڭا ئاخىرەتتە ئازاب ،
هېسابى بولۇر بولسا ئۇ گەر هالال

128 . نېچۈن مالغا مۇنچە هېرىس ، ئېيت ئۆزۈڭ ،
خىيالىڭدا مال . «مال»لا دەر هەر سۆزۈڭ .
كېتەرسەن ، شۇ مالىڭ رەقىبكە قالۇر ،
ئۇ ياتسا بېرەر ئۇ كېپەنلىك بۆزۈڭ .

129 . سېنىڭ بۇ مېلىڭ ، بىل ، سېنى كەتكۈزەر ،
قولۇڭدىكى مال غەم ـ ئەلەم يەتكۈزەر .
بۈگۈن ۋەج يىغىش شۇنچە لەززەت ساڭا ،
بىراق ئەتە تاشلاشچۇ ، ئاچچىق ـ زەهەر .

130 . جاهان تاتقى ئەبجەش ، بۇلار بىمەزە ،
ئۇنىڭ دەردى كۆپ ، لەززىتى ئاز ـ بىزە .
تېتىيسەن زەهەرنى هەسەلدىن بۇرۇن ،
هەسەل نەدە بولسا قېشىدا هەرە .

131 . بۇ دۇنيا هۇنەرلىككە سەل بىۋاپا ،
هۇنەرسىزگە ئازدۇر جاهاندىن جاپا .
هۇنەر هەمدە دۆلەت بىرىكمەكلىكى
كۆرۈنگەي بىرەر ـ بىر ، تېپىلماس ياپا[8] .

www.uyghurkitap.com

132 . نه يازدى ئاژۇنقا بۇ ساھىب ھۇنەر ،
نەگۇكە بۇ ئانى ئۇلاشۇ قىنار .
خەسىسلەرنى كۆترۇپ نەفسنى چالىپ ،
ئازۇ قۇتسۇز ئاژۇن قارىپمۇ مۇنار .

133 . ئايا ھۇكمىن ئاژۇن تاپا ئۆگگۇچى .
يىرىپ مۇنى بىرەر يانا ئۆگگۇچى .
ئۇغان ھوكمى بىرلە كەلۇر كەلگەن ئىش ،
ئانىڭ ئەمرى بىرلە تەگەر تەگگۇچى .

134 . ئاژۇنقا بۇ سۆكۇش مەلامەت نەلىك .
قەزالار يورىتغان ياراتغان مەلىك .
قەزا بىرلە سانچلۇر ئاداققا تىكەن ،
قەزا بىرلە ئىلنۇر تۇزاققا ئەلىك .

135 . قامۇغ تەگدەچى نەڭ قەزادىن ئەرۇر ،
ئۇقۇشسىزلار ئانى سەبەبدىن كۆرۇر .
قەزا بىرلە ئۇچغان قالىق قۇشلارى ،
قارىقا قونار ھەم قەفەسقا كىرۇر .

136 . قەزا كەلسە يۇگرۇك يۇگۇرمەز ئۇرۇپ ،
قەزا فايتارىلماز قاتىغ يا قۇرۇپ .
ساڭا رەنج ئاڭا گەنج بىرىگلى ئۇغان ،
جەزا قىلما يا رەنج ئىدىسى تارۇپ .

132 . نه قىلدى جاھانغا ھۇنەرۋەن كىشى ،
نېمىشقا داۋام قىينىماقتۇر ئىشى ؟
ئەزىزنى قىلار پەس ، خەسىسنى ئېگىز ،
قېرىپ ئازدىمۇ يا جاھانىنىڭ ھوشى ؟

133 . ئايا ، ھۆكمى ئالەمگە تەڭ ئۆتكۈچى ،
بىلىپ ماختىغان ۋە بىلىپ سۆككۈچى ؛
خۇدا ھۆكمىدىندۇر جىمى كەلگۈلۈك ،
دېمەك . ھەممە كەلمىش ئەمرىنىڭ كۈچى!

134 . ياراتقان ئىگەمدىن ئىكەن كەلگۈلۈك ،
جاھانغا نېچۈن تەنلەر ئەتكۈلۈك ؟
ئاياغقا كىرەلمەس تىكەن بىسوراق ،
تۇزاققا ئىلىنىك ھەم چۈشەر ، بىلگۈلۈك!

135 . جىمى كەلگۈلۈكلەر قازادىن كېلەر ،
سەۋەبتىن كۆرەر ئۇقمىغاچ بەزىلەر .
ئېگىز كۆكتىكى قۇش شۇ تەقدىر بىلەن ،
قونار شاخقا ياكى قەپەسكە كىرەر .

136 . قازا كەلسە ئۇرساڭمۇ چاپماس ئېتىڭ ،
توسالماس قازانى ئەگەر يا ئېتىڭ .
ساڭا رەنج ، ئاڭا گەنجنى ئاللا بېرۇر ،
ئاقامدۇ شىكايەتنى قانچە ئېتىڭ!...

## 14 . كىتاب ئىگىسىنىڭ ئۇزرى ھەققىدە

137 . بىتىدىم كىتابنى مەۋائىز مەسەل ،
ئوقىسا تاتىر تىل يەمىش تەگ ئەسەل .
كىم ئەرسە بۇ سۆزگە ئادىنلار سۆزىن ،
تەڭ ئەسە تەڭگەدى دۇرۇستقا بەدەل .

138 . ئەدىب ئەھمەد ئاتىم ئەدەب پەند سۆزۇم ،
سۆزۇم مۇندا قالۇر بارۇر بۇ ئۆزۇم .
كەلۇر كۇز كەچەر ياز بارۇر بۇ ئۇمۇر ،
تۇكەتۇر ئۇمۇرنى بۇ يازىم ، كۆزۇم .

139 . ئانىن ئۇش چىقاردىم بۇ تۇركى كىتاب ،
كەرەك قىل تاپ ئەي دوست كەرەك قىل ئىتاپ .
بىتىدىم بۇ تاڭسۇق تۇرەف سۆزلەرىن ،
قالى بارسا ئۆزۇم سۆزۇم قالسۇ دەپ .

140 . ئانىن ئۇز ئەرۇر بۇ كىتاب بىر سۆزۇك ،
تالۇلاپ كەلتۇردۇم كەمىشتىن چۈزۈك .
نەۋادىر سۆزۇك ئاز بولۇر ھەزل ئۆكۇش ،
چۇز ئەتلەس بولۇر قىز ئۇچۇزى بۆز ئۆك .

137 . كىتابىمنى يازدىم نەسىھەت مەسەل ،
ئوقۇپ كۆر . بىېگەندەك بولارسەن ھەسەل .
دۇرۇست بىرلە يالغاننى تاپقاي كىشى
سىېلىشتۇرما قىلسا بۇنى ھەر مەھەل .

138 . ئەدىب ئەھمەد ئىسمىم ، ئەدەب ـ پەند سۆزۇم .
قالار بۇ سۆزۇم كەتسە جىسمىم ـ ئۆزۇم .
ئۆتەر ياز ، كېلەر كۈز ، ئۆمۈر ھەم كېتەر ،
ئۆمۈرنى تۈگەتكەي ئاشۇ ياز ، كۈزۈم .

139 . شۇڭا تۈركىي تىلدا چىقاردىم كىتاب ،
قوبۇل قىل ، كېرەك ئەت ، ئەيىب بولسا تاپ .
يېزىلدى ئۇ تەڭسىز ، گۈزەل سۆز بىلەن ،
كېتەرمەن ، سۆزۈمنى كۆرەر دەپ ، ئاتاپ .

140 . زەر ئەتلەس ھامان قىس ، ماتا ـ بۆز تولا ،
يارام ، ساپلىرى ئاز ، ھەزىل سۆز تولا .
كېرەكسىزنى تاشلاپ ، ئېسىلنى يىغىپ ،
ساپ ، ئۆز تىلدا تۈزدۈم كىتابنى شۇڭا .

141 . ئايا مەندە كىدىن كەلگىلى مۇنى ،
ئوقىساڭ دۇئادا ئۇنتما مەنى .
ساڭا ھەديە قىلدىم بۇ تاڭسۇق سۆزۈم ،
ماڭا ھەديە قىلسۇ دۇئا دەپ سەنى .

141 . ئايا كېيىنكىلەر ، گەر ئوقۇساڭ بۇنى ،
ئۇنۇتماي دۇئايىڭدا يادلا مېنى .
ساڭا ھەديە تەگدىشى يوق بۇ سۆز ،
دۇئا ھەديە قىل ئۆزۈڭمۇ . قىنى ؟!...

## (1 ) ئەدىب ئەھمەد ھەققىدە
## (مۇئەللىپى ئېنىق ئەمەس )

142 . توغا كۆرمەز ئەردى ئەدىبنىڭ كۆزى ،
تۆكەدى بۇ ئون تۆرت باب ئىچرە سۆزى .
باغان بولسا يۈكلۈگ ئۇزەنىندە زەر ،
ئانىڭ تۆشى بولغاي بۇ سۆزنۈڭ ئارى .

142 . ئىدى تۇغما كۆرمەس ئەدىبنىڭ كۆزى ،
تامام بولدى ئون تۆت باب ئىچرە سۆزى .
كى پىل بولسا يۈكلۈك ، يۈكى بولسا زەر ،
شۇنىڭغا باراۋەر بۇ سۆزنىڭ ئىزى .

## (2 ) ئەدىب ئەھمەد ھەققىدە
## (ئەمىر سەيفەددىن )

143 . ئەدىبلەر ئەدىبى فازىللار باشى ،
گوھەردىن سۆز ئايمىش ئۆگەن سۆز بېشى .
ئۇغان رەھمەت ئىتسۇن بۇ سائەت ئاڭا ،
يارىن قوپسا بولسۇن يارانلار ئىشى .

143 . ئەدىبلەر ئەدىبى ، پازىللار بېشى ،
گۆھەر سۆزنى قىلغان ئىدى بۇ كىشى .
تەڭرى رەھمەت ئەتسۇن بۇ سائەت ئاڭا ،
بولۇشسۇن يارەنلەر تاڭلا قولدىشى .

## (3 ) ئەدىب ئەھمەد ھەققىدە
## (بۈيۈك ئەمىر ئارسلان خوجا تارخان )

144 . ئەدىبنىڭ بەرى ئاتى يۈكنەك ئەرۈر ،
ساپالىغ ئەجەب بەر كۆكۆللەرى يارۇر .

144 . ئەدىب يۇرتى نامىنى يۈكنەك ئاتار ،
ئۇ زەپ ساپ ھاۋا جاي كۆكۆل يايرىتار .

145 . ئاتاسى ئاتى مەھمۇدى يۈكنەكى ،
ئەدىب مەھمۇد ئوغلى يوق ئول ھېچ شەكى .

145 . دادىسىنىڭ ئىسمى مەخمۇد يۈكنەكى ،
ئەدىب مەخمۇد ئوغلى ، بۇنىڭ يوق شېكى .

146 . كىتابنىڭ ئاتى ئەرۈر ئەتبەتۇل —
ھەقايىق ئىبارەت ئەرەبدىن ئۇسۇل .

146 . «ئەتەبەتۇل — ھەقايىق» كىتابىن ئېتى ،
بېرىلگەن بۇ نام ساپ ئەرەبچە پىتى .

147 . تامامى ئەرۈر كاشغەرى تىل بىلە ،
ئايىتمىش ئەدىب رىققاتى دىل بىلە .

147 . يېزىلغان ئەسەر قەشقەرى تىل بىلەن ،
ئەدىب سۆزلىگەن بۇنى چىن دىل بىلەن .

148 . ئەگەر بىلسە كاشغەر تىلىن ھەر كىشى ،
بىلۇر ئول ئەدىبنىڭ نە كىم ئايمىشى .

148 . ئەگەر بىلسە قەشقەرچە تىل ھەر كىشى ،
ئاياندۇر ئەدىبنىڭ نىمە ئېيتمىشى .

149 . كىشى تىلنى بىلسە بىلۇر مەنىسىن ،
بىلۇرمەن دەسە ئەيب ئۆزى بىلمەسىن .

149 . تىلنى بىلسە مۇمكىن مەنىنى بىلىش ،
ئەيىب بىلمىگەننى «بىلىمەن» دېيىش .

150 . كۆپ ئىلىن كۆرۈر بىز ئەدىب سۆزىنى ،
بىلە بىلمەگەندىن ئۇلار ئۆزىنى .

150 . تالاي خەق بىلەلمەي ئەدىب سۆزىنى ،
قىلار ھېس ئازابتا ھامان ئۆزىنى .

151 . ئەيبقا قويۇپتۇر خەلايىق ئارا ،
غەلەت مەنىلەرنى ئايىتمىش يانا .

151 . بىراۋلار خاتا مەنىلەرنى بېرىپ ،
يۈرەر ئەل ئىچىدە ئەيىبكە قېلىپ...

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

152 . سەبەب ئەردى بۇ ئىش بىتىدۈك كىتاب ،
كەرەك قىل ئىجابەت كەرەك قىل ئىتاب .

153 . بىلىپ تۇتسا ھەر كىم ئەدىبنىڭ سۆزىن ،
خەلايىق ئارا ئول گۈزىنلەر ئۆزىن .

152 . پۈتۈنلەي شۇ ئىش ۋەجىدىن بۇ كىتاب
قوبۇل قىل ، ئەيىبلە ، ساڭا قايسى باب ؟

153 . بىلەلەيدىكەن كىم ئەدىب سۆزىنى ،
تاپار ئەل ئارا ئېتىبار يۈزىنى .

## شېئىرلاشتۇرغۇچىدىن :

جاھاننىڭ ئىشى ھېچ سەۋەبسىز ئەمەس ،
سەۋەب بولغۇسى ھەممە ئىشقا ھەۋەس .

«كىتابنى نەشر قىلمىسا ، گەپ» بىلەن ،
قىيىنمۇ ؟ يازاي مەن نەزم سەپ بىلەن .

شېئىرلىك قىياپەتنى ساقلاپ باقاي ،
بۇ ئىشقا بىلىمنى چىڭ باغلاپ باقاي!... »

ئاشۇ ئوي ـ خىيالنىڭ كۈچى زوقىدا ،
«ئەتەبەتۇل ـ ھەقايىق» نىڭ نۇر ـ شوقىدا :

مىڭ تۆتيۈز ھىجرىيىگە قوشۇلغاندا بىر ،
رامىزان ئېيىدىن كۆرۈنگەندە قىر ،

بۇ نادىر كىتابقا كۆڭۈلنى بېرىپ ،
ئۇنىڭ مەنىسىدىن جاۋاھىر تېرىپ .

زامانىنىڭ تىلىغا ئۇنى ماس قىلىپ ،
نەزمىنى نەزم بىرلە سەپراس قىلىپ .

كۈچۈم يەتكىنىچە ياساپ ئىشلىدىم ،
پىكىر ئۆز پېتى ، تىلنى ساپ ئىشلىدىم .

جېنىم يايرىدى چىن مۇراد ھەل بولۇپ ،
(قەدىم تىل ئېگىپ باش ، ماڭا ئەل بولۇپ .)

دېدىم : دەۋرداشلار كىتابنى كۆرۈپ ،
نەزم باغچىسىدا توساقسىز يۈرۈپ .

ئەدىب ئەھمەد لەۋزىگە ئۇچراشسا گەر ،
ئەجەبمەس ئەقىل كانىدىن قازسا زەر .

شۇ چاغ روزى سايىت دىلى شادلىنار ،
يۈزى ئاق ـ يورۇق ، بۇرچىمۇ ئاقلىنار!...

شۇ ۋەجىدىن نەزمىلەشتى يازغانلىرىم ،
ئەپۇ ئەيلەڭىز بولسا ئازغانلىرىم .

## ئىزاھلار :

① سىماك ـ يۇلتۇزنىڭ نامى .
② ھەلىم ـ تىلى يۇمشاق .
③ شەرا ئارسلىنى ـ ئەرەب رىۋايەتلىرىدە ئېيتىلىشىچە، شەرا ئارسلانى ئىنتايىن قەھرلىك ئىمىش .
④ قۇتقىلىق ـ كەمتەرلىك .
⑤ خالىق ـ ياراتقۇچى، ئاللاھ .
⑥ كېسە ـ ئۇزۇل ـ كېسىل .
⑦ ئۇزاتما ئەمەل ـ تەمەگەر بولما .
⑧ ياپا ـ ھەمىشە، ئىزچىل .

# تارىخى رەشىدى[1]

## مىرزا ھەيدەر كۆرەگان

### موللا مۇھەممەدنىياز ئىبن ئەبدۇلغەفۇر تەرجىمىسى

### نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

### سۇلتان سەئىدخان ئوغلى ئەبدۇررەشىدخاننىڭ بايانى

ھازىر تارىخقا توققۇز يۈز ئەللىك ئۈچ[2] بولدى. خاقانلىق تەختىنىڭ ۋە سۇلتانلىق مەرتىۋىسىنىڭ ئىگىسى ھەزرىتى سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئوغلى ئەبدۇررەشىدخان بولۇۋاتىدۇ. بۇ كىتابنى ئاجىز ۋە كۆپ نۇقسانلىق بەندە پېقىر مۇھەممەد ھەيدەر ئەبدۇررەشىدخاننىڭ مۇبارەك ئېتىغا ئاتاپ يازدىم ۋە زىننەتلىدىم. شۇ سەۋەبتىن بۇ كىتابقا «تارىخى رەشىدى» دەپ ئات قويدۇم. بۇ تارىخنىڭ باش قىسمى موغۇل خانلىرىدىن دەسلەپ ئىسلام شەرىپىگە ئىگە بولغان تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ بايانىدۇر. ئۇنىڭ بايانلىرىدىن تاكى سۇلتان يۇنۇسخانغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋەقەلەرنى ئىشەنچلىك ۋە مۆتىۋەر كىشىلەردىن ئاڭلىغان ئىدىم. ئاڭلىغان رىۋايەتلىرىم ئىچىدە ھېچقانداق ئىختىلاپسىز ۋە زىددىيەتسىز مەلۇماتلارنى كىتابتا نەقىل كەلتۈردۈم. ئىختىلاپلىق رىۋايەتلەرنى بايان قىلمىدىم. چۈنكى، ھەرقانداق سۆزدە ئىختىلاپ بار بولسا، ئۇ سۆزنىڭ يالغان بولۇش ئېھتىمالى بار.

يۇنۇسخاننىڭ بايانىدىن باشلاپ تاكى سۇلتان سەئىدخاننىڭ بايانىغىچە بولغان قىسمى ئىككىنچى دەپتەردە يېزىلغۇسى. ئەگەر ئۇنى بۇ يەردە تەپسىلىي بايان قىلساق سۆز ئۇزىراپ كېتىدۇ. شۇڭا، بۇ يەردە ئىخچام بايان قىلىنىپ، تەپسىلاتى ئىككىنچى دەپتەرگە ھاۋالە قىلىندى. ئەمما، ئەبدۇررەشىدخان ئەھۋاللىرىنىڭ تەپسىلاتىمۇ ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغان بولسۇن ياكى بولمىسۇن بۇ يەردە قىسقىچە بايان قىلىش مۇناسىپ كۆرۈندى.

خان موغۇلىستاندىكى كۇنلەردە قېرىندىشى خەلىل سۇلتان بىلەن بىللە ئىدى. مەنسۇرخان كېلىپ چارۇنچالاك دېگەن يەردە جەڭ قىلدى. سۇلتان خەلىل سۇلتان ۋە سۇلتان سەئىدخان يېڭىلدى. ئاشۇ مەغلۇبىيەت سەۋەبىدىن خان موغۇلىستاندا تۇرالماي ئىلاجىسىز ئەندىجانغا كېلىپ، قاماققا چۈشتى. كېيىن ئۇ يەردىنمۇ قېچىپ كابۇلغا بابىر پادىشاھنىڭ قېشىغا باردى. بابىر پادىشاھ خاننىڭ ھاممىسىنىڭ ئوغلى ئىدى. بۇنىڭ تەپسىلاتىمۇ ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسى. [ئەبدۇررەشىدخاننىڭ ئانىسى ئاۋام خەلقتىن ئىدى.

---

① بېشى ئالدىنقىساندا

② ھىجرىيىنىڭ 953 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1546 —— 1547 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

خان خىزمىتى ئۈچۈن ئۇنى نىكاھىغا ئالغان ئىدى. شۇ زاماندىن باشلاپ خانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ كېلىۋاتاتتى. خان ئەندىجاندا قاماقتا چۈشكەن ۋاقتىدا ئۆزبېك پاسىقلىرى ئۇنى خاندىن ئايرىۋەتكەن ئىدى. بۇ چاغدا ئۇ خاندىن ئەبدۇررەشىدخانغا يەتتە ئايلىق ھامىلىدار ئىدى. كېيىن خان كابۇلغا بېرىپ بابىر پادىشاھقا قوشۇلدى. شۇ چاغدا ئايالىنىڭ ئوغۇل تۇغقانلىقى ھەققىدە خانغا خەۋەر كەلدى. خان بۇ ھېكايىنى بابىر پادىشاھقا ئېيتتى. پادىشاھ: «ئېتىنى ئەبدۇررەشىد قويۇڭلار، سۇلتان سەئىدقا ئاھاڭداش بولسۇن» دەپ پەرمان قىلدى. خان بۇ مەقسەتنى ئېيتىپ ئايالغا مەكتۇپ ئەۋەتتى.] دېمەك، ئەبدۇررەشىدخانىنىڭ ئېتىنى بابىر پادىشاھ قويۇپ بەرگەن ئىكەن. بابىر پادىشاھنىڭ مۇبارەك نەپەسلىرىنىڭ بەرىكىتىدىن، ئەبدۇررەشىدخان سۇلتان سەئىدخاندەك ئاتىنىڭ ئورنىدا قارار تاپتى.

تاغام سەئىد مۇھەممەد مىرزا ئۆزبېك جانىبېكخانغا قارشى چىقىپ پەرغانە ۋىلايىتىنى ئۆزبېكلەرنىڭ خېيىم ـ خەتىرىدىن خالاس قىلغاندىن كېيىن، قۇندۇزغا بابىر پادىشاھنىڭ قېشىغا كىشى ئەۋەتىپ سۇلتان سەئىدخاننى ئېلىپ كەلدى. [ئەبدۇررەشىدخان ئۆزبېكلەرنىڭ قولىدا ئەسىر ئىدى. شۇ قېتىملىق غەلىبە بىلەن تۇتقۇندىن قۇتۇلۇپ، بۇزرۇكۋار ئاتىسى بىلەن قوشۇلدى.] مېنىڭ ھەمشىرەم ھەبىبە سۇلتان خانىش سەمەرقەندتىن كەلگەندىن كېيىن خان ئۇنى ئۆز نىكاھىغا ئالدى ۋە ئەبدۇررەشىدخاننى ئۇنىڭغا تاپشۇردى. ئەبدۇررەشىدخاننى ھەمشىرەم ئۆز پەرزەنتىدەك كۆرۈپ تەربىيىلەيتتى. ئەمىر غورى بارلاس ۋاپات بولغاندىن كېيىن موغۇل رەسىم ـ قائىدىسى بويىچە ئاتابېگىلىك مەنسىپىنى ئەمىر غورىنىڭ تاغىسى ئەلى مىرەك بارلاسقا تاپشۇردى. مەۋلانا مۇھەممەد شىرازى تۈرلۈك ئىلىملەردە كامال تاپقان پەزىلەتلىك ئېسىل زات ئىدى. ئۇ پۈتكۈل ئۆمرىنى موغۇل پادىشاھلىرىنىڭ خىزمىتىگە سەرپ قىلغان ئىدى. ئەبدۇررەشىدخاننى ئىلمىي جەھەتتىن تەربىيىلەش ئۈچۈن ئۇنى مەۋلانا مۇھەممەد شىرازىغا شاگىرت قىلىپ بەردى. مەۋلانا سەدرى سۇدۇر (ۋەزىرلەرنىڭ ۋەزىرى) بولۇپ، سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئالدىدا يۇقىرى ئىززەت ۋە ھۆرمەتكە ئىگە ئىدى. ئەبدۇررەشىدخانغا ئەمەلىيەتتە ئاتابېگى مەۋلانا مۇھەممەد شىرازى ئىدى. ئەلى مىرەك بارلاسنىڭ ئاتابېگىلىكى پەقەت بىر رەسمىيەتتىنلا ئىبارەت ئىدى.

ئەبدۇررەشىدخان تارىخنىڭ توققۇز يۈز ئون بەشىنچى يىلى[1] تۇغۇلغان ئىدى. تارىخقا توققۇز يۈز يىگىرمە سەككىز[2] بولغاندا، يەنى ئەبدۇررەشىدخان ئون ئۈچ ياشقا كىرگەندە خان ئۇنى موغۇلىستانغا چىقارتتى.

بۇنىڭ تەپسىلاتى مۇنداق: يۇقىرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، خەلىل سۇلتاننى ئاخسىدا جانىبېكخان ئۆلتۈردى. خەلىل سۇلتاننىڭ ئوغلى بابا سۇلتان تېخى ئەمچەك ئىمەتتى. بابا سۇلتان بىلەن خۇرشىد سۇلتان جانىبېككە ئەسىر چۈشتى. پەرغانە ۋىلايىتىنى ئۆزبېكتىن خالاس قىلغاندىن كېيىن بۇلار خانغا قوشۇلدى. خان ئۇلارنى ئۆز پەرزەنتىدىن ئەزىز كۆرەتتى. خاجە ئەلى باھادىرنىڭ ئىلگىرىكى ۋاقىتلاردىن بېرى خانغا قىلغان خىزمىتى كۆپ ئىدى. شۇڭا، بابا سۇلتان بىلەن خۇرشىد سۇلتاننى ئۇنىڭغا تاپشۇرغان ئىدى، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار خاجە ئەلى باھادىرگە ئاتابېگىلىك مەنسەپىنى تەقدىم قىلدى. خاجە ئەلى باھادىر موغۇللاردىن ئىدى، تولا ئۆمرى موغۇلىستاندا ئۆتكەن ئىدى. شۇ سەۋەبتىن كۆڭلى ئۇ يەرلەرنى ياقتۇرۇپ قالغان ئىدى. ھەمىشە موغۇلىستانغا بېرىشنى ئارزۇ قىلاتتى. شۇ تۈپەيلىدىن خانغا موغۇلىستان ۋە قىرغىزنى بابا سۇلتانغا بېرىشنى ۋە شۇ ئارقىلىق قىرغىز

---

[1] ھىجرىيىنىڭ 915 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1509 —— 1510 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.
[2] ھىجرىيىنىڭ 928 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1521 —— 1522 يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

ۋە موغۇلىستان ئىشلىرىنى چىڭ تۇتۇشنى ئىلتىماس قىلدى. خان بۇ ئىلتىماسنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنىڭغا رۇخسەت بەرمەكچى بولدى. ئەمما، تاغام سەئىد مۇھەممەد مىرزا گەرچە بابا سۇلتان ئۆزىنىڭ كۈيئوغلى بولسىمۇ، لېكىن دۆلەت مەنپەئەتىنى كۆزلىگەنلىكى ئۈچۈن ئۇنىڭغا يۈز خاتىرە قىلماي خانغا مۇنداق مەسلىھەت يەتكۈزدى: «موغۇل تائىپىسىنىڭ ھەممىسى موغۇلىستانغا مايىلدۇر. ئەگەر بابا سۇلتان موغۇلىستانغا بارسا، ھەممە موغۇللارنىڭ موغۇلىستانغا بارغۇسى كېلىدۇ. ئەگەر ئۇلارنى بېرىشنى توسقاندا بابا سۇلتان رەنجىيدۇ، توسمىغاندا ھەممە سىپاھ ۋە ئەمىرلەر موغۇلىستانغا كېتىدۇ. بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا بابا سۇلتاننى موغۇلىستانغا ئەۋەتىش مۇۋاپىق ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى شۇكى، موغۇلىستانغا ئەبدۇررەشىدنى ئەۋەتكەيسىز. چۈنكى، ئۇ ئۆزىڭىزنىڭ پەرزەنتى. ھەرقانچە سىپاھلار ۋە خالايىقلار ئۇنىڭ قېشىغا بارسا، جانابىڭىزغا ئۇنىڭدىن ھېچ نۇقسان يەتمەيدۇ. ئەگەر خالايىقنى موغۇلىستانغا بېرىشتىن توسۇپ قېلىنمىسا ئەبدۇررەشىدخان رەنجىمەيدۇ. گەرچە ئەبدۇررەشىدخاننىڭ يېشى كىچىك بولسىمۇ، شۇنداق قىلىش مۇۋاپىق.» دەپ سۆزىنى تامام قىلدى. بۇ ئىشتا تاغامدىن باشقىلارنىڭ ھەممىسى موغۇلىستانغا بابا سۇلتاننى ئەۋەتىشنى مۇۋاپىق كۆرەتتى. بولۇپمۇ مىرزا ئەلى تاغاي بابا سۇلتان تەرەپدارى ئىدى. بۇ ۋەقەنىڭ ئارىسىدا خاجە ئەلى باھادىر كېسەل بىلەن ۋاپات بولدى. شۇ تۈپەيلىدىن موغۇلىستانغا بابا سۇلتاننى ئېلىپ بارىدىغان مەسلىھەت پۈتۈنلەي توختاپ قالدى.

خاننىڭ رايىمۇ ئەبدۇررەشىدخاننى موغۇلىستانغا ئەۋەتىشكە قارار تاپتى. لېكىن، ئەۋەتىشنىڭ ئۇسۇللىرى ھەققىدە دۆلەت كاتىپلىرىنىڭ ھەربىرى باشقا ـ باشقا تەرىزدە مەسلىھەت بېرەتتى. تاغامنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە ئەبدۇررەشىدخاننىڭ ئەۋەتىش ئۇسۇلى مۇنداق ئىدى: نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قاماقتا يېتىۋاتقان مۇھەممەد قىرغىزنى قاماقخانىدىن بوشىتىپ، ئۇنىڭغا ياخشى ئىلتىپاتلارنى كۆرسىتىپ، موغۇلىستانغا بارغۇسى بارلارنى ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلىپ، مۆتىۋەر خەلقلەردىنمۇ ھەمراھ قىلىپ بېرىپ ئەۋەتىش. ئاخىر خانغا تاغامنىڭ بۇ پىكرى ماقۇل كەلدى. مىرزا ئەلى تاغاينى ئەمىرلەر ئەمىرى قىلىپ، مۇھەممەد قىرغىزنى ئەمىر قىلىپ ماڭدۇرى، شۇ كۈنلەردە ئەلى مىرەك بارلاس ۋاپات بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئوغلى مۇھەممەد بارلاس ئاتىسىنىڭ ئورنىدا ئەبدۇررەشىدنىڭ مۇلازىمىتىدە ئىدى. ئۇمۇ ھەمراھ بولۇپ باردى. تاغامنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن پۈتكۈل لەشكەر چېدىر ۋە پادىشاھلىق ئەسلىھەلىرىنىڭ ئۈچتىن بىر ھەسسىسىنى ئەبدۇررەشىدخانغا بېرىپ، موغۇلىستانغا ماڭدۇرۇلدى. ئۇنى ماڭدۇرۇش مەزگىلىدە خان مېنى ھەرىمگە قىچقارتتى ۋە ماڭا پەرمان بېرىپ: «ئەبدۇررەشىد سۇلتاننىڭ بېلىگە شەمشەر بىلەن ئوقيانى سەن باغلاپ ئېتىغا مىندۇرگىن، ئۇ لەشكىريي ئىشلاردا سېنىڭ شاگىرتىڭ بولسۇن ۋە ئۇنى مۇبارەكلەش بولسۇن» دېدى. بۇ پېقىر تەلەپ قىلىنغان خىزمەتنى بەجا كەلتۈردۈم. خان ئۆزى قوپۇپ ئەبدۇررەشىدخانغا پاتىھە ئوقۇپ دۇئا بەردى ۋە قايتا ـ قايتىلاپ جېكىلەپ: «ئېسىڭدە ساقلا ۋە ئۇنتۇپ قالمىغىنكى، بۇ شەمشەرنى سېنىڭ بېلىڭگە مىرزا ھەيدەر باغلىدى. سەن ئۇنىڭ شاگىرتى بولدۇڭ، ئەگەر سەندىن لەشكىريي ئىشلاردا سەن كىمنىڭ شاگىرتىسەن، دەپ سورىسا نېمە دەيسەن؟» دېدى. ئەبدۇررەشىدخان: «مىرزا ھەيدەرنىڭ شاگىرتىمەن دەيمەن» دېدى. خان: «مىرزا ھەيدەر بولسا مېنىڭ شاگىرتىمدۇر» دېدى ۋە بۇ سوئال ۋە جاۋابنى نەچچە نۆۋەت تەكرارلاپ دۇئا بېرىپ ماڭدۇردى. ئەبدۇررەشىدخان موغۇلىستانغا باردى. قىرغىزلارنىڭ ھەممىسىنى مۇھەممەد قىرغىز مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئۆز تەۋەسىگە ئالدى. موغۇلىستان تولۇق قولغا كىرگۈزۈلدى. بۇ مۇددەت ئىچىدە موغۇلىستاندا نۇرغۇن چىرىك

www.uyghurkitap.com

يىغىلدى.

دېمەك، ئۆزبېك، قازاق ۋە قىرغىزلار دۈشمەنلىك قىلغاندىن كېيىن ئەبدۇررەشىدخان ھەممە تەۋەلىكلىرى بىلەن يېنىپ قەشقەرگە كەلدى.

بابا سۇلتان ۋە شاھ مۇھەممەد سۇلتاننىڭ ۋەقەلىرى ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسى. بۇ ۋەقەگە مۇھەممەد بارلاسنىڭ مۇناسىۋىتى بار ئىدى، شاھ مۇھەممەد سۇلتاننىڭ ۋارىسلىرى مۇھەممەد بارلاستىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنى خاندىن قاتتىق تەلەپ قىلدى. بۇنىڭغا مەن ۋە تاغام توسالغۇ بولدۇق.

ئەلقىسسە، شۇ قىش، يەنى تارىخنىڭ توققۇز يۈز ئوتتۇز تۆتىنچى① يىلى خان مېنى ئەبدۇررەشىدخانغا قوشۇپ بەللۇرغا ئەۋەتتى ۋە مەن ھەمراھ بولۇپ بەللۇرغا باردىم. بۇ سەپەردە ناھايىتى كۆپ خىزمەتلەرنى ئادا قىلدىم. شۇ كۈنلەردە ئەبدۇررەشىدخان ئون سەككىز ياشتا ئىدى. ئۇنىڭ خىزمىتىدە ھېچبىر تەجرىبىلىك، قابىلىيەتلىك ۋە پەزىلەتلىك كىشى يوق ئىدى. بەلكى، ھەممىسى مۇھەممەد بارلاس باشلىق ئادەم سۈرەت، ھايۋان سۈپەت مۇلازىملار ئىدى. ئۇلار بىلەن نېمە ئىش قىلغىلى بولسۇن؟ لېكىن مەن ھەرقانچە ناقابىل بولسامۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىدىن قابىلىيەتلىك ئىدىم ۋە ئەبدۇررەشىدخان بىلەن مۇۋاپىق مۇناسىۋەتتە بولاتتىم. شاھ مۇھەممەد سۇلتان بىلەن بابا سۇلتانغا قانچىلىك مۇھەببىتىم بولغان بولسا، ئۇنى ئەبدۇررەشىدخانغا سەرپ قىلدىم.

نەچچە مۇددەتتىن كېيىن خاننىڭ ھۇزۇرىغا يېتىپ بارغىنىمىزدا، خان پەرزەنتى ئەبدۇررەشىدخاننى ئۆزگىچە ھالەتتە كۆرۈپ، ئۇنىڭ قابىلىيەت پەيدا قىلغانلىقىنى بىلىپ، ماڭا نەچچە قېتىم ئىلتىپاتلارنى قىلىپ، غايىۋانە ۋە ھازىرانە ئېيتتىكى: «مەن سەندىن كۆپ مىننەتدار بولدۇم، رەشىد سۇلتاننى ماڭا بىر قابىل پەرزەنت قىلىپ بەردىڭ، ئۇ لەشكىرى ئىشلاردا كۆپ مۇۋەپپەقىيەت ۋە ماھارەتلەرنى ئىگىلەپتۇ. خۇداغا شۈكرى ئارزۇيۇمدىكىدەك بولۇشقا ئاز قاپتۇ» دەپ ناھايىتى خۇشاللىق ئىزھار قىلدى.

بۇ چاغدا ئاقسۇدىن ئەمىن خاجە سۇلتان توغرىسىدا ھەر خىل يامان خەۋەرلەر ئاڭلىنىشقا باشلىدى. مەن ۋە تاغام سەئىد مۇھەممەد مىرزا بۇنداق خەۋەرلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا كۆپ ئۇرۇنۇپ كۆردۇق. لېكىن، پايدا بەرمىدى. بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىمۇ ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسىدۇر. مىرزا ئەلى تاغاينىڭ شەيتانلىق قىلغىنىنىڭ تەپسىلاتىمۇ ئىككىنچى دەپتەردە بايان قىلىنغۇسى.

قىسقىسى، خاننىڭ پەرمانى بىلەن مېنى ئەبدۇررەشىدخانغا ھەمراھ قىلىپ ئاقسۇغا ئەۋەتتى. ئاقسۇغا بارغىنىمىزدا ئۇ يەردىكى جىمى خالايىق ئالدىمىزغا چىقتى. ئەمىن خاجە سۇلتان خان قېشىغا كەتتى. مەن ئالتە ئاي ئاقسۇدا تۇرۇپ، پۈتكۈل لەشكەر ۋە پۇقرالارنىڭ ئىشلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇردۇم. بۇ ۋەقەدىن ئىلگىرىكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە خان بادام يەپ ئولتۇراتتى، بىر بادام ئىچىدىن ئىككى مېغىز چىقتى. خان بىرىنى ماڭا، بىرىنى ئەبدۇررەشىدخانغا ئىلتىپات قىلدى ۋە: «شۇنداق بىر رەسىم ـ قائىدە باركى، ئىككى كىشى بىر ـ بىرى بىلەن دوست بولۇشماقچى بولسا، بادامنىڭ ئىككى مېغىزىنى يېيىشىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ئىككى مېغىز بىر شاكالنىڭ ئىچىدىكى ۋاقتىدا بىر ـ بىرىدىن ئايرىلماي گوياكى بىر مېغىزدەك تۇرىدۇ. قارىماققىمۇ ئىككى مېغىز ئىكەنلىكى مەلۇم بولمايدۇ. مەن ئىككىڭلارغا شۇ سەۋەبتىن بۇ ئىككى مېغىزنى بەردىم. سىزلەرمۇ بىر دىل ـ بىر مەقسەتتىكى

① ھىجرىيىنىڭ 934 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1527 ــــ 1528 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

دوست بولغايسىزلەر» دېدى. ئىككىلىمىز زېمىننى سۆيۈپ ئەدەب يوسۇننى بەجا كەلتۇردۇق ۋە بىر ـ بىرىمىزگە ئات تارتىپ بەردۇق. بۇلارنى ئېيتىشتىكى مەقسىتىم شۇكى، بىز ئاقسۇدىكى ۋاقتىدا ناھايىتى ئىناق دوست ئىدۇق، بىرلىك ۋە مۇھەببىتىمىز شۇ دەرىجىگە يەتكەن ئىدىكى، دوست دوستقا ئۇنىڭدىن زىيادە مۇھەببەتلىك بولۇشىنىڭ ئېھتىمالى يوق. بۇ دوستلۇقىمىزنى ۋەدە قەسەملەر بىلەن مۇستەھكەملىگەن ئىدۇق. ئەگەر بۇ بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق دەرىجىسىنى تولۇق بايان قىلسام، ئاڭلىغۇچىلار ئۇنى مۇبالىغە دەپ گۇمان قىلىشى مۇمكىن.

ئالته ئايدىن كېيىن يۈز داغ ـ ھەسرەتلەر بىلەن بىر ـ بىرىمىزدىن جۇدا بولۇپ، خاننىڭ خىزمىتىگە ياندىم. ئەبدۇررەشىدخان بىلەن ۋىدالىشىدىغان مەھەلدە بىر پارسىي غەزەل ئېيتقان ئىدىم، بۇ تۆت بېيىت شۇ غەزەلدىندۇر. **نەزمە:**

زىكۇيى تۇ با دەردۇ غەم مىرەۋىم،
جۇدا ئەز تۇ با سەد ئەلەم مىرەۋىم.
تۇ ھەمتايى لەيلى بەھۇسنىيۇ ما،
بەمەجنۇن قەدەم بەرقەدەم مىرەۋىم.

نەگۇيىكى تەنھا تۇ چۇن مىرەۋى،
غەمەت ھەمرەھەستۇ بەھەم مىرەۋىم.
مۇھىتى كەرەم شاھ ئەبدۇررەشىد،
كە زۇ غەرق بەھرى كەرەم مىرەۋىم.

( كوچاڭدىن دەرد ۋە غەم يۈرۈپ كەتتىم. جۇدالىق سەۋەبىدىن يۈزلەرچە ئەلەم بىلەن كەتتىم.
سەن لەيلى كەبى گۈزەلسەن، مەن مەجنۇن كەبى بىچارە ھالدا ئاستا ـ ئاستا كەتتىم.
مېنى يالغۇز كەتتى دېمە، سېنىڭ غېمىڭنى ھەمراھ قىلىپ، بىللە ئېلىپ كەتتىم.
ئەي پادىشاھ ئەبدۇررەشىدخان، سەن مەرھەمەت دېڭىزىسەن، مەن ئاشۇ مەرھەمەت دەرياسىغا بولغان ھالدا كەتتىم. )

ئاقسۇدىن يېنىپ خاننىڭ خىزمىتىگە مۇشەررەپ بولدۇم. ياندۇرقى يىلى خان غازات ئۈچۈن، سەپەرگە چىقتى ۋە مېنى ئالدىن ئەۋەتتى. مەن تىرىشچانلىق بىلەن تىبەتنىڭ بەزى يۇرتلىرىنى ئىشغال قىلىپ تۇرغىنىمدا خان يېتىپ كەلدى. بۇ بەش مىڭ لەشكەر تىبەتتە جەم بولدى. قارىساق بەش مىڭ كىشى تىبەتتە بىر قىش تۇرسا بۇ جاي تولىمۇ كىچىكلىك قىلىدىكەن. شۇڭا خان ئىلاجىسىز مېنى ئىسكەندەر سۇلتانغا قوشۇپ كەشمىرگە بېرىشقا بۇيرۇدى. ئىسكەندەر سۇلتان ئەبدۇررەشىدخاننىڭ بىر تۇغقان ئىنىسى ئىدى. دېمەك، ئۇ قىشنى كەشمىردە چىقاردۇق. باھار ۋاقتىدا خاننىڭ خىزمىتى ئۈچۈن تىبەتكە كەلدۇق. خان يەركەنگە ياندى ۋە مېنى ھۇرساڭ بۇتخانىسىنى ۋەيران قىلىشقا بۇيرۇدى. مەن تۆت ئايلىق يەرگىچە باردىم. خان يەركەنگە يەتمەي يولدا ۋاپات بولۇپتۇ. خاننىڭ مۇلازىمىتىدىكى ئەمىرلەر ئەبدۇررەشىدخانغا بۇ خەۋەرنى يەتكۈزۈش ئۈچۈن، ئالدىن خەۋەرچىلەرنى ئەۋەتىپتۇ. تاغامغىمۇ بۇ ھادىسىدىن ئۈچۈر يەتكۈزۈپتۇ. تاغام خاننىڭ نائىپى سۈپىتىدە بولۇپ، خاننىڭ مېيىتى ئالدىغا چىقىپ تەزىيە مۇراسىملىرىغا مەشغۇل بولۇپتۇ. تارىخقا توققۇز يۈز قىرىق مۇھەررەم ئېيىنىڭ ئونىنچى كۈنى① ئەبدۇررەشىدخان كېلىپتۇ ۋە تاغام ھازا رەسمىيەتلىرىنى بەجا كەلتۈرۈپ، ياقىسى يىرتىلغان ۋە كۆزلىرى ياشقا تولغان ھالدا نالە ـ پىغانلار قىلىپ، ئەبدۇررەشىتخاننىڭ ئالدىغا چىقىپتۇ. ئەبدۇررەشىتخان تاغام بىلەن كۆرۈشۈشى بىلەنلا،

① ھىجرىيىنىڭ 940 ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنى مىلادىيىنىڭ 1533 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىگە توغرا كېلىدۇ.

تاغامنى شىبھەت قىلىپتۇ. [ئۇنىڭ شىبھەت بولغان تارىخىنى «قتلافى المحزم ـ قەتەلا فىل ـ مۇھەررەمە» (مۇھەررەم ئېيىدا ئۆلتۈرۈلگەن) دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەيدۇ.] تاغامنىڭ كوكۇلدىشى بولغان ئەلى سەيدىنىمۇ تاغام بىلەن بىللە شىبھەت قىپتۇ.

شۇنى بىلىش كېرەككى، ياخشى كىشىلەرنىڭ يوسۇنى، مەردانىلارنىڭ قائىدىسى مۇنداق: پادىشاھلاردا ئىككى سۈپەت بولسا ناھايىتى پەخىرلىنىشىدۇ. ئۇنىڭ بىرى، بىر كىشى خىزمەت كۆرسەتكەن بولسا، شۇ خىزمەتنىڭ ۋاستىسى بىلەن ئۇنىڭ گۇناھى ئەپۇ قىلىنىدۇ. تاغام يۇنۇسخاننىڭ ھەمشىرىسىنىڭ ئوغلى ئىدى. ئۇنىڭ ئاتا ـ بوۋىسى پۇشتى ـ پۇشتىدىن باشلاپ موغۇل پادىشاھلىرىنىڭ ئالدىدا ئۇلۇس بېگىلىك مەنسىپىگە ئىگە بولۇپ كەلگەن ئىدى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئالدىدىمۇ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئالدىدا ھېچكىمنىڭ قەدىر ـ قىممىتى تاغامچىلىك يۇقىرى ئەمەس ئىدى. چۈنكى، تاغام خانغا كۆپ خىزمەتلەرنى كۆرسەتكەن ئىدى. بىرىنچىدىن، ئۇ ئەندىجاننى ئېلىپ بەرگەن بولۇپ، خاننىڭ پادىشاھلىقىنىڭ باشلىنىشى شۇنىڭدىن تارتىپ ۋۇجۇدقا كەلگەن. ئىككىنچى خىزمىتى خاننى قەشقەرگە ئېلىپ كەلدى ۋە قەشقەر، يېڭىسار، يەركەننى ئېلىش ئۈچۈن تاغام كۆپتىن ـ كۆپ تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. ئەگەر ئۇنىڭ سەۋەبكارلىقى ۋە تىرىشچانلىقى بولمىغان بولسا، خاننىڭ قەشقەردىن ئۈمىدى يوق ئىدى. تاغامنىڭ شۇنىڭغا ئوخشىغان خىزمەتلىرى ناھايىتى كۆپ ئىدى. شۇڭا، خان دائىم تاغامغا مىننەتدارلىق بىلدۈرەتتى. تاغامنىڭ ئادىللىقىنى بىر ـ بىرلەپ سىناپ كۆرۈپ، ئۇنىڭغا رىئايە قىلاتتى. ئەگەر تاغام ئەبدۇررەشىدخانغا ھېچ خىزمەت قىلمىدى دېيىلگەندىمۇ، ئاتىسىغا قىلغان خىزمىتىنىڭ يۈز خاتىرىسىدىن ئۇنى ئەپۇ قىلىشى لازىم ئىدى. ھالبۇكى تاغام ئەبدۇررەشىدخانغىمۇ كۆپ خىزمەتلەرنى قىلغان. مەسىلەن، ئۆزبېكلەرنىڭ قولىدىن ئۇنى خالاس قىلغان. ئۇنىڭ موغۇلىستانغا بېرىشىغا تاغام سەۋەبكار بولغان. ئەبدۇررەشىدخاننىڭ دۆلىتىنىڭ ئىپتىداسى شۇنىڭدىن باشلانغانىدى. ئەگەر مىرزا ئەلى تاغاي ۋە خاجە ئەلى باھادىرنىڭ غەرىزى بويىچە بولغاندا، ئەبدۇررەشىدخاننىڭ ئورنىدا باباخان سۇلتان بولۇر ئىدى. تاغام ھەمىشە ئەبدۇررەشىدخاننىڭ راۋاج تېپىشىغا، ئۆسۈشىگە تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. ئەمىن خاجە سۇلتان تاغامنىڭ كۆيئوغلى. تاغامنىڭ ئۇنىڭدىن بەش نەۋرىسى بار ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ تاغام بۇ سەۋەب بىلەن ئەمىن خاجە سۇلتاننى ئاقسۇدىن قايتۇرۇپ كېلىپ، ئورنىغا ئەبدۇررەشىدخاننى ئەۋەتىشنى توسىماستىن، بەلكى ئۇنىڭغا ياردەم قىلدى. تاغامنىڭ قىلغان خىزمەتلىرى ھېسابتىن زىيادىدۇر. مۇنچە خىزمەتلىرىنىڭ يۈز ـ خاتىرىسىنى ساقلىماستىن، تاغامنى بىگۇناھ ئۆلتۈرگەنلىكى ئىنتايىن ئەجەبلىنەرلىك ئىشتۇر. بۇ سۆزنى توختاتقىنىم ۋە تىلنى يىغقىنىم تۈزۈك. ئۇلۇغ تەڭرىنىڭ خاھىشى شۇنداق ئىكەن، شۇڭا ئاشۇنداق بولغان بولسا كېرەك ۋە بۇنىڭ ئەجرىنى ياندۇرۇشقا تەڭرى تەئالانىڭ قۇدرىتى بار. «بىز تەڭرىنىڭ ئىگىدارچىلىقىدىمىز ۋە تەڭرىنىڭ دەرگاھىغا قايتقۇچىلارمىز»①.

بۇنىڭدىنمۇ ئاجايىپراق ئىش شۇكى، ئەبدۇررەشىدخان بىلەن زىتلىشىپ كەلگەن ئۇ پىتنە ـ پاساتچىلارنى ئەبدۇررەشىدخان مۇتىۋەر قىلىپ ئۈستۈرۈپتۇ. مىرزا ئەلى تاغايىنى تاغامنىڭ ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇپ قەشقەرگە ئەۋەتتى. مىرزا ئەلى تاغاي قەشقەرگە بېرىپ تاغامنىڭ ئۇرۇغ ـ ئەۋلادىنى ئۆلتۈرۈشتە ھېچبىر كەم ـ كۈستىنى قويمىدى.

ھېكايەت، شەيخ سەئىدى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىدىن نەقىل كەلتۈرۈپ

① «قۇرئان كەرىم»، 2 ـ سۈرە بەقەرە 156 ـ ئايەت.

مۇنداق يازىدۇ: قاتتىق جەڭ ئارقىلىق قۇرەيشىنىڭ ئۇلۇغلىرىدىن يەتمىش كىشى ئىسلام لەشكىرىگە ئەسىرگە چۈشتى. مەككىدىن قۇرەيىش خەلقى پىدىيە ئېلىپ كېلىپ، ئۇلارنى ئېلىپ كېتەتتى. ئەبۇلئاس (تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلامنىڭ كۈيئوغۇللىرىدىن ئىدى. چۈنكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلام ئىسلامىيەتتىن ئىلگىرى پەرزەنتلىرىدىن زەينەب (تەڭرى ئۇنىڭدىن رازى بولغاي) نى ئەبۇلئاسقا بەرگەن ئىدى. ئەبۇلئاس بۇ ۋاقىتقىچە مۇسۇلمان بولمىغان ئىدى. دېمەك، ئەبۇلئاسمۇ بۇ كەلگەن كىشىلەر ئارىسىدا ئەسىرلەر ئۈچۈن مەككىگە پىدىيە ئېلىپ كەلگەن ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلامنىڭ مۇبارەك نەزىرى ئەبۇلئاسقا چۈشكەن ھامان، ئەبۇلئاسنىڭ كۆڭلىدىن دىنسىزلىق قاراڭغۇلۇقى كۆتۈرۈلدى ۋە: «مېنىڭ كۆڭلۈمدە ئىسلامنىڭ مۇھەببىتى ئورۇنلاشتى. مەككىگە بېرىپ يېنىپ كەلگەندىن كېيىن ئىمان ئېيتىمەن» دېدى. ئۇلۇغ ساھابىلەر ئۇنىڭغا: «ئىمان ئېيتىشنى كەينىگە سۈرۈش ياخشى ئەمەس، دۇنيانىڭ ياخشىلىقىنى تېپىش ئۈچۈن، تېزدىن ئىمان ئېيتقىن، شۇنداق قىلساڭ پىدىيىگە ئېلىپ كەلگەن ماللارمۇ تەڭرى ۋە پەيغەمبەرنىڭ ھۆكمى بىلەن ساڭا ھالال بولىدۇ» دېدى. ئەبۇلئاس جاۋاب بېرىپ: «بۇ مال ھەرقانچە ھالال بولغان تەقدىردىمۇ، ھازىر مۇسۇلمان بولسام، خائىنلىق قىلىپ ئىمان ئېيتقان بولىمەن، ئىسلامنىڭ باشلىنىشى خىيانەت بىلەن بولسا ياخشى ئەمەس» دېدى. شۇنداق قىلىپ ئەبۇلئاس مەككىگە باردى ۋە خالايىقنىڭ ئامانىتىنى سالامەت تاپشۇردى. ئاندىن جامائەتنىڭ ئىچىدە ئۈنلۈك ئېلان قىلىپ: «ئاراڭلاردا ھەرقانداق كىشىنىڭ مەندە ئامانىتى بارمۇ؟» دېدى. جامائەتنىڭ ھەممىسى: «ھەممىمىزنىڭ ئامانىتى قولىمىزغا تەگدى، سەندە ھېچ ھەققىمىز يوق» دېيىشتى. شۇندىن كېيىن ئەبۇلئاس دەرھال ئاشۇ جامائەتنىڭ ئارىسىدا ئاشكارا ھالدا ئىمان ئېيتتى ۋە مەدىنىگە ھەزرىتى پەيغەمبەر (تەڭرى ئۇنىڭغا دۇئا ۋە سالام ئەۋەتكەي) نىڭ خىزمەتلىرىگە باردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلام ھەزرىتى زەينەب (تەڭرى ئۇنىڭدىن رازى بولغاي) نى ئىلگىرىكى نىكاھ بويىچە ئەبۇلئاسنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتتى.

بۇ ھېكايىدىن مەقسەت شۇكى، ھەر ئىشنىڭ باشلىنىشى ياخشىلىق بىلەن كەلسە، ئاقىۋىتىمۇ ياخشى بولغۇسىدۇر. ئەمما، ئەبدۇررەشىدخاننىڭ خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇشىنىڭ باشلىنىشى ناھەق قان تۆكۈش ۋە رەھىمسىزلىك بىلەن باشلاندى. ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىمۇ مۇشۇنىڭدىن قىياس قىلماق كېرەك. **نەزمە:**

| | |
|---|---|
| دېمىش ئول خىرەدمەندۇ نىكۇ نىھاد، | ھەمە مولكى ئالەم سىپىھرى نىگۇن، |
| خۇداۋەندۇ ئەدلۇ خۇداۋەندۇ داد. | قاچان ئەرزىگەي تۆككەلى قەترە خۇن. |

دېمەك، ئەبدۇررەشىدخان ۋاپا ئەھلىنى ئۆلتۈرگەندىن كېيىن خانلىق تەختى ۋە سۇلتانلىق كۇرسىدا ئورۇنلاشتى.

خاننىڭ ۋاپات بولغانلىق خەۋىرى مەنسۇرخانغا ئاڭلاندى. مەنسۇرخان ئاقسۇغا لەشكەر تارتىپ كەلدى. ئەبدۇررەشىدخانمۇ يەركەندىن ئاقسۇغا لەشكەر تارتىپ باردى. مەنسۇرخاننىڭ مەقسىتى ھاسىل بولماي ياندى. ئەبدۇررەشىدخانمۇ يەركەن تەختىگاھىغا يېنىپ كەلدى. مەنسۇرخان شۇ يوسۇندا ئاقسۇ ئۈستىگە بىرنەچچە رەت لەشكەر تارتىپ كەلدى. ھەر قېتىمدىلا ئەبدۇررەشىدخان پەتھى نۇسرەت بىلەن غەلىبە قىلدى.

ئەلقىسسە، سۇلتان سەئىدخانغا خىزمەت قىلىپ كەلگەن ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى

www.uyghurkitap.com

ئەبدۇررەشىدخاندىن چۆچۈپ ئۆزىدىن گۇمانلىنىشقا باشلىدى. چۈنكى، ئۇ تاغامنىڭ خىزمەتلىك كىشىنى بىگۇناھ ئۆلتۈردى. شۇ سەۋەبتىن ھەممە ئەمىرلەر خەۋپسىرەپ چۆچۈشۈپ، ئىتتىپاقلىق ۋە بىرلىك تۈگىدى. مىرزا ئەلى تاغاي قاراتېگىنگە قېچىپ كەتتى. بۇ شېئىر گويا ئۇنىڭ ھەسبىھالىدۇر. **نەزمە:**

ئەي زاتىڭا مەكرۇ ھىيلە، جەبرۇ ئەئزەم،
سەندەك يەنە غەددارنى كۆرمەس ئالەم.
دىدىڭكى يوق ئولسە ياخشىلار، مەن قالسام،
يوق بولدى ئۇلار، ۋەلى يوق ئۆلگۈك سەن ھەم.

دېمەك، مىرزا ئەلى تاغاي مەككار شەيتاندەك غايىب بولدى. قالغان ئەمىرلەر ھەممىسى بىرلىشىپ بەزىلىرى خاننىڭ پەرزەنتلىرىنى ئېلىپ خوتەن تەرەپكە بېرىپ، ئەبدۇررەشىدخاننىڭ ئالدىغا چىقتى. قاچقانلار قېچىپ، قالغان ئەمىرلەرنىڭ ھەممىسى قەلئەدە ئىدى، ھەممىسىنى باغلاپ ئەبدۇررەشىدخاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. ئەبدۇررەشىدخان ئۇلارنىڭ ئۆلۈم گۇناھىدىن ئۆتۈپ، چىگرىدىن ھەيدەپ چىقاردى. بۇلار قارشىلىق كۆرسىتىپ يۈز ئۆرۈپ، ئۆلۈمگە لايىق بولغان كىشىلەر ئىدى. ۋاھالەنكى، ئۇلار ھېچقانچە خىزمەتمۇ كۆرسەتمىگەن ئىدى، بۇلارنى ئۆلتۈرمىدى. ئەمما، تاغامنىڭ يېقىن تۇغقانلىق مۇھەببىتى بار ئىدى، كۆرسەتكەن خىزمىتىمۇ تولا ئىدى، يەنە دوستلۇقتا ۋەدە قەسەملەر قىلىشقان ئىدى، ھېچقانداق گۇناھى يوق ئىدى، ئەمما ئەبدۇررەشىدخان ئۇنى ھېچبىر سەۋەبسىز ۋە گۇناھسىز ھالدا ئۇرۇغ ـ ئەۋلادى بىلەن قىرىۋەتتى. **نەزم:**

تۇرفە كەج رەفتاردۇر دۇنيايى دۇن،
دائىما بولغاي ئىلاھا سەرنىگۈن.
كىم ۋەفادار ئولسا، ئول بولغاي خەراب،
كىم مۇنافىق بىرلسا بولغاي كامياب.
كىمكى كۆڭلى راستدۇر بولغاي ھەقىر،
كىمكى كەج راي ئولسە بولغاي بىنەزىر.
كىم مۇلايىم بولسا بولغاي رەنجۇ غەم،
كىم دۇرۇشت ئولسە ئاڭا يەتمەس ئەلەم.
كىمكى بىئازاردۇر بەدھالدۇر،
كىم دىلئازار ئولسە فارىغبالدۇر.
كىمكى فاسىقدۇر مۇئەززەزدۇر داۋام،
كىمكى سالىھدۇر تاپالماس ئېھتىرام.
كىم سەخىيدۇر تەڭدۇرۇر ھالى ئانىڭ،
كىم بېخىل ئولسە تولا مالى ئانىڭ.
كىم دىيانەتلىك ئېرۇر ئولدۇر يامان،
بىدىيانەتلەرگە راھەت تەۋ ئامان.
كىمكى ھەق جوي ئولسە نامەقبۇلدۇر،
كىمكى غەيبەتكويدۇر مەقبۇلدۇر.
بىھەمىيەتلەركى ئېرۇر مۆتەبەر،
كىمكى ھىممەتلىك ئېرۇر ئولدۇر بەتەر.
كىمكى كۆڭلى كەجدۇرۇر يەتكەي گەزەند،
كىمكى ھاسىددۇر ئېرۇر ئول ئەرجۇمەند.
كىمكى بەدئەسل ئولسە ئەيلەر كامكار،
كىم ئەسل ئولسە قىلۇر مەھزۇنۇ زار.
كىمكى دانادۇر ئانى ئەيلەپ زەبۇن،
بىغەمۇ خۇشۋەقتدۇر نادانۇ دۇن.
ياخشىلارنىڭ ئورنىغە بەرمەس مەدار،
كىم ياماندۇر ئانى ئەيلەر پايى مال.
دەھر ئىشى بۇدۇر ئەزەلدىن تا ئەبەد،
بىۋاپا دەرلەر ئانى ئەھلى خىرەت.

دېمەك، ئەمىرلەرنىڭ ئىشىنى يىغىشتۇرغاندىن كېيىن، سۇلتان سەئىدخاننىڭ ھەمشىرىلىرىنى ۋە قىزلىرىنى ۋە زەينەب سۇلتان خانىم (خاننىڭ ئاياللىرى ئارىسىدا خان ھەممىدىن ئامراقى شۇ ئىدى) قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ھەيدەپ چىقاردى ۋە شەيبانىي خاننىڭ ئۆزبېكلىرى بىلەن دوستلۇق ئورناتتى. ھالبۇكى، يۇقىرىدا ئېيتىپ

ئۆتكىنىمىزدەك، ئۇلار قەدىمدىن بىرى دۈشمەن ئىدى. قازاق ئۆزبېكلىرى بولسا قەدىمدىن بېرى دوست ئىدى، ئۇلارنى زەبۇن قىلدى. ئەبدۇررەشىدخان ئۆزىنىڭ ھەمشىرىلىرىنى ئۆزبېككە ياتلىق قىلدى. بۇ ئەبدۇررەشىدخانغا ناھايىتى ھاقارەت بولدى.

ئەلقىسسە، شەيبانىي خان بىلەن ئىتتىپاقلىشىپ قازاق ئۆزبېكلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ ئۇلارنى مەغلۇب قىلدى. ھەقىقەتەن قازاقلارنى مەغلۇب قىلىش چوڭ ئىش. چۈنكى، سۇلتان مەھمۇدخان خان بۇرۇچ ئوغلان بىلەن قارا توقايدا جەڭ قىلىپ تارىخنىڭ سەككىز يۈز يەتمىش يەتتىنچى[1] يىلى ئۆزبېكنى مەغلۇب قىلغان ئىدى. ئاندىن كېيىن تاكى مۇشۇ ۋاقىتقىچە ئۆزبېكنى مەغلۇب قىلالمىغان ئىكەن. بۇ مۇددەت ئىچىدە نەچچە نۆۋەت ئۆزبېك بىلەن موغۇل جەڭ قىلىپ، پۈتۈنلەي ئۆزبېكلەر غالىب كەلگەن ئىكەن. ئەبدۇررەشىدخاننىڭ ئۆزبېكلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقى ناھايىتى ئۇلۇغ ئىش بولۇپتۇ. گەرچە بوۋىسى سۇلتان ئەھمەدخان يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئۆزبېكلەرگە غالىب كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەھمەدخان ئۆزبېككە شەبخۇن[2] ئۇرۇپ، غەلىبە قازىنىپتۇ. باتۇرلار ئارىسىدا شەبخۇن ئۇرۇپ قىلىنغان غەلىبە ئانچە ئېتىبارغا ئېلىنمايدۇ. جەڭ ۋاقتىدا يېڭەلىسە ئاندىن ئېتىبارغا ئېلىنىدۇ. ئەبدۇررەشىدخان بولسا قازاقنى دەل جەڭ مەزگىلىدە يېڭىپتۇ. بۇنى تولۇق تەرىپلەپ ماختىسا ئەرزىيدۇ.

ئەبدۇررەشىدخاننىڭ ئەھۋاللىرىنى ھىندىستان ۋە كەشمىردە تۇرۇپ، ئىشەنچلىك كىشىلەردىن ئاڭلىغانلىرىمنى مۇشۇ يەرگىچە بايان قىلدىم. ئەبدۇررەشىدخان ئۆزبېكلەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلغاندىن كېيىن، ئەندىجان ۋە تۇرپان تەرەپكە لەشكەر تارتىپ بېرىپتۇ. لېكىن، ئىشەنچلىك كىشىلەردىن ھەقىقىي ئەھۋالنى ئاڭلىيالمىدىم، شۇ سەۋەبتىن بۇ كىتابقا يازمىدىم. قەلەمنىڭ تىزگىنىنى تارتتىم. ئەبدۇررەشىدخاندىن سادىر بولغان لاياقەتلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى خالايىق ئەبدۇررەشىدخانغا تەنە قىلىشىپ: «بۇلار مۇھەممەدى بارلاسنىڭ تىرىشچانلىقى بىلەن بولغانمىش» دەيمىش. مۇھەممەدى بارلاسنىڭ بۇ مەرتىۋىگە يەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبى ھېچ مەلۇم ئەمەس. ئۇنى بۇ دەرىجىگە يەتكۈزگۈدەك ھېچبىر خىزمەتكە لاياقىتى يوق. ئۇنىڭ بۇنچىۋالا ئېتىبار تاپقۇدەك نە شىجائىتى ۋە نە پەزىلىتى بولسۇن. شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىكتۇركى، ئەبدۇررەشىدخان ئۇنىڭ سۆزى بىلەن مۇشۇنداق شۇنچە ناشايان ئىشلارنى قىلدى. ئەگەر ئۇ نالايىق ئىشلارنى بايان قىلسام، بىلمىگەنلەر مېنى بىھۇدە تۆھمەت دەپ گۇمان قىلار. بارلاس تائىپىسىنىڭ لەقىمى ئېشەكتۇر. بۇ لەقەم بەئەينى مۇھەممەدى بارلاسقا مۇۋاپىق كېلىدۇ. چۈنكى، مۇھەممەدى بارلاس ئەبدۇررەشىدخاننىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرىنى — ئاتىسىنىڭ خوتۇنلىرىنى دۆلەت چېگرىسىدىن ھەيدەپ چىقىرىشقا شۇنچە تىرىشچانلىق كۆرسەتتى ھەم شۇنداق قىلدۇردى. بۇ ۋەقەنىڭ تەپسىلاتىنى بايان قىلىش مۇناسىپ كۆرۈنمىدى. شۇڭا، بۇ ۋەقەلەرنىڭ بايانىدىن ئۆزۈمنى تارتتىم. ئەمما، مۇشۇ كۈنلەردە پاك ۋە ئۇلۇغ تەڭرى ئەبدۇررەشىدخاننى بۇ بالا - قازادىن خالاس قىپتۇ. ئۇ ئېشەكنى خۇمار كېسىلى نابۇت قىپتۇ. ئۈمىدىم شۇكى، ئەمدى ئەبدۇررەشىدخان ئۇلۇغلۇق تىزگىنىنى ئەقىل قولىغا ئالغاي ۋە يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتقاي. ئۇلۇغ بوۋىلىرى ۋە

---

① ھىجرىيىنىڭ 877 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1472 — 1473 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

② شەبخۇن — كېچىدىكى تۇيۇقسىز ھۇجۇم.

www.uyghurkitap.com

بۈيۈك ئەجدادلىرى يولىدا مۇستەھكەم قەدەم تاشلىغاي. ھەرقانداق بىر ئىشەكنىڭ بىر خاتىرىسىنى ئىزدەپ ئۆز ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا يامانلىق قىلمىغاي. ھەرقانداق سالىھ بىر مەستۇرنى پاكلىق پەردىسى ئىچىدىن چىقىرىپ، ئۇزەڭگە ئاستىغا تاشلاپ خار قىلىشنى راۋا كۆرمىگەي. پاك ۋە بۈيۈك تەڭرى ئۇنى ھەمىشە مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئادالەت بىلەن جاھاندارلىق مەرتىۋىسى ۋە خاقانلىق تەختىدە بەرقارار قىلغاي. تەڭرى ۋە پەيغەمبەر رازى بولمىغان ھەرقانداق نەرسىدىن ئۇنى يىراق تۇتقاي ۋە ئۆتكەن نۇقسان ۋە كەمچىلىكلىرىنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇشقا تەۋپىق ئاتا قىلغاي. ئامىن، ئەي ئالەمنىڭ پەرۋىشكارى بولغان تەڭرى.

گەرچە ئەبدۇررەشىدخاننىڭ ئىچكى دۇنياسى سەل زەئىپراق بولسىمۇ، ئەمما بەدەن قۇۋۋىتى ۋە تەن سالامەتلىكى، خۇش قامەت ۋە خۇش مۇئامىلىلىكى بىلەن يېقىنلىرى ۋە تەختتۇشلىرى ئارىسىدا تەڭدىشى يوقتۇر. ئوق ئېتىشتا ئاتىسىدىن قالسا، ئەبدۇررەشىدخانغا تەڭ كېلىدىغان كىشى كەمرەكتۇر. پالۋانلىق كەسپىدە ۋە شىر ئوۋلاشتا لەھەڭ ۋە ئەجدىھا كەبىدۇر. گۆھەر چاچقۇچى سۆزلىرى لەتاپەت دەرىجىسىگە يەتكەن بولۇپ، خۇسۇسەن روھنى كۆتۈرگۈچى سازنى شۇ قەدەر ماھىرلىق بىلەن چالىدۇكى، ئۇنىڭ ئالدىدا زۆھرە يۇلتۇزى نەغمىسىز، خۇشناۋا بۇلبۇل ناۋاسىز بولۇپ قالۇر. مۇبارەك ئىستېداتى شۇ قەدەر راۋاندۇركى، نەسىر تەرتىپلىرىنى نەزم ئۇسلۇبلىرىغا تارتىدۇ. پەم ـ پاراستى گۈزەللىك، نازۇكلۇق ھالاۋىتىنىڭ تەمىنى تاپقان ئىدى. ئۆزىنىڭ تەبىئىي كامالىتى ۋە ئىرسىيەت جەھەتتىكى پاكلىقى تۈپەيلىدىن، ھەممە ھۈنەر ۋە ئىختىرا قىلىشتا قولى ماھىر ئىدى. شۇ جۈملىدىن بىرى شۇكى، بىر ئۇلۇغ كىشىگە ھۆرمەت يۈزىسىدىن بىرنەچچە خىل ھەدىيە ئەۋەتكەن ئىدى. ئۇلاردىن بىرى قەغەزدىن ياسالغان بىر دەرەخنىڭ سۈرىتى بولۇپ، ئۇنىڭ گەۋدىسى، شاخ ۋە بەرگىلىرىنىڭ ھەممىسى خۇددى دەرەخنىڭ گەۋدىسىدەك، شاخ ۋە بەرگىلەر چىقىرىپ ياسالغان ئىدى. ھۈنەرۋەنلەر ئۇنىڭ ئاجايىپ، غارايىپلىقىغا ھەيران قالغان ئىدى. نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئابدۇرەشىدخان بىلەن ئايرىلىپ كەتتۇق. مەن بار ۋاقىتتا بىلىدىغان نەرسىلەرنىڭ تولىسىنى مەندىن ئۆگەنگەن ئىدى. نەغمە ـ ناۋانى مەندىن ئۆگەنمىدى. بىز ئايرىلىپ كەتكەندىن بېرى يەنە باشقا ھۈنەرلەرنى ئۆگەنسە ئۆگەنگەندۇ. چۈنكى، تەبىئىي قابىلىيەتلىك ئىدى. ھەرقانداق ئىشقا قەدەم قويسا قولىدىن قېچىپ قۇتۇلمايتتى. ئادالەتلىك مۇسۇلمانپەرۋەر پادىشاھ بولسىمۇ، ئەمما مۇساغا ھارۇن ۋەزىر بولۇشى كېرەك ئىدى. ھازىرقى ۋەزىرى ھارۇن ئەمەس، بەلكى فىرئەۋن ئىدى. بەلكى خۇدايى تائالانىڭ ئىنايىتى بىلەن مۇۋەپپەقىيەت تاپقاي.

كىتاب يېگانە پادىشاھ بولغان تەڭرىنىڭ ياردىمى بىلەن تۈگىدى.

ئەي تەڭرىم، بۇ كىتابنى كۆچۈرگۈچى، ئوقۇغۇچى ۋە ئاڭلىغۇچىلارنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلغايسەن.

بۈيۈك تەڭرىنىڭ ياردىمى بىلەن دۈشەنبە كۈنىدە تامام بولدى.

(«تارىخى رەشىدىي» نىڭ 1 ـ تومى تۈگىدى)

**(داۋامى كېيىنكى ساندا)**

# بۇخارا ياكى ماۋەرائۇننەھر تارىخى ①

## ھېرمان ۋامبېرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: **ئابدۇۋاھاپ قادىر**

## مانغىت خاندانلىقى ۋە ئەمىر مەئسۇم

**ھىجرىيە 1199 — 1242 (مىلادىيە 1784 — 1826) - يىللار**

ئاسىيادىكى باشقا مەملىكەتلەرنىڭ كېيىنكى ئەسىردىكى ئەھۋالى ھەققىدە كۆپرەك ۋە دۇرۇسراق مەلۇمات ئېلىنغان ھالدا ماۋەرائۇننەھر ھەققىدە بۇنىڭ ئەكسىچە ئەھۋال كۆرۈلمەكتە. ئۇ يەردىكى مەۋھۇم ئەھۋاللارنى ئوراپ تۇرغان تۇمان ھازىرقى زامانغا يېقىنلاشقانسېرى قويۇقلىشىپ بارىدۇ. ماۋەرائۇننەھر ھەققىدە ئىشەنچلىك ۋە ئاساسلانغۇدەك بىرەر مەلۇمات قوشنا مەملىكەتلەرنىڭ تارىخىدا كۆرۈلمىگىنىگە ئوخشاش، ياۋروپا سەييالىرىمۇ بۇ ۋەھشىيلەشكەن ئۆلكىگە كىرىشكە جاسارەت كۆرسىتەلمىدى ①. شۇڭا، بۇنىڭغا ئاساسەن بىز بۇ ھەقتە ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ نوتۇقلىرىدىن تارالغان يورۇقلۇقلار بىلەنلا قانائەتلىنىشكە مەجبۇرمىز ②. بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى قاپلىغان بۇ قاراڭغۇلۇق ھەممىدىن بەكرەك ئاشتەرخانىيلارنىڭ پۈتۈنلەي يوقىلىپ، مانغىت قەبىلىسىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ھەققىدىكى تەپسىلاتىنى قاپلىماقتا ③. بۇنىڭ دەسلەپكى سەۋەبى مەلۇم بولسىمۇ، لېكىن بىرقەدەر تەپسىلاتقا مۇھتاج.

ماۋەرائۇننەھردە ياشىغان بىرقانچە ئۆزبېك قەبىلىلىرى ئارىسىدا پەقەت مانغىتلارنىڭ ئاشتەرخانىيلاردىن ھاكىمىيەتنى ئۆز قوللىرىغا ئېلىشى تەسادىپىي بىر ۋەقە ئەمەس. بەلكى، بۇ قەبىلىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادا پەيدا بولغاندىن بېرى قازانغان ئەھمىيىتىنىڭ نەتىجىسىدۇر. مانغىتلارنىڭ بىرىنچى ۋەتەنلىرى موغۇلىستاننىڭ شەرقىي شىمالىدىكى بىر ئورمانلىق ئۆلكىدە ئىدى. چىڭگىزخان ئۇنى شۇ يەردىن ئامۇ دەرياسىنىڭ سول قىرغىقىدىكى يەنە بىر ئورمانلىق ئۆلكىگە كەلتۈردى. ھازىر ئۇ يەردە خىۋەلىك قارا قالپاقلار ياشايدۇ. مانغىتلار بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن، چىڭگىزخان ۋاقتىدىلا خېلى كۆپەيدى ھەم خىۋە خانلىرىغا مۇھىم خىزمەتلەرنى كۆرسەتتى. قوڭراتلار بىلەن بىر دەرىجىدە ئۇلار ئەڭ مۇھىم بىر قەبىلە ۋە تۈرك قەبىلىلىرى ئارىسىدا ئەڭ جەسۇر بىر خەلق ئىدى. شۇڭا، شەيبانىي مۇھەممەدخان ئۆزىنىڭ بىرىنچى قېتىم كۆتۈرۈلۈش ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ بىر قىسمىنى ۋەزىپە بىلەن ئۆزىنىڭ خىزمىتىگە ئالدى. كېيىن بۇلار بۇخارا خانلىقىدا، قارشى ئەتراپىدىكى سەھرادا ئورۇنلىشىپ قالدى ھەم بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ جەڭگىۋار روھلىرى، ئىككىنچى تەرەپتىن بۇخارا خاندانلىقىغا بولغان ئالاقىلىرى بىلەن بۇخارا ھۆكۈمىتىدە خېلى نوپۇزغا ئىگە بولدى. كېيىنكى خاندانلىقنىڭ ھۆكۈمدارلىرى ھەقىقىي بىر كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگە بولغان ۋاقىتلاردا مانغىت قەبىلىسىنىڭ بېگى (بايى بىي) ئۆز ھۆكۈمدارىنىڭ ئەڭ سادىق بەندىسى ئىدى.

---

① بېشى ئالدىنقى ساندا

لېكىن، يۇقىرىدا سۆزلەپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئەبۇلفەيز زامانىدىلا رەھىم بىي بۇ خەلق ۋەزىيەتنى ئۆزگەرتتى. ئۇ ۋەزىرلىك ئۇنۋانى ئاستىدا ھەقىقىي ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىپ، يالغۇز ئەبۇل فەيزنىلا ئەمەس، بەلكى ئۆزىنىڭ قىزىنى ئالغان ئۆزىنىڭ ئوغلىنىمۇ ئۆلتۈرگۈزدى. رەھىم بىيدىن كېيىن ۋەزىرلىك مەنسىپى يەنىلا مانغىت قەبىلىسىنىڭ رەئىسى دانىيال بىيگە قالدى. بۇ زات ئانىسى تەرەپتىن ئاشتەرخانىيلارغا مەنسۇپ ئىدى. ئېھتىمال شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۇ ئەبۇلفەيزنىڭ ئىنز باسارى شاھزادە ئەبۇلغازىنى كۆرۈنۈشتىكى بىر خان قىلىپ قويدى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھاياسىز بۇلاڭچىلىق ۋە ئىستىبداتلىقىغا كەڭ يول ئاچتى. ماۋەرائۇننەھرنىڭ كېيىنكى ھۆكۈمرانى بولغان ئەبۇلغازىخان گەرچە ئۆزىنىڭ تومۇرلىرىدا تېخى چىڭگىز قېنىنىڭ ئېقىۋاتقىنىغا قارىماي، ئۆزىنىڭ ۋەزىرى ھەم ئەمىرلەر ئەمىرىنىڭ ئالدىدا شۇ قەدەر دەھشەت ۋە قورقۇنچ ئىچىدە ياشىدىكى، ئۇنىڭ رۇخسىتىسىز خانىسىدىن چىقىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى. پۈتۈن سىپاھلىرىلا ئەمەس، ئىنئام ۋە ئېھسان ھىمايىچىسى بولغان روھانىيلارمۇ دانىيال بىي تەرەپتە بولغانلىقتىن، مۇستەقىل خان بولۇش ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشتىن ئاسان ئىدى. لېكىن، ئۇ بۇنى ئۆزىنىڭ ئوغلى مەئسۇمگە تاشلاپ بەردى. بۇ بولسا ئىشنى شۇ دەرىجىدە ھىيلە ۋە ماھارەت بىلەن يۈرگۈزدىكى، ھۆكۈمەتسىزلىكتىن تويغان بۇخارالىقلار زورلاپ ئۇنىڭ بېشىغا تاج كىيگۈزدى.

كىچىك ۋاقتىدا ئاتىسى تەرىپىدىن بېگىجان[4] چوڭ بولغاندىن كېيىن، شاھ مۇرات دەپ ئاتالغان ئەمىر مەئسۇم ئۆز دەۋرىنىڭ رىياكار سۇفىيلىق ۋە ساختا دىيانەتكارلىق روھىنىڭ مۇجەسسەم نەمۇنىسى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ ياردىمىدە بۇ خىل روھ تېخىمۇ زىيادە تەرەققىي قىلىپ، ئەڭ يۇقىرى دەرىجىگە يەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياشلىق ۋاقتىدىلا دىنىي جامائەتكە مايىللىقىنى كۆرسەتتى. ھەتتا كۆرۈنۈشتىكى قىياپىتىنىمۇ ئۆزگەرتىپ، دەرۋىشلەرچە خىرقىلەرنى كىيدى. بەزىدە پۈتۈن كۈنلەر ۋاقتىنى خانىقالار[5] ۋە مەسجىدلەردە ئۆتكۈزۈپ، زىكرى ۋە دىنىي تەپەككۇرلار بىلەن مەشغۇل بولاتتى. بۇ ۋاقىتلاردا ھېچكىم ئۇنى بىمەززىلىك قىلىۋاتىدۇ، دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. ھالبۇكى، شۇ ۋاقىتلاردا ئۇنىڭ قېرىنداشلىرى ۋە ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى بۇ دۇنيادىكى ئەمەل ـ مەنسەپلەر ئۈچۈن بىر ـ بىرى بىلەن ۋەھشىيانە دۈشمەنلىكتە ياشىماقتا ئىدى. ھەتتا ئۇ ئۆز ھەسسىسىگە تەگكەن ئاتىسىنىڭ مىراسىنىمۇ ئېلىشتىن باش تارتىپ: «بۇنى ئومۇمنىڭ خەير ـ ساخاۋەت ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچىلارغا تاپشۇرۇڭ، مىراس مېلى بىلەن قولۇمنى كىر قىلىشنى خالىمايمەن، بۇ ماللار كىملەردىن يىغىلغان بولسا، شۇلارغا قايتۇرۇلۇپ، مۇمكىن بولغان دەرىجىدە مۇكاپات بېرىلسۇن» دېدى.

ئۆلۈپ كەتكەن ئاتىسى زامانىدا قىلىنغان ئادالەتسىزلىكلەرگە تۆۋە ـ ئىستىغپار يۈزىسىدىن ئۈستۈېشىغا تۆۋە قىلغۇچىلار لىباسىنى كىيىپ، بوينىغا قىلىچ ئاستى ۋە شۇ ھالەتتە ئاھ ـ ۋاھ بىلەن كوچىلاردا يۈرۈپ، ئاتىسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ۋاقتىدىكى پالاكەتلەر ئۈچۈن پۈتۈن ئاھالىدىن ئەپۇ سورىدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى مەيلى ئاھالىنىڭ ياكى روھانىيلارنىڭ بولسۇن چوڭ ھۆرمىتى ۋە مايىللىقىنى جەلپ قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق. ئەگەر ئەمىر مەئسۇم ئۆزىنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن قازانغان ھۆرمەت ۋە مۇھەببەتلىرىدىن پايدىلىنىشنى ئىزدىسە تەخت ئۈچۈن، بىر ـ بىرى بىلەن غوۋغا قىلىۋاتقان قېرىنداشلىرى ۋە باش ـ باشتاق نائىپلىرى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ناھايىتى ئاسان بولغان بولاتتى. لېكىن، ئۇ ئۆزىنىڭ كەلگۈسىدىكى ئىشلىرىنى مۇستەھكەم بىر ئاساسقا قويۇش مەقسىتى بىلەن تاغلاردا بىر مەزگىل سەۋر ـ تاقەت قىلدى. بۇ ۋاقىتلاردا مەسجىد ھويلىسىغا بېكىنىپ، بىر يىل مۇددەتكىچە ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولدى ھەم ئۆزىنىڭ ئەڭ ياخشى ئەسىرى بولغان «ئەينۇل ـ ھىكمە» (ھېكمەت بۇلىقى)

نى شۇ يەردە يازدى[6]. ئۇنىڭ مۇخلىسلىرى توپ ـ توپ بولۇپ ئۆيىگە كېلەتتى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كوچىلاردا كېزەتتى. ئۇ بولسا ئىخلاسمەنلىرىگە دۇئايى پاتىھە بېرەتتى ۋە مۇبارەك نەپىسىنى ھۇرەتتى. ھالبۇكى، شۇ ۋاقىتلاردا مەملىكەتنىڭ ھەر تەرەپلىرىدە باش كۆتۈرگەن ئىسيانلار بارغانچە كۈچىيىپ ھەتتا پايتەختنىڭ ئۆزىدىمۇ گۇرۇھلار ئارىسىدا شىددەتلىك ئۇرۇشلار يۈز بېرىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ بىرىدە مىڭغا يېقىن كىشى ۋە قېرىنداشلىرىدىن بەزىلىرى تالاپەتكە ئۇچرىدى.

بۇنىڭ ئۈستىگە بۇ پالاكەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئاجىز كەلگەن ئەبدۇلئەزىزخان ئەمىر مەئسۇمنى ئىزدەپ مەسجىدكە كەلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىرنەچچە مۆتىۋەرلىرى بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئەبدۇلئەزىز بۇندىن كۆپ يىللاردىن بېرى، بۈيۈك مۇۋەپپەقىيەت بىلەن ئەمىر دانىيال تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان ۋەزىرلىك مەنسىپىنى قوبۇل قىلىشنى ئۆتۈندى ۋە ئۆزىنىڭ ئۇلۇغلۇقى سايىسىدە سۇلھىنى ئارىغا سېلىپ، تەختنىڭ سۇنغان نۇرلىرىنى يېڭىدىن يورۇتۇشقا سەۋەب بولۇشنى ئىلتىجا قىلدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ ئۆلۈمىگە ۋە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ خاراب بولۇشىغا رەھبەرلىك قىلغان بۇ مۆھتەرەم زات بۇ دۇنيالىق ھېچقانداق نەرسىگە قول ئۇزىتىشقا پەقەت بىر قارارغا كېلەلمىدى. ئالدى بىلەن ئىش ئارقىلىق ئەمەس، مەسلىھەتلەر بىلەن ياردەم كۆرسىتىشكە ۋەدە قىلدى. پەقەت شەھرىسەبزىنىڭ ئاسى رەئىسى نىيازئەلى بەگنىڭ تاجاۋۇزلىرى سەۋەبىدىن مەملىكەتنىڭ خەتەرلىك ھالدا قالغانلىقىنى كۆرگەندىن كېيىنلا، ئەمىر مەئسۇم ئۆزىنىڭ بۇنداق چەتتە تۇرۇشىنىڭ خەتەرلىك بولىدىغانلىقىنى سېزىپ، لەشكەر بېشىغا كەلدى ۋە ئاسىيلارنى چېگرا سىرتىغا قوغلىدى. ھەتتا نىياز ئەلى بەگنىڭ دەسلەپتە زورلۇق بىلەن ئىستېلا قىلغان ھىسار ۋە قارشى قاتارلىق جايلارنى يېڭىۋاشتىن قايتۇرۇۋالدى. شۇ يوسۇندا مەملىكەتتە بىرقەدەر تەرتىپ ۋە ئىنتىزام ئورناتتى.

ناھايىتى تەبىئىيكى، ئەمىر مەئسۇمنىڭ سىياسىي نوپۇزى ئاشقانسېرى ئىچكى ھۆكۈمەتنىڭ ھەممە شۆبىلىرىدە بارلىق ئىشلار كۈندىن قالغان ئىسلام ئەھكاملىرىغا مۇۋاپىق يۇرگۈزۈلۈشكە باشلىدى. بۇخارا ھەر دائىم بۇنىڭغا مايىللىق قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، كېيىنكى خانلارنىڭ كۈچسىز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا بۇنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش مۇمكىن بولمىغان ئىدى. بۇ تەقۋادار زاھىد ھۆكۈمدار ئۆزىنىڭ ئىسلام ئەھكاملىرىغا بولغان ئېھتىرامىنى تەكىتلەش بىلەن مەشغۇل بولغان ۋاقىتلاردا، ئەبدۇلئەزىزگە ئەسلىدە ھېچ ئەھمىيىتى بولمىغان خانلىق ئۇلۇغلۇقى بىلەن لەززەتلىنىپ تۇرۇشقا ئىختىيار بەردى. بىر جەھەتتىن ئۆزىنىڭ زاھىد ۋە تەقۋادارلىقىنى مىسال كۆرسىتىپ، ئىككىنچى تەرەپتىن، كەسكىن تەدبىرلەر بىلەن مەقسەتكە ئېرىشكەندىن كېيىن نۆۋەت ئەبدۇلئەزىزگە كەلدى. ئەمىر مەئسۇم ئۇنىڭ ھاياتىدىن نېمىلا بولسا شەرىئەتكە خىلاپ ئىشلارنى تاپتى. شۇنىڭغا ئاساسەن پەخرى ئىستىراھەتكە چىقىرىپ، ئازراق تەمىنات تەيىنلىدى. ئۆزى بولسا قىيامەت دەرۋىشلىكى[7] بىلەن ھېچ مۇناسىۋىتى بولمىغان ئىشلارنى ئىشلەش ئۈچۈن ھىجرىيە 1199 (مىلادىيە 1784) ـ يىلىنىڭ شەئبان ئېيىدا ماۋەرائۇننەھر تەختىگە ئولتۇردى.

ماۋەرائۇننەھر چېگرىسىنىڭ سىرتىدا ئۇنىڭ ئۈچۈن بىرىنچى ئىش مەيدانى تەبىئىي ھالدا ئىران، تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتقاندا ئىراننىڭ شەرقىي شىمال ۋىلايەتلىرىدە بولدى. بىتئەتچىلەر ئۆلكىسى دەپ تونۇلغان بۇ يەرگە ناھايىتى قەدىم زامانلاردىن بېرى بىرقانچە مۇتەئەسسىپ يول باشچىلار ئۆزىنىڭ تالان ـ تاراج قىلىش ھەۋەسلىرىنى قاراتقان ئىدى. ئەمىر مەئسۇممۇ بىرىنچى قېتىملىق غازىلىق[8] مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى مۇشۇ يەردە كۆرۈشنى ئارزۇ قىلدى. لېكىن، تۇران تاجاۋۇزچىلىرىنىڭ بۇ مىڭ يىللىق قەدىمىي پاراكەندىچىلىك يوللىرى ئۇ ۋاقىتلاردا ھازىرقىدەك مۇداپىئەسىز ئەمەس ئىدى. چۈنكى، مەرۋى سەرەخسكە

www.uyghurkitap.com

ئوخشاش بەزى مۇستەھكەم ئورۇنلار جەسۇر شىئىپلەرنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇلار كۆپىنچە بىر دىيانەتكار ئۆزبېك تاجاۋۇزچىلىرىنى توختىتالايتتى ۋە ئۇلارنىڭ سۈننىلىك ۋەزىپىسىنى ئىپادىلىشىگە، يەنى خۇراساننى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىش بىلەن بۇخارانىڭ ئەسىرلەر بازىرىغا ئۇ يەردىن «مال» كەلتۈرۈشلىرىگە جىددىي قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇراتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئەمىر مەئسۇمنىڭ ياكى ئىران مۇئەللىپلىرىنىڭ تەبىرىچە بېگجاننىڭ ئۆزىنىڭ مىڭ ئاتلىقتىن ئەسكىرى بىلەن (بۇ ئەسكەر ھازىرقى تۈركمەن ئالامانىنىڭ زور بىر مىقدارىدىكى نەمۇنىسى ئىدى) بۇ مۇخالىپەتنى يوقىتىشى، يەنى يول ئېچىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس. ئەمىر مەئسۇم تەختكە ئولتۇرغان شۇ يىلىلا مەرۋىگە ئۇستىگە يۈرۈش قىلدى. مەرۋى سەپەۋىيلەر دەۋرىنىڭ بېشىدىن باشلاپلا قاجار خانىدانلىقىنىڭ قولىدا ئۇنىڭ بىر شۆبىسى بولغان ئىززىدىنلىق رەئىسلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. قاجار خانىدانلىقىنىڭ بۇ تارمىقى ئاشتەرخانىيلار بىلەن قېرىنداشلىق[9] مۇناسىۋەتتە بولغانلىقىنى يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن ئىدۇق. شۇنداق بولغان ھالەتتىمۇ مەزھەپ جەھەتتىكى ئىختىلاپ بۇلارنىڭ ئارىسىغا دەھشەتلىك دۈشمەنلىكلەرنى سالدى. ئەمىر مەئسۇم مەرۋىگە ھۇجۇم قىلغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ مۇھاپىزىتى ئاستىدىكى تالان ـ تاراج قىلغۇچى ئوردىلىرىنى بىرنەچچە يىللاردىن بېرى دەھشەتلىك قورقۇنچ ئاستىدا تۇتقان كىشى بايرامئەلىخان ئىدى. لېكىن، ئۇ ھازىرقى دۈشمەنگە قارشى مۇداپىئەدىن ئاجىز قالدى. شۆھرەتپەرەس بولغانلىقى ئۈچۈن ھېرىش ـ چارچاشنى بىلمەيدىغان مىللەتدىشى ئاغامۇھەممەدخان بۇ ۋاقىتلاردا جەنۇبىي ئىراندا گىلان تەختى ئۈچۈن جەسۇر لۇتفىئەلىخان بىلەن جەڭ قىلىۋاتاتتى. خۇراسان بولسا ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇشنى ئارزۇ قىلغان ۋە شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ـ بىرى بىلەن دائىمىي ماجىرادا بولۇۋاتقان خانلار تۈپەيلىدىن بۆلۈنۈپ كەتكەن ئىدى. تۇران تاجاۋۇزلىرىغا قارشى مۇستەھكەم بىر سېپىل ھېسابلانغان ھىرات نادىر شاھنىڭ ئىز باسارى شاھرۇخنىڭ قولىدا بولۇپ، ئۇ بولسا ئاتا ـ بوۋىلىرى بىلەن ئەبۇلفەيزخان ئارىسىدا تۈزۈلگەن ئەھدىنامىگە سادىق ئىدى. شۇنىڭغا ئاساسەن ئۆز خانىدانلىقىنىڭ ئەبەدىي دۈشمىنى بولغان قاجارلار ئۈستىگە پالاكەت كەلگەنلىكى ئۈچۈن، ناھايىتى مەمنۇن ئىدى.

بايرامئەلىخان ھەرقانچە قەھرىمانلىق بىلەن قارشى تۇرغان بولسىمۇ، ئەسكەرلىرىنىڭ كۆرسەتكەن جاسارەت ۋە قەھرىمانلىقى تاكى ھازىرغا قەدەر تىللاردا داستان بولۇپ سۆزلەنسىمۇ ۋە ھەتتاكى قەلئە سىرتىغا چىقىپ ھۇجۇم قىلغۇچى ئەسكەرلەرگە بەزى قوراللىق خوتۇن ـ قىزلارمۇ ياردەملەشكەن بولسىمۇ، لېكىن ئاخىر مەرۋى سېپىللىرىنىڭ يېنىدا تالاپەتكە ئۇچرىدى[10]. ئۆزبېكلەر بۇ شەھەرنىڭ ھەممە ئەتراپىنى ۋەيران قىلدى. پۈتۈن ئاھالىسىنى ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كەتتى. ھەتتا كېلەچەكتە بۇ مەملىكەتتە زىرائەت تېرىشقا ئىمكانىيەت قالماسلىقى ئۈچۈن، يەر سۇغۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ۋە كۆپ ئەسىرلەردىن بېرى ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقان مەرۋى سۇ ئامبىرىنى ۋەيران قىلدى[11]. بۇنىدىن كېيىن ئۆزبېكلەرنىڭ دىيانەتپەرۋەر ۋە تەقۋادار رەھبەرلىرى بۇخاراغا قايتتى. بۇ بىرىنچى تاجاۋۇز ئەمىر مەئسۇمنىڭ كۆپ يىللار داۋام قىلغان ھۆكۈمىتى ۋاقتىدا ئىران ئۈستىگە يۈرگۈزگەن تالان ـ تاراج قىلىش خاراكتېرىدىكى ھۇجۇملىرىنىڭ پەقەت باشلىنىشىدىنلا ئىبارەت ئىدى[12]. بايرامئەلىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن، مەرۋىدە بىرئاز ۋاقىت ئۇنىڭ جەسۇر ئوغلى مۇھەممەد ھۈسەين ھۆكۈم سۈردى. ئافغانلىق تېمۇر شاھ ئاڭا ياردەم كۆرسەتتى. ئاخىر بۇ شەھەرلەرمۇ ئۆزبېكلەر تەرىپىدىن پۈتۈنلەي ۋەيران قىلىندى[13]. ئاھالىسىدىن تۈرك خەلقى زورلۇق بىلەن بۇخاراغا كۆچۈرۈلدى ۋە ئۇلار ئۇ يەردە ھازىرغا قەدەر مەرۋىلىك نامى بىلەن يۈرۈتۈلمەكتە[14]. شۇ ۋاقىتتىن بېرى قەدىمدىكى مەرغىيان ئورنىدا گوياكى ئۇنىڭ ئۆتمۈشتىكى شان ـ شەۋكىتىنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ، قاقاس سەھرادا بىرنەچچە تۇپراق

ئۆيلەرنىڭ خارابىلىرىلا ساقلىنىپ قالدى[15]. ھىجرىيە 1205 (مىلادىيە 1790) - يىلىدا سارقىيلار ۋە ئۇلاردىن كېيىن دەسلەپتە بىرئاز غەرب تەرەپتىكى ئاخالدا ياشىغۇچى تىكە تۈركمەنلىرى ھىجرىيە 1250 (مىلادىيە 1834) - يىلىدا بۇ خارابىلارنى ئىگىلىدى. شۇ ۋاقىتتىن بېرى بىر زامانلار ئىران سانائىتى تەرەققىي قىلغان بۇ يەرلەردىكى تۈركمەن چېدىرلىرى ئاستىدا مەيۇس ۋە ئىزتىرابلىق كۆزلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ يېقىن ۋەتەنلىرىگە تىككەن بىچارە ئىران ئەسىرلىرىنىڭ زەنجىرلىرىنىڭ ئاۋازىغا قوشۇلغان ئاھ - ۋاھلىرىنىڭ ئۈنىلا ئاڭلىناتتى.

بۇنىڭ ئىككىنچى يىلىدا نۆۋەت مەشھەدكە كەلدى. لېكىن، ئۇنىڭ قەلئەلىرى بۇ ھۆكۈمرانىنىڭ ئارزۇسىغا قارشى ھالدا ھەيۋەتلىك گەۋدىسىنى كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، دىيانەتپەرۋەر لەشكەرىي رەئىس ئۆزىنىڭ چۈشىگە ئىمام رىزا كىرىپ، مەشھەدكە ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىغا تاجاۋۇز قىلماسلىققا ئەمىر قىلغانلىقىنى ئېلان قىلدى ۋە: «بىلىمەن، ئىمام رىزا ھاياتتۇر. ئۇنىڭ تىنچلىقىنى بۇزغىنىم ئۈچۈن ماڭا غەزەپلەنمىسۇن» دېدى. شۇنىڭ بىلەن يەنە يېقىن ئەتراپتىكى كەنتلەرنى بۇلاپ - تالاپ قايتىپ كەتتى.

ئىراننىڭ شەرقىي شىمال تەرىپى شەيبانىي ھەم ئەبدۇلمۇئمىن كىرگەن ۋاقىتتىن بېرى ھېچبىر زاماندا بۇ قەلەندەر سۈپەت خاننىڭ دەۋرىدىكىدەك تۇران ئوردىلىرىنىڭ كۆپ ۋە قاتتىق تاجاۋۇزلىرىغا دۇچار بولمىغان ئىدى. مىرزا سادىقنىڭ بايانىغا قارىغاندا، بۇ بۇلاڭ - تالاڭ خاراكتېردىكى تاجاۋۇزغا قاتناشقۇچى ئۆزبېك ۋە تۈركمەنلەرنىڭ سانى ھېچ ۋاقىت يىگىرمە مىڭدىن كەم بولمىغان. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، بۇخارانىڭ ئەسىر بازىرى شۇ قەدەر تولۇپ كەتكەن ئىدىكى[16]، ياخشىغىنە بىر شىئىي ئەسىرنى بىرنەچچە تەڭگە (تەڭگە فرانكتىن بىرئاز كەم) سېتىشقىمۇ مۇمكىن بولمىغان. دەرۋىشلىك ھاياسى بىلەن ئۆزىنى پەردازلىغان، دۇنيانىڭ داغدۇغا ۋە زىننەتلىرىگە ھاقارەت كۆزلىرى بىلەن باققانلىقىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، ناچار ئاتقا مىنىپ يۈرگەن، ئەرزان لىباسلارنى كىيىپ، ئەسكى چېدىرلاردا كىرلىق گىلەم (پالاس) ئۈستىدە ياتقان ۋە بەزىدە سائەت - سائەتلەپ دىنىي تەپەككۇرغا تولغان بۇ كىشى تۈپەيلىدىن نەقەدەر كۆپ ئائىلىلەرنىڭ خاراب بولغانلىقىنى، قانچىلىغان ئائىلىلەرنىڭ بەخت - سائادەتلىرى يىمىرىلىپ، ئاچچىق كۆز ياشلىرىنىڭ تۆكۈلگەنلىكىنى كىم بىلسۇن. ھالبۇكى، بۇ بەدخاھ ھۆكۈمدار ئۆزىنىڭ شۇنداق يامان مۇئامىلىسىنى ئىرانغا نىسبەتەن ئون ئىككى يىل داۋام قىلدى.

ئاخىر ھىجرىيە 1212 (مىلادىيە 1797) - يىلىدا ھازىرقى ئىران سۇلالىسىنىڭ قۇرغۇچىسى بولغان ئاغامۇھەممەدخان پارس ۋە ئازەربەيجاندا بىرئاز تىنچلىق ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، بۇ دەھشەتلىك پالاكەتلەرگە خاتىمە بېرىش مەقسىتى بىلەن خۇراسانغا كەلدى. ئۆز مەملىكىتىنىڭ ئىچكى ئەھۋالى ئارزۇ قىلغاندەك دەرىجىدە مۇستەھكەم بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى قىرغىقىدا لەشكىرىي ھەرىكەت قىلىشنى لايىق كۆرمىدى ۋە ئۇنىڭدىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشقىمۇ ئىشىنەلمىدى. شۇڭا، ئۇ ئالدى بىلەن ئۆزبېكلەرنى سىياسىي يول بىلەن چېكىندۈرۈشنى تەشەببۇس قىلىپ كۆردى ۋە ئىززىدىنلىق مۇھەممەد ھۇسەين ۋاسىتىسى بىلەن ئۇنىڭغا مەكتۇپ يوللىدى. بۇ مەكتۇپ ناھايىتى دىققەت قىلىشقا ئەرزىيدۇ. چۈنكى، بۇنىڭدا بىرىنچى قېتىم تۈرك خەلقىنىڭ مىللىي بىرلىكىگە ئىشارەتلەر كۆرسەتتى[17]. «رەۋزەتۇس - سەفا»دا بايان قىلىنغان بۇ مەكتۇبنىڭ مەزمۇنى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

… «سەپەۋىيلەرنىڭ ھەم مۇھەممەد شەيبانىي خان ئەسىرداشلىرىنىڭ نادىر شاھقا قەدەر بولغان تارىخلىرىنى تەكرارلاشنىڭ ھاجىتى يوق. مەن ناھايىتى ياخشى بىلىمەن ۋە ساڭىمۇ مەلۇمكى، بەلخ، مەرۋى، زەمىندار، سىيستان، قەندىھار ۋە كابۇل قاتارلىق جايلار ھەرقاچان

ئىران مەملىكىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ كەلدى. ئەمدى قانداق بولۇپ بەلخ بىلەن مەرۋىنى ئىشغال قىلىپ ۋە بۇ كېيىنكى شەھەردە بىزنىڭ ئېسىل ۋە مۇنەۋۋەر خانىدانلىقىمىزغا مەنسۇپ بولغان بايرامئەلىخاننى ئۆلتۈرگۈزۈش سېنىڭ ئەقلىڭگە سىغدى؟! ياكى سەن ئىران بىلەن تۇران ئوتتۇرىسىدىكى قەدىمىي دۈشمەنلىكنى يېڭىدىن باشلىماقچىمۇ؟! لېكىن، بۇنىڭ ئۈچۈن سەن تېخى ئۆلگۈرەلمەيسەن ⑱. ئارسلاننىڭ قۇيرۇقىنى ئويناش ياكى قۇلىقىنى غىدىقلاش ئەقىللىق ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس. پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ئادەم بىلەن ھاۋادىن ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكى مەلۇم. ئەگەر سەن ئۆزۈڭنىڭ تۇران خانىدانلىقىغا مەنسۇپلۇقۇڭ بىلەن پەخىرلىنىدىغان بولساڭ، بىلگىنكى مەنمۇ شۇلارغا مەنسۇپمەن. قاجار نويانىنىڭ ⑲ شەۋكەتلىك نەسىللىرى مانغىت ۋە قوڭرات ئائىلىسىگە قارىغاندا ئېسىل ۋە شەۋكەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سەلتەنەت جەھەتتە مەشھۇر سۇلدۇز ۋە جەلاھىر خاندانلىرىغىمۇ يېقىندۇر ⑳. ئىران، تۇران، رۇم، رۇس، قىتان ۋە ھىند مەملىكەتلىرىنى ئالىي تۈرك خانىدانلىقلىرىنىڭ باشقۇرۇشىغا بەرگەنلىكى ئۈچۈن، بىز مۇتلەق قۇدرەت ئىگىسى بولغان تەڭرى تەئالاغا تەشەككۈر ئېيتىشقا تېگىشلىكمىز. ھەربىرى ئۆز مەملىكىتى بىلەن قانائەت قىلسۇن. ھېچبىرى ئۆز مەملىكىتىنىڭ سىرتىغا قول سوزمىسۇن. مەن ئىراننىڭ قەدىمىي چېگرىسى ئىچىدە تىنچ ياشاشنى تىلەيمەن ۋە بىزدىن ھېچكىم ئامۇ دەرياسىنى كەچمىسۇن ...»

ئىككىنچى بىر ئىران تارىخى مەنبەسىنىڭ بايانىغا قارىغاندا، بۇ مەكتۇب پۈتۈنلەي باشقىچە مەزمۇندا يېزىلغان. ئەگەر ئەمىر مەئسۇم ئىران ئەسىرلىرىنى دەرھال قويۇۋەتمىسە، ئۇنىڭغا تەھدىت كۆرسىتىلگەن. ئەمىر مەئسۇمنىڭ جاۋابىمۇ شۇنىڭغا مۇۋاپىق بېرىلگەن. ھەتتا ئۇ قاجارلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى بولغان ئاغاخاننى ئاختاخان، يەنى پىچىلغان خان دەپ ھاقارەتلەشكە جۈرئەت قىلغان. «نۇزھەتۇت ـ تەۋارىخ»تا بايان قىلىنىشىچە، ئەسىرگە چۈشكەن ئىرانلىقلارنى ئەسلا قايتۇرۇپ بەرمىگەن. ئەگەر شۇ ۋاقىتلاردا رۇسىيە ئىمپېراتورى يېكاتېرىنا Ⅱ ئۆزى ھىمايە قىلىۋاتقان گروزىنلارنىڭ ئىران ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن كۆرگەن زۇلۇملىرىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئاغامۇھەممەدخانغا قارشى تاجاۋۇز قىلغانلىقى سەۋەبىدىن بۇمۇ ئۆزىنىڭ دىققىتىنى ھەم ئەسكىرىي كۈچىنى ئارقىس دەرياسى بويىغا (كاپكازغا) قارىتىشقا مەجبۇر بولمىغان بولسا، شۇ ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام دۇنياسىنىڭ ئىككى بۈيۈك ئاجايىپ ئادىمى، يەنى بىرى پىچىلغان، يەنە بىرى تىلەمچى قىياپەتلىك دەرۋىش ئىككى ھۆكۈمدارى ئارىسىدا شىددەتلىك ئۇرۇش باشلىنىپ، جاھان ئەھلى ئالدىدا ئاجايىپ بىر مەنزىرە پەيدا بولغان بولاتتى. لېكىن، بۇلارنىڭ ئارىسىغا ئۈچىنچى بىر كۈچ، يەنى رۇس قوشۇنى قىستىلىپ كىردى. گەرچە كېيىن ئۇلارنىڭ ئىككىسىلا بىرى ئارقىسىدىن يەنە ئىككىنچىسى قايتۇرۇلغان بولسىمۇ، نىيىتى يامان ئۆزبېك ھۆكۈمدارىغا ئۆز ھىمايىسىدىكىلەرنى باشلاپ ئىرانغا يېڭىدىن تاجاۋۇز بىلەن بۇلاڭ ـ تالاڭ يۈرگۈزۈشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى.

ئەمىر مەئسۇم دىن تەرىپىدىن پەرمان قىلىنغان جەڭگىۋارلىق ھەۋىسىنى يالغۇز شىئەلەر ئۈستىگە ھۇجۇم قىلىش بىلەنلا قاندۇرالمىدى، سۈننىلەر بىلەنمۇ جەڭ قىلدى. لېكىن، ئۇ بۇ جەھەتتە غازىلىق ئۇنۋانىنى ئالالمىدى ۋە ئۆزىنىڭ ئىستىبلاچىلىق پىكىرلىرىنى پايدىسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالغاندا دەرۋىشلىك ھاياسى ئاستىدا يوشۇرۇشقا تىرىشتى. ئارىيان ئىرقىغا مەنسۇپ بولغان ئافغانلىقلار مەھمۇد غەزنەۋى ۋاقتىدا كىچىك بىر قەبىلە بولۇپ، سۇلايمان تاغ تىزمىلىرىدا ياشايتتى. كېيىن ئۇلارمۇ كۆپىيىپ تارالدى. ھازىر ئۇلار ئامۇ دەرياسى بىلەن ھىندىستان ۋە ئىران يايلاقلىرى بىلەن پامىر ۋە سىيستان ئارىسىدىكى ھەممە يەرنى دېگۈدەك ئىشغال ئەتتى. ئەمىر مەئسۇم زامانىدىمۇ ئۇلار ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخلىرىدا خېلى

مۇھىم تەسىرگە ئىگە بولغان ئىدى.

ئۆزبېكلەرنىڭ ئىشغالىيىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۇلار مىلادىيە ھېسابىدا تاكى 18 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىغا قەدەر دېگۈدەك ھالدا بەزىدە ھىندىستان ئىمپېراتورلىرىغا، بەزىدە ئىران ھۆكۈمدارلىرىغا ئۇلپان تۆلەپ تۇردى. لېكىن، ئىراندا سەپەۋىيلەر خاندانلىقىنىڭ شەۋكىتى ئۆچكەندىن كېيىن ئافغانلارنىڭ گىلزاي قەبىلىسىدىن مەھمۇد ناملىق كىشىنىڭ باشلىقىدا ئىسپاھان تەختىنى پۈتۈنلەي غۇلاتتى. گەرچە نادىر ئۇلارنى ئىران چېگرىسى ئىچىدىن پۈتۈنلەي ھەيدەپ چىقارغان بولسىمۇ، بۇ مەشھۇر جەڭچىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بىر تەرەپتىن ھىندىستاندا موغۇل مەملىكىتىنىڭ ئاجىزلىشىشى، ئىككىنچى تەرەپتىن ئامۇ دەرياسى بويىدا ئۆزبېك ھاكىمىيىتىنىڭ زەئىپلىشىشى ئافغانلارنىڭ نادىر مەملىكىتىنىڭ ھىندى بىلەن ئامۇ دەرياسى قىسمىدا ئۆز ھاكىمىيەتلىرىنى مەيدانغا چىقىرىشقا يول ئاچتى. دەۋراني تارمىقىدىن ئەھمەد شاھ نادىرنىڭ ئىز باسارى شاھرۇخ بىلەن ئىتتىپاق تۈزدى ۋە ھىجرىيە 1166 (مىلادىيە 1757) ـ يىلىدا بۇخارا خانلىقىدىن ئامۇنىڭ پۈتۈن بېرىقى تەرىپىنى تارتىۋالدى. مەيمەنە، ئەندىخۇي، ئاقچى، شىبۇرغان، سەرىپۇل، خولۇم، بەدەخشان، بەلخ ۋە باميان قاتارلىق جايلارنىڭ ھەممىسىدە ئىستېلا ئۈچۈن ئەۋەتىلگەن ھەم ھەربىي مۇۋەپپەقىيەتلىرى بىلەن سەدرى ئەئزەم (باش ۋەزىر) لىك ئۇنۋانى ئالغان گېنېرال بېكىخانغا [21] ئىتائەت قىلىشنى ئىلتىماس قىلدى. باشباشتاق نائىپلار ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان بۇ ۋىلايەتلەرنىڭ يوقىلىشى ئۇ ۋاقىتتىكى زەرەپشان ھۆكۈمدارىغا، تېخىمۇ توغرىراقى ئۇنىڭ پۈتۈن كۈچىنى ئۆز قولىدا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقان ۋەزىرى دانىيال بەگكە كۆپ تەسىر قىلمىدى.

لېكىن، بۇ خىل ئەھۋال ئۇنىڭ ئوغلى ئەمىر مەئسۇمنىڭ روھىغا بىردىنلا خۇش ياقمىدى. ئافغانلار ھاكىمىيىتىنىڭ كېڭىيىشى كۆپتىن بېرى ئۇنىڭ كۆزىگە چوكا بولۇپ چوقۇلۇۋاتاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەھمەد شاھنىڭ ئىز باسارى تېمۇر شاھ ھىجرىيە 1203 (مىلادىيە 1788) ـ يىلى بەھالپورغا قارشى ھەربىي يۈرۈش ئۈستىدە بولۇۋاتقاندا ئۆزبېك خانى كېلىپ، يېڭىدىن ئامۇ دەرياني كەچتى ۋە يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ۋىلايەتلەرنى ھەممىسىنى بولمىسىمۇ، كۆپ قىسمىنى بېسىۋالدى. تېمۇر شاھ بۇنىڭدىن خەۋەر تېپىپ ئۆزىنىڭ مۇخالىپەتچىسىگە خەت ئەۋەتتى ۋە ئەمىر مەئسۇمنىڭ دىن پەردىسى ئاستىدا ھاكىمىيەت ۋە شۆھرەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقانلىقىنى، دەۋرانى خاندانلىقى بىلەن ئۆزبېك ھۆكۈمدارلىرى ئوتتۇرىسىدا دوستانە مۇناسىۋەتنىڭ داۋام قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، دىنىي سەۋەبلەر ئۈچۈن ھېچبىر ھۆكۈمدارنىڭ ئىككىنچى بىر مەملىكەت خەلقى بىلەن جەڭ قىلىشقا ھەققى يوقلۇقىنى، ھالبۇكى ئەمىر مەئسۇمنىڭ ھەق دىنغا كىرگۈزۈش باھانىسى بىلەن مەرۋىنى بېسىۋېلىپ، ئاھالىسىنى ئەسىر قىلىپ كەتكەنلىكىنى ئەگەردە ئۇنىڭ باشقىلارنى ھەق دىنغا كىرگۈزۈش ئارزۇسى سەمىمىي بولسا، نېمە ئۈچۈن ئافغانلارغا قارشى ئۇرۇش باشلىغانلىقىنى ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ھىندىستانغا ھۇجۇم قىلىپ ئۇ يەردىكى شۇ قەدەر كۆپ كۇپپار مەجۇسى، خىرىستىئان ۋە يەھۇدىيلارنى يوقىتىشىغا توسقۇنلۇق قىلغانلىقىنى، ئاخىر پۈتۈن خەلقى سۈننى مەزھىپىدە بولغان شەھرىسەبز، خۇجەند ئاھالىسىنىڭمۇ تۈركمەنلەر بىلەن جەڭ قىلىۋاتقانلىقىنى قانداق مەنىدە چۈشەندۈرۈش كېرەكلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزىدىن ياردەم سورىغانلىقىنى ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىپ تېزدىن تۈركىستانغا قارشى ھەربىي يۈرۈشكە چىقىدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

ھىجرىيە 1204 (مىلادىيە 1789) ـ يىلى تېمۇرشاھ ياخشى قوراللانغان كۆپ مىقداردىكى ئەسكەرنىڭ [22] بېشىدا بولغان ھالدا ئامۇ دەريا بويىغا يېتىپ كېلىپ، ئالدى بىلەن ئاقچىغا ھۇجۇم قىلدى. شەھەرنىڭ ئۆزبېك رەئىسى رەھمەت بېي دۈشمەن كۈچىنىڭ ئۈستۈنلۈكىنى كۆرۈپ، كىلىف يېنىدىكى ئۆز ھۆكۈمدارىنىڭ ئوردىگاھىغا قاچتى.

ئەمىر مەئسۇم بۇ ۋاقىتتا كۆپلىگەن ئەسكەرلىرى بىلەن خۇراسانغا ھۇجۇم قىلىشقا

هازىرلىنىۋاتاتتى. ئافغانلارنىڭ ھۇجۇم قىلغانلىق خەۋىرى ئۇنىڭغا بەكمۇ يامان تەسىر قىلدى ۋە ئۇلار بىلەن دەرھال سۇلھى ــ سالا يولىغا كىرىشكە ھازىرلاندى. لېكىن، دۈشمەن ئالدىدا ئاجىزلىق كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن، رەھمەت بېيىنى سۇلتان مۇراد بېي ھەم بىر بۆلۈك ئەسكەر بىلەن قايتىدىن ئاقچىغا ئەۋەتتى. نەتىجىدە ئافغانلار بىلەن ئىككى ئارىدا ئازراق جەڭ بولدى.

لېكىن، ئەمىر مەئسۇم تېمۇر شاھنىڭ بۇ جەڭنى باشلىشى بىر ھەۋەس ئۈچۈنلا بولمىغانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن سۇلھىگە تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭ ھوزۇرىغا بۇخارانىڭ ئەڭ مۆتىۋەر موللىرىدىن تەشكىللەنگەن بىر ۋەكىللەر ھەيئىتىنى ئەۋەتتى. ئۇ لازىم كەلگەندە ۋە پايدىلىق ۋاقىتتا ھەر زامان ئىشلىتىدىغان ئۇسۇلى بويىچە ھازىرمۇ ئۆزىنى يۇقىرى دەرىجىدە سۇلھى ۋە تىنچلىق تەرەپدارى قىلىپ كۆرسەتتى. ئافغان ھۆكۈمدارى يۇقىرىدا بايان قىلىنغان مەكتۇپتا ئۇنى ھىيلىگەرلىك ۋە رىياكارلىقتا ئەيىبلىگەن بولسىمۇ، ئاخىر يەنىلا ئۇنىڭ دامىغا چۈشۈپ، سۇلھى تۈزدى ۋە بۇنىڭ بىلەنلا قالماستىن، قورال كۈچى بىلەن ئىشغال قىلىنغان شەھەرلەرنىمۇ يېڭىۋاشتىن ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بەردى.

تېمۇر شاھ سالامەت ۋاقتىدا ئەمىر مەئسۇم ئىككى ئارىدىكى ئەھدىنامىگە رىئايە قىلىپ، ئۆز ئورنىدىن قوزغالمىدى. ئۇ ھىجرىيە 1208 (مىلادىيە 1793) ــ يىلى ۋاپات بولۇپ، ئورنىغا ئۇنىڭ ئوغلى شاھزامان قالغىنىدا ئەمىر مەئسۇم دەرھال بەلخكە تاجاۋۇز قىلدى ۋە پىستۇرما ۋاستىسى بىلەن ئۇنىڭ نائىپىنى ئەڭ ياخشى تۆت مىڭ ئەسكىرى بىلەن قوشۇپ ئەسىرگە ئالدى ۋە دەرھال بەلخنى قورشىدى. ئۇلارنىڭ رەئىسلىرىنى كۆرگەن باشقا ئەسكەرلىرىنىمۇ تەسلىم بولىدۇ، دەپ ئۈمىد كۈتكەن ئىدى، لېكىن ئۇ بۇ ھېساباتىدا يېڭىلىشتى. ئۇلار تەسلىم بولمىدى. بۇنىڭغا قارشى ئۇ ئەگەر ئافغانلار قارشىلىقنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدىغان بولسا، ئەسكەرلەرنىڭ كۆز ئالدىدا رەئىسلىرىنى ئۆلتۈرىدىغانلىقى بىلەن تەھدىت سالدى ھەم شۇنداق قىلدى. لېكىن، ئافغانلار زادى تەسلىم بولماستىن، شاھزاماننىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا خوراسان سەپىرىدىن كابۇلغا قايتقانغا قەدەر بەرداشلىق بېرىشنى قارار قىلدى ۋە تېزدىن قۇتۇلۇشنى ئۈمىد قىلدى. ئەمىر مەئسۇممۇ بۇ خىل ئېھتىماللىقنى كۆزدە تۇتۇپ تەييارلىق كۆرۈۋاتاتتى. لېكىن، بۇ ئىش بىر ئاز ئۇزىراپ كەتكەنلىكتىن ئەمىر مەئسۇم بىر تەدبىر بىلەن ئۆزىنى سالامەت قۇتقۇزۇش ئۈچۈن، بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىشنى قارار قىلدى. بەلخ ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى رايونلارغا بولغان دەۋاسىدىن ۋاز كېچىشكە ۋە بۇندىن كېيىن تېمۇر شاھ بىلەن ئىككى ئوتتۇرىدا تۈزۈلگەن ئەھدىنامىگە رىئايە قىلىشقا ۋەدە بېرىپ، كابۇلغا شاھزاماننىڭ ھوزۇرىغا بىر ۋەكىللەر ھەيئىتىنى ئەۋەتتى. ئۆزىنىڭ ھىندىستاندىكى ئىستىپلالىرى بىلەن بەكمۇ زىيادە چارچىغان شاھزامان بۇ سۇلھىگە خۇشاللىق بىلەن رازى بولدى. شۇنداق قىلىپ ئەمىر مەئسۇم يەنە ئۆزىنىڭ ھىيلىگەرلەرچە سىياسىتىنىڭ ياردىمىدە تېگىشلىك پالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قالدى.

لېكىن، كۆز ئالدىدىكى ئافغان ھۆكۈمرانىغا قارشى دۈشمەنلەرچە مۇئامىلىسى بۇنىڭ بىلەنلا تۈگەپ قالمىدى. شاھزاماننىڭ قېرىندىشى ۋە دۈشمىنى بولغان شاھ مەھمۇد تەخت دەۋاسى بىلەن بىرنەچچە قېتىم كۆتۈرۈلگەن بولسىمۇ، مۇۋەپپەقىيەت قازىنالماي ئاخىر ھىجرىيە 1214 (مىلادىيە 1799) ــ يىلى قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغىنىدا، ئۇنىڭغا بۇخارادا پانالىق بەرگۈچى كىشى ئەمىر مەئسۇم بولدى. مېھمان دوستلۇق قانۇنىغا قارشى ھالدا شاھزاماننىڭ بۇ ھەقتە ئوچۇقتىن ــ ئوچۇق بىرەر ھەرىكەت قوللىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى[23]. لېكىن، نۇرغۇن مەبلەغ، ئاقچىلارنى بېرىش بەدىلىگە ئۇنى مەخپىي ھالدا قايتۇرۇپ كېلىشكە تىرىشتى. ئەگەر شۇ مەزگىللەردە ئافغان ھۆكۈمدارى قاجار ھۆكۈمرانى ئاغا مۇھەممەدخان بىلەن مەخپىي ئىتتىپاق تۈزمىگەن بولسا، بۇخارانىڭ قېرى تىلەمچى خانى شۈبھىسىزكى ھېچبىر ۋىجدان ئازابىغا دۇچار بولماستىن، ئاسىيالىقلارنىڭ ئەڭ مۇقەددەس قانۇنلىرىنىمۇ بۇزغان بولاتتى. لېكىن، ئۇ بۇ نۆۋەت يۇمشىمىدى. قېچىپ كەتكەن

بۇرادىرىنىڭ ھېچبولمىسا، قاتتىق نازارەت ئاستىدا بولۇشىنى تەلەپ قىلىپ، شاھىزامان تەرىپىدىن كەلگەن ئەلچىلەر ھەيئىتىگە ئەمىر مەئسۇم: «مەھمۇد بۇخارادىن كەتمەيدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ بېشى بىلەن كاپالەت بېرىمەن» دېدى. ئەگەر كۆرۈنۈشتە بىر ئابرۇيلۇق ئۆزبېك ئۇنىڭغا خىۋەگە قېچىپ كېتىشكە ئىمكانىيەت تۇغدۇرۇپ بەرمىگەن بولسا، شاھ مەھمۇد بېشى گەۋدىسى ئۇستىدە بولغان، ساق ـ سالامەت ھالدا بۇخارادىن قېچىپ كېتەلمەيتتى. ئۇ خىۋەگە بارغاندىن كېيىن ئۇ يەرنىڭ ھۆكۈمرانى مۇھەممەدرەھىمخان تەرىپىدىن دوستانە قوبۇل قىلىندى.

ئەمىر مەئسۇم ئون سەككىز يىل مەملىكەتنى ئىدارە قىلغاندىن كېيىن ھىجرىيە 1217 (مىلادىيە 1802) ـ يىلى ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق زامانىنى بۇخارالىقلار يېقىنقى دەۋردىكى سائادەت دەۋرى، دەپ قارايدۇ. ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق زامانى ھازىرقى ئەۋلادلارنىڭ يادىدىن تېخى چىقىپ ئۆلگۈرمىگەن. شۇڭا، ئۆزبېكلەر ۋە تاجىكلار ئۇ ھەقتە سۆزلەشكە باشلىسا ھېچ سۆزلەپ تويمايدۇ. ئىسلامىيەتنىڭ تىپىك نەمۇنىسى بولغان بۇ ھۆكۈمدارنىڭ ئادالىتى، دىيانەتپەرۋەرلىكى، ياخشى باشقۇرۇش چارىلىرى قاتارلىق تەرەپلىرىنى مەدھىيىلەپ تۈگىتەلمەيدۇ. تەبىئىي ھالدا ھەممىدىن بەكرەك ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىق ئۇسۇلىنىڭ ئىنتايىن دىيانەتكارانە بولغانلىقىنى مەدھىيىلەيدۇ. شەرىئەت رەئىسى دېگەن مەنسەپنى ئۇ يېڭىدىن تەسىس قىلغان ھەمدە ئىسلام دۇنياسىنىڭ باشقا يەرلىرىدە پۈتۈنلەي ئۇنتۇلغان[24] بىر ۋاقىتتا يولغا قويغان. شەرىئەت رەئىسى تۆت تارماقلىق قامچا بىلەن قوراللانغان بىرنەچچە ياردەمچى كىشىلەر بىلەن ھەر كۈنى كوچىلاردا يۈرۈپ، دىن جەھەتتە نۇقسان سادىر قىلغان ئادەملەرگە ئاممىنىڭ كۆز ئالدىدا جازا بېرەتتى. پەرىزلەرنى تەرك قىلغان، يەنى ئەرەبچە بىرنەچچە ئايەتلەرنى بىلمىگەن ۋە ئىجرا قىلمىغان ياكى ئاب دەستىخانىسىدا كېسەك[25] بولمىغان كىشىلەرگە شۇ جايدىلا بىرنەچچە قامچا ئۇرۇلاتتى ۋە ياكى بىرنەچچە كۈنگىچە قاماپ قويۇلاتتى. جامائەت نامازلىرىدا مەسجىدكە بارمىغان ياكى پەرز قىلىنغان ئىبادەتنى تەرك ئەتكەنلەرگە بىرىنچى قېتىمدا قاتتىق تەن جازاسى بېرىلەتتى. ئىككىنچى قېتىمدا ئۆلۈم جازاسى بېرىلەتتى. ھاراق ئىچكۈچىلەر، تاماكا چەككۈچىلەرمۇ شۇ خىل جازاغا دۇچار قىلىناتتى[26]. يول توسار بۇلاڭچىلار، ئوغرىلار ۋە زىناخورلار توپتوغرا جاللاتقا تاپشۇرۇلاتتى.

شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى مۇشۇنداق ئىجرا قىلىش ھۆكۈمەت ئىدارىلىرىنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە جارى ئىدى. مۇسۇلمانلاردىن يالغۇز زاكات بىلەن ئۆشرىلا ئېلىناتتى. ئەمما مۇسۇلمان بولمىغان ھىندى، يەھۇدىي ۋە خىرىستىئانلاردىن جىزىيە ئېلىناتتى. ئەمىر مەئسۇم ئۆز سارىيىنىڭ خىراجەتلىرىنىمۇ بۇرۇنقى خەلىپىلەرگە ئوخشاش باشقىلارغا مىسال بولارلىق دەرىجىدە دىنغا مۇۋاپىق تۇتۇشقا تىرىشاتتى. خەلىپە ئۆمەرنىڭ بەيتۇل مال (خەزىنە) نى ئىسراپ قىلىشتىن پەۋقۇلئاددە ئېھتىيات ئەتكەنلىكىنى مەدھىيىلەش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ ئاددىي يېمەك ـ ئىچمەك بىلەنلا قانائەتلەنگەنلىكى ۋە يىلدا بىر قېتىملا يېڭى كىيىم كىيگەنلىكى بايان قىلىنىدۇ. شۇنىڭغا ئوخشاش بۇخارا ھاكىمىمۇ شەخسىي سەرپىياتى ئۈچۈن خىزمەتچىسى ۋە ئاشپىزى بىلەن ئۆزىگە تۆۋەن مىقداردا كۈنىگە بىر تەڭگە تەيىنلىگەن. ھالبۇكى، بۇخارا مەدرىسلىرىدە دىنىي ئىلىم تەھسىل قىلىۋاتقان ئوتتۇز مىڭغا يېقىن شاگىرتلارغىمۇ ھەربىرىنىڭ كۈنلۈك سەرپىياتى ئۈچۈن بىر تەڭگىدىن بېرىلەتتى.

لېكىن، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەت ۋە تەدبىرلىرى ئەسكەر ۋە قوماندانلىرى ئارىسىدىكى ئىسراپچىلىق ۋە راھەت ـ پاراغەتپەرەسلىكنى تۈگىتىش ئۈچۈن تەسىر قىلالمىدى. ئەمىر مەئسۇم ئۆزى كونا ۋە ئادەتتىكى ۋەيرانە بىر ئۆيدە ياشاپ، تۆگە يۇڭىدىن توقۇلغان بىر چەكمەن چاپاننى كىيىپ، بىر قاچىدىن ئاددىي تاماقنى يېگىنى بىلەن ئۇنىڭ ئەسكەر ۋە قوماندانلىرى يىپەك كىيىملەرنى كىيەتتى. زىبۇ ـ زىننەت ئەسلىھەلىرىنى تاقايتتى. ھەتتا

www.uyghurkitap.com



ئوردىلىرىدا قىممەتلىك تاشلار بىـــلەن زىننەتلەنگەن ئالتۇن ـ كۈمۈش قەدەھلەرنى ئىشلەتتى. ئېھتىمال ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ پارلاق ۋە ھەشەمەتلىك ھاياتلىرى بىلەن ئۆزىنىڭ دىيانەتچىلەرگە خاس بولغان دەرۋىشلەرچە ھاياتى ئارىسىدىكى چوڭ پەرق ئەمىر مەئسۇمنىڭ قەلبىنى باشقىچە ھوزۇرلاندۇرغاندۇر. شۇنىڭ ياردىمىدە ئۇ ئەزىز ۋە ئەۋلىيا ئۇنۋانىنى ئېلىپ مەملىكەتنى ئون سەككىز يىل باشقۇردى ۋە تىنچسىزلىقتا ياشاۋاتقان بىر توپ ئۆزبېك ۋە تۈركمەن قەبىلىلىرىنى شۇ ئۇنۋانىنىڭ سايىسىدە ئۆز مەقسىتىگە خىزمەت قىلدۇرغان قورال قىلالىدى.

گەرچە ئەمىر مەئسۇم ھەر يىلى دېگۈدەك لەشكىري يۈرۈشلەرنى جارى قىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىكى خىۋە ۋە خوقەند [27] خانلىرى بىلەن ئۇچۇقتىن ـ ئوچۇق دۈشمەن بولۇپ تۇرسىمۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە بۇخارا خانلىقى ئۇنىڭ زامانىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە سائادەتلىك ۋە بەختىيار بولۇپ ياشىدى. بۇخارا خەلقى ئۇنى يالغۇز دىنىي جەھەتتىنلا ئەمەس، باشقۇرۇشنىڭ يۇمشاقلىقى، ھەققانىيىتى بىـــلەنمۇ ئەسكە ئېلىشىدۇ. بىزنىڭ ئۈچۈن ئەمىر مەئسۇم دەۋرىنىڭ ئەھمىيىتى ئىران بىـــلەن تۇران ئارىسىدىكى ئەزەلدىن بېرى داۋام قىلىپ كەلگەن كونا ئاداۋەتنىڭ كېسىلگەنلىكىـــدە كۆرۈلىدۇ. چۈنكى، ئۇ قوراللىق كۈچ بىلەن ئىـــرانغا ھۇجۇم قىـــلغۇچـــى بۇخارا ھۆكۈمدارلىرىنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى بولدى.

ئۇنىڭ ئوغلى ۋە ئىز باسارى سەئىد ھەيدەر تۆرە ئەمىرى سەئىد ئۇنۋانى بىلەن ھىجرىيە 1218 (مىلادىيە 1803) ـ يىلى ماۋەرائۇننەھر تەختىگە ئولتۇردى. دىنىي جەھەتتىكى كەسكىنلىك، بۇزۇق ئېتىقاد ۋە مۇتەئەسسىپلىك جەھەتلىرىدە ئۇ ئاتىسى دەرىجىسىدىلا توختاپ قالماي، بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ئاشۇرۇۋەتتى. لېكىن، ئاتىسىنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش جەھەتتىكى ماھارىتى ۋە ھەربىي ئىشلارغا بولغان ھېرىسمەنلىكى ئۇنىڭغا مىراس بولۇپ كۆچمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى ھەقىقىي مەنىسى بىلەن بىر مەنلا، يەنى كونا ئۆزبېك تەبىرىچە يېرىم كىشى [28] بولۇپ ئۆتكۈزدى. لېكىن، ئۇنىڭ بۇ ھالىتى خۇدا تەرىپىدىن ئۇنىڭغا نېسىپ قىلغان تەختىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى ھۆكۈمرانلىقىنىڭ باشلىنىشى بىـــلەنلا قان بىـــلەن مۇقىملاشتۇرۇشىغا توسالغۇ بولمىدى. قېرىندىشى ناسىرىددىن تۆرىگە ئاتىسـى سالامەت ۋاقتىدىلا مەرۋى ۋىلايىتىنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقى تاپشۇرۇلغان ئىدى. ئەمىرى سەئىد ئۇنىڭ دۈشمەنلىشىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، مەخپىي ھالدا ئۇنى يوقىتىشنى قارار قىلدى ۋە شەخسەن ئۆزى كېلىپ بەيئەت قىلىشنى تەلەپ قىلىپ، ئۇنى ئۆز ھۇزۇرىغا چاقىرتتى. قېرىندىشىنىڭ سۇيىقەست بىلەن چاقىرتقانلىقى ناسىرىددىنگە ئايان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ بۇخاراغا ئەمەس ئىرانغا كەتتى ۋە پەتھەئەلى شاھقا ئىلتىجا قىلىپ ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىدى.

ئەگەر قاجارلار ھۆكۈمىتى كۆرۈنۈشتە بوش ۋە كۈچسىز بولۇشىنىڭ ئورنىغا ھەقىقىي بىر كۈچ ـ قۇۋۋەتكە ئىگە بولغان بولسا ئىدى، باسقۇنچى ھەم خۇراساننى بۇلاپ ـ تالىغۇچى بۇ قارىمۇقارشى خانغا ناھايىتى ياخشى بىر ئىبرەتلىك دەرس بېرىشكە بەكمۇ ئوبدان بىر پۇرسەت كەلگەن ئىدى. لېكىن، ياردەم سورىغان شاھزادىنى كۈچسىز ۋەدىلەر بىلەن يوپۇتۇپ ۋاقىت ئۆتكۈزدى. مانغىت خانىدانلىقىنىڭ ئەڭ ئاجىزى بولغان ئەمىرى سەئىدمۇ پەتھەئەلى شاھنىڭ ھۇجۇمىدىن ئەسلا قورقمايتتى. چۈنكى، پەتھەئەلى ئۆز ساقلىنىـــڭ ھەممە كىشىنىڭكىدىن ئۇزۇنلۇقى ھەم بەلۋېغىدىكى ئالماسنىڭ ئەڭ قىممەتلىك بولۇشى بىلەن ئۆزىنى بەختىيار ھېسابلاپ تۇرغان بىر ھۆكۈمدار ئىدى. ئەمىرى سەئىد يىگىرمە ئۈچ يىل تىنچلىق بىلەن ھۆكۈم سۈردى. ھەر كۈنى بىرنەچچە سائەت ۋاقتىنى ئىبادەتخانىلاردا تائەت ـ ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزەتتى ياكى مەشھۇر مۇدەررىسلەردىن دىنىي دەرس ئېلىشنـــى

داۋاملاشتۇراتتى. ئۇنىڭ كۆشەندىسى بولغان خىۋە ھۆكۈمدارى مۇھەممەدرەھىمخان ئاتىسى ئېلتازارخاننىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەممە نەرسىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلىپ چاھارجۇي، قاراكۆلگە، ھەتتاكى بۇخارانىڭ دەرۋازىلىرىغا قەدەر بېرىپ يەتكەن ۋاقىتتىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ خۇداگۇيلۇق پاراغىتىنى ئۆزگەرتمىگەن ھالدا يەنىلا: «ئاخىر رىگىستان ئامانغۇ» (تېخى رىگىستانغا خەتەر يوققۇ) دەپ ئېيتقان. ئۇنىڭ باشقا مەدھىيلىگۇدەك جايلىرى بولمىغانلىقتىن، بۇخارالىقلار ئۇنى مۇشۇ دەرۋىشانە پىكىرى بىلەن ماختىشىدۇ. زەرەپشان بويىدىكى پايتەختنىڭ ئاۋام پۇقرالىرى ئەمىرى سەئىدنىڭ تايىنىشىغا ئېھتىياجلىق بولغانلىقى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى موللىلارغا ئوخشىتىش ئۈچۈن، ھاسىغا تايىنىپ ۋە بېشىنى ئېگىپ كوچىلاردا ئۆزىنى يۇرگەنلىكىنى كۆرگىنىدە كۆزلىرىدىن شادلىق يېشى تۆكەتتى. بۇ تېخى ئاز. ھەتتا ئۇنىڭغا بىر بۆلۈك كارامەتلەرنىمۇ مەنسۇپ قىلاتتى. گەرچە بۇ ھايات ئەۋلىيانىڭ ئاسىيالىقلار نەزىرىدە ئەڭ مۇقەددەس سانالغان مېھماندوستلۇق ئادىتىنى بۇزۇشى، مەسىلەن، قېچىپ ئۆز سارىيىغا ئىلتىجا قىلىپ كەلگەن شاھىزامانىنىڭ گۈزەل قىزىنى مەجبۇرلاپ نىكاھىغا ئېلىۋېلىشى ۋە ئۇنىڭ ئاتىسى شىكايەت قىلىشقا باشلىغىنىدا ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلغانلىقى مەلۇم بولسىمۇ، بۇنداق ئەھۋاللار ئاسىيالىقلارنىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭ ئۇلۇغلۇقىغا زىيان يەتكۈزمەيتتى. شۇ ھۆكۈمدارلارنىڭ ھاللىرىغا ۋايكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ خەلقىنى دىن ۋە ئەنە شۇنداق ئەخلاق بىلەن قورقۇتۇپ باشقۇراتتى.

توغرا، بۇخارامۇ خېلى بۇرۇنلا ئەخلاقىي جەھەتتە ناھايىتى تۆۋەن ۋە نەپرەتلىك ئورۇنغا چۈشۈپ قالغان ئىدى. لېكىن، مانغىت سۇلالىسىدىن بولغان بۇ توپاس (قەبىھ) ئۆزبېكلەرنىڭ ھۆكۈمىتى ۋاقتىدا تېخىمۇ نەپرەتلىك ۋە يامان ھالەتكە يەتتى. شايبانىيلار ۋە ئاشتەرخانىيلار دەۋرىدە بەزىدە ئازراق بولسىمۇ مەدەنىيەت ۋە مائارىپ يالقۇنلىرى كۆرۈنۈپ قالاتتى. ئەمما، مەنسەپپەرەس، مال - دۇنياغا تويمايدىغان مەنلالارنىڭ سادىق شاگىرتلىرى بولغان مانغىتلار ئۆزلىرىنىڭ تەۋەلىرىنى رىياكارلىق، پاسىق پىكىر ۋە مۇتەئەسسىپلىك بىلەنلا تەربىيىلىمەكچى بولدى. بۇنىڭ يامان نەتىجىلىرى كۆز ئالدىدا تۇرۇپتۇ. مەسىلەن، شاراب ئىچىش ۋە تاماكا چېكىشنىڭ مەنئى قىلىنغانلىقى ئۇلاردىنمۇ زىيانلىقراق بولغان ئەپيۇن چېكىشكە سەۋەب بولدى. ئەرلەر بىلەن خوتۇنلارنىڭ كۆرۈشۈشكە بولمايدىغانلىقى ھەققىدىكى دەھشەتلىك قانۇن تېخىمۇ شانائەتلىك قىلىقنىڭ مەيدانغا چىقىپ، ئومۇمىي ئادەتكە ئايلىنىشىغا سەۋەب بولدى. چۈنكى، بەچچە تۇتۇش ياكى ئۇنى مۈلۈك ھېسابىدا ئىككى تەرەپنىڭ رازىلىقى بىلەن قازى مەھكىمىسى ھۇزۇرىدا ھەل قىلىش قاتارلىقلار مەيدانغا چىقتى. شۇنداق بولغان ھالەتتىمۇ مەزكۇر بۇخارانىڭ ئۆزى ھەققىدە «قۇۋۋەتىي ئىسلام ۋە دىنەست» (ئىسلام ۋە دىنىنىڭ كۈچى) دەپ ۋارقىراپ ئېيتىشقا جۈرئىتى يېتەتتى.

## ئىزاھلار:

① يېڭى زامانىنىڭ ياۋروپا سەيياھلىرى بۇخاراغا پەقەت مۇشۇ ئەسىرنىڭ بېشىدىلا باردى. ئاكا - ئۇكا پولو (POLO) لار ئۇ يەرگە باراق خان زامانىدا (مىلادىيە 1261 — 1270 - يىللار) بېرىپ ئۈچ يىل تۇردى. رۇس يۇك توقۇمۇچىلىرىنىڭ ۋەكىلى سۇپىتىدە ئاكا - ئۇكا يونسونلار بىلەن بىللە ئوتتۇرا ئاسىيادا ساياھەت قىلىدىغان ئانتونى يەنگىنسون بۇخاراغا مىلادىيە 1558 — 1559 - يىللاردا كەلدى.

② گېنېرال مايور سىر ھېنرى راۋلېنسوننىڭ دوستانە خەۋەر بېرىشىدىن مەلۇم بولۇشىچە، لوندۇندا East—Indja ffice كۈتۈپخانىسىدا ھەم بېرتانىيە مۇزېيىدا بۇخارانىڭ يېڭى تارىخىغا ئائىت كۆپ قولىيازما ئەسەرلەر بار. لېكىن، بۇلاردىن ئايرىم ۋاقىتلاردىلا پايدىلىنىش مۇمكىن ئىكەنلىكىنى ئاڭلاشقا مەجبۇر بولدۇم. مېنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىم بولسا بۇنىڭغا مۇۋاپىق ئەمەس. شۇڭا، ئەگەردە بۇ قولىيازمىلاردا يېڭى

www.uyghurkitap.com

بىر نەرسە بار بولسا، مەن ئۇلاردىن كېيىنچە پايدىلىنىش بىلەن مەلۇماتىمنى تولۇقلارمەن.

③ ئەبۇلغازىنىڭ قازاندا بېسىلغان «شەجەرەئى تۈرك» ناملىق تارىخىنىڭ يىگىرمە يەتتىنچى بېتىدە مۇنداق دېيىلىدۇ: بۇ قەبىلىنىڭ مانغىت دەپ ئاتىلىشى چىڭگىزخان ھۆكۈمرانلىقى دەۋرىدىلا قويۇق ئورمانلار ئارىسىدا ياشىغانلىقىدىندۇر. لېكىن، كونا چاغاتاي مۇئەللىپلىرى تەرىپىدىن «مانغىكىت» دەپ يېزىلغان بۇ مانغىت سۆزىنىڭ قانداق بولۇپ قويۇق ئورمان مەنىسىنى ئىپادە قىلىدىغانلىقىغا مېنىڭ ئەقلىم يەتمەيدۇ. ھازىرقى كۈندە مانغىتلار ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. بىر قىسمى ئامۇ دەرياىنىڭ سول ساھىلىدا خىۋە تەۋەسىدە، ئىككىنچى قىسمى قارشى ۋىلايىتىدە ياشايدۇ.

④ تۈركلەرنىڭ بىرىنچى ئوغۇل بالىغا يۇمشاق ۋە سۆيۈملۈك بىر ئىسىم بېرىشى ھەققىدىكى كونا ئادەتلىرى ھازىرقى كۈندىمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا جارى قىلىنىۋاتىدۇ. مەسىلەن، باباجان، خانجان، بېگجان دېگەنگە ئوخشاش ئىسىملار. ئەمما قىزلارغا بۇنداق ئىسىملارنىڭ بېرىلگەنلىكىنى مەن ھېچ كۆرمىدىم. چۈنكى ئاسىيانىڭ ھېچ يېرىدە قىزلار ئاتا ئۈچۈن مەمنۇنىيەت سەۋەبى ئەمەس.

⑤ ئومۇمنىڭ ئىشلىرىدىن ۋاز كەچكەن ئادەملەرنىڭ ئۆز ھاياتلىرىنى ئۆيلىرىدە ئەمەس، بەلكى خانىقا ۋە مەسجىدلەردە ئۆتكۈزۈشى شۇ ۋاقىتلاردىن بېرى ئوتتۇرا ئاسىيادا ئادەت تۈسىگە كىرگەن.

⑥ ماڭا مەلۇم بولغىنىغا قارىغاندا، ئەمىر مەئسۇم يالغۇز پارسچە تىلدا يازغان. شۇنىــــڭغا ئاساسلانغاندا، ئۇ دىنىي نۇقتىنەزەردىن قاراپ، ئۆزىنىڭ ئانا تىلىغا ئىلتىپات قىلمىغان بۇخارانىڭ بىرىنچى تۈرك خانىدۇر. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى خانلار گەرچە پارسچىنى ناھايىتى ياخشى بىلسىمۇ، تۈركىي تىلنى پارسچىدىن ئارتۇق كۆرەتتى.

⑦ مالكولىم ئۆزىنىڭ «ئىران تارىخى» (دوكتور گ. ۋ. بىككېر تەرىپىدىن نېمىسچىگە تەرجىمە قىلىنىپ، 1830 ـ يىلى لېيپسىگدە بېسىلغان نۇسخا) ناملىق ئەسىرىدە ئىسىم جەھەتتىن ئەبدۇلئەزىزنىڭ ھۆكۈمدارى بولۇپ تۇرغانلىقىنى ۋە سارايىنىڭ مەخسۇس مال ـ مۈلۈك ھېسابىنى تۇتقانلىقىنى بايان قىلىدۇ. مېنىڭچە بۇ پىكىر پەقەت توغرا ئەمەس. چۈنكى، مىرزا سادىق مۇنشى ئەمىر مەئسۇمنىڭ تەختكە ئولتۇرغان ئاي، كۈنلىرىنى ناھايىتى ئوچۇق كۆرسىتىدۇ.

⑧ گەرچە غازىلىق ئەسلىدە كۇپپارلار، يەنى خىرىستىئان، يەھۇدىي ۋە مەجۇسىلار بىلەن جەڭ قىلىپ، غەلىبە قىلىنغانلار ئىبرىشىدىغان نام بولسىمۇ، ئوتتۇرا ئاسىيا سۇننىلىرى نەزىرىدە شىئەلەرمۇ شۇلار قاتارىدا ھېساب قىلىنىدۇ. ئوسمانلىلار بولسا بۇ نەزەرىيىسى قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزەرىدە شىئەلار پەقەت راپىزى ۋە مۇلھەت بولۇپلا ھېسابلىنىدۇ.

⑨ بۇ ھەققتە بۇ كىتابنىڭ ئىككىنچى جىلدىدا بايان قىلىنغان ئىدى. بۇ يەردە يەنە تەكرارلايمەنكى، ھەر ئىككى خاندانلىق ئۆزلىرىنىڭ قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ ھەم شۇنىڭغا تايىنىپ كۆپتىن بېرىلا ئەمەس، ھازىرقى ئىران شاھىنىڭ قېرىنداشنىنىڭ بىر ئوغلى بىر ئاھانەت ياكى مەخپىي سۇيقەست سەۋەبىدىن قېچىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان ۋاقتىدا دەرھال بۇخارا ھۆكۈمىتىگە ئىلتىجا قىلدى ۋە ياخشى قوبۇل قىلىندى.

⑩ مىرزا سادىقنىڭ بايانىغا قارىغاندا ئەمىر مەئسۇم تالاپەتكە ئۇچرىغان بايرامئەلىنىڭ بېشىنى گەۋدىسىدىن كەستۈرۈۋېلىپ بۇخارادا ئېسىپ قويۇشقا بۇيرۇغان.

⑪ بۇ سۇ ئامبىرى ياكى سۇ بەندى مەرۋىنىڭ شەرقىي شىمال تەرىپىدە بولۇپ سۈيى مۇرغاب دەرياسىدىن كېلەتتى. ئاشۇ سۇ ئامبىرى خاراب قىلىنغاندىن بېرى، سۇ يوقلۇق سەۋەبىدىن مەرۋىنىڭ پۈتۈن زىرائىتى ۋە بىرنەچچە قەرنە كۆكىرىپ تۇرغان باغچىلىرى چۆلدەرەپ قالدى.

⑫ مىرزا سادىق ئەمىر مەئسۇمنىڭ شەخسەن ئۆزى قاتناشقان تۆت قېتىملىق ھۇجۇمنى بايان قىلىدۇ.

⑬ «رەۋزەتۇس ـ سەفا» دا بايان قىلىنىشىچە، بۇخارا ھاكىمى مەرۋى قەلئەسىدە مەلۇم ساندا مۇھاپىزەتچى ئەسكەرلەر بىلەن ئۆزىنىڭ ئوغلى ناسىرىددىننى قالدۇرغان.

⑭ خاتا مەلۇمات ئېلىنغانلىقى سەۋەبىدىن مەن ئۆزۈمنىڭ Reise in Mettelasien ناملىق ئەسىرىمنىڭ ئىككى يۈز توقسەن بەشىنچى بېتىدە ئەمىرى سەئىد مەرۋى ئاھالىسىنى مەجبۇرىي ھالدا بۇخاراغا كۆچۈرگەن دەپ يازغان ئىدىم.

⑮ يېڭى زاماننىڭ ياۋروپالىق ساياھەتچىلىرىدىن مەرۋى خارابىسىنى تۆۋەندىكى زاتلار زىيارەت قىلدى: بېرىس، ۋولف، رىچموند، شىكىسپىر، ژ. ئاببوت ۋە تومسون. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان ئىككى

بىرىتانىيىلىكتىن كېيىن بۇنىڭغا خىۋە ئۈچۈن بىر پەرمان يۈكلەنگەن ئىدى. بۇلاردىن باشقا بىر قىسىم ماجىرالارنى ئىزدەپ يۈرگۈچى ئىتالىيىلىك پىلورس نازىللى ناملىق زات ھەر كىشىنىڭ مەسلىھىتىگە كىرىپ بۇخاراغا بېرىپ ئۆلتۈرۈلدى ۋە ئاخىر بۇ كۆپىل ناملىق زات بۇ تەرەپكە كېلىپ، يىل بويى تۈركمەنلەرنىڭ ئاسارىتىدە قالدى.

⑯ بۇنداق ۋەقەلەر بۇخارادا يالغۇز كېيىنكى زاماندىلا تەكرارلاندى. شۇنداقلا ناسىرىددىن شاھ تەرىپىدىن بۇخاراغا ئەۋەتىلگەن يىگىرمە مىڭ كىشىلىك ئەسكەر مەرۋى ئەتراپىدا يالغۇز ئۈچ مىڭچە تېكە تۈركمەنلىرى تەرىپىدىن مەغلۇب قىلىنىپ، پاراكەندە قىلىندى ۋە پەقەتلا بىر نەچچە يۈز كىشى قۇتۇلدى. قالغانلىرى بۇخارا ۋە خىۋە بازارلىرىدا بىكارغا دېگۈدەك ھالدا ئەرزان باھالىق ئەسىر قىلىنىپ سېتىلدى.

⑰ «انماالمومنون اخوة» (پۈتۈن مۇسۇلمانلار قېرىنداشتۇر) دېگەن ئىسلام قائىدىسى مۇسۇلمان قەۋملىرى ئارىسىدا مىللىي پىكىرنىڭ تارقىلىشىغا توسالغۇ بولاتتى. شۇنىڭدەك قابا قاجارنىڭ ياكى ئۇنىڭ كاتىبىنىڭ قىتان، ھىندى ۋە رۇم سۇلالىلىرى ئارىسىدا مىللىي بىرلىك بارلىقىنى چۈشىنىشى ھەقىقەتەن مۇمكىن ئىدى.

⑱ بۇ يەردە روھانىي ئەمىر مەئسۇمنى ئىككىنچى ئەفراسىياب بولۇشقا بالدۇر دېمەكچى. نېمىدېگەن ئاچچىق تەنە ـ ھە.

⑲ نويان ــــ موغۇل ئەسكەرلىرىدە بۈيۈك ئىشغالىيەتچىلەرگە بېرىلگەن ئۇنۋان. قاجار سۇلالىسىنىڭ رەئىسى ھەقىقەتەن بۇ ئۇنۋانغا ئىگە بولغانمىدى؟ بۇ تېخى ھەل قىلىنمىغان بىر مەسىلىدۇر. ئىران تۈركلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ئۆزلىرىنىڭ قەبىلە رەئىسلىرىنى مۇشۇ خىل ئۇنۋان بىلەن ھۆرمەتلەيدۇ. مەن بۇنى ئۆزۈممۇ ئاڭلىدىم. بولۇپمۇ شىرازدا قاشقايىلار بۇ ئۇنۋان بىلەن ناھايىتى پەخىرلىنىدۇ.

⑳ سۇلدۇز ۋە جالايىرنىڭ نېمىشقا مەشھۇر دەپ ئاتالغانلىقى ماڭا مەلۇم ئەمەس. بۇ قەبىلىلەر قەدىمدىن ئامۇ دەرياسىنىڭ نېرىقى تەرىپىگە يەرلەشكەن ۋە باشقا تۈرك قەبىلىلەرنىڭ كۆپىنچىسىگە ئوخشاش ئۇ يەرگە چىڭگىز بىلەن بىللە شەرقتىن كەلگەن ئىدى.

㉑ ژ. پ. فەررىبى تەرىپىدىن يېزىلىپ، 1858 ـ يىلى لوندوندا بېسىلغان «ئافغان تارىخى»نىڭ 81 ـ بېتىگە قاراڭ.

㉒ ئەلفىنستوننىڭ ئىككىنچى جىلد 305 ـ بېتىدە بايان قىلىنىشىچە، ئافغان ئەسكىرىنىڭ سانى يۈزمىڭ بولغان. ئەمما، مىرزا سادىق بۇنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە باراۋەر بولغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

㉓ كېيىن شاھىزامان ئۆزىمۇ قاچاق سۈپىتىدە بۇخارا ھۆكۈمىتىنىڭ ھىمايىسىنى تەلەپ قىلىپ، ئىلتىجا قىلىشقا مەجبۇر بولدى.

㉔ ئىستانبۇلدا ئاڭلىشىمچە، بۇنداق دىنىي مەنسەپ تۈركىيىدە ھېچ ۋاقىتتا يولغا قويۇلمىغان. ئىراندىمۇ، شىمالىي ھىندىستاندىمۇ بۇنداق مەنسەپ بولمىغان. پەقەت مەككە ۋە مەدىنىدە شەرقىي ئافرىقىنىڭ بەزى يەرلىرىدە كېيىنكى ئەسىرلەردە بەزى ـ بەزىدە داۋام قىلغان.

㉕ كېسەكنىڭ نېمىدىن ئىبارەت ئىكەنلىكى ھەم ئۇنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلىدىغانلىقى ھەققىدە مەلۇمات ئالماقچى بولسىڭىز مېنىڭ Skizzin ans Mettelasien ناملىق ئەسىرىمگە قاراڭ (1868 ـ يىلى لېيپسىگدا بېسىلغان، 150 ـ بەت).

㉖ تاماكا چېكىش ئىراندىمۇ، تۈركىيىدىمۇ ئۇزاق مۇددەت مەنئى قىلىنغان. چۈنكى، ئۆلىمالار ئۇنى ھاراق قاتارىدا ھېسابلايدۇ.

㉗ بۇ ۋاقىتلاردا، يەنى ھىجرىيە 1202 ـ يىلى خوقەند ھۆكۈمدارى مەشھۇر ئالىمخان ۋاپات بولدى. ئوتتۇز يىل ھۆكۈمەت تۇتقان بۇ ھۆكۈمدار ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا خوجەندنىڭ مەشھۇر بىر خانى بولۇپ، خوقەندلىكلەردىن ئاڭلىشىمچە، بۇخارالىقلارنى دەھشەتلىك ۋەھىمە ئاستىدا تۇتقان. ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بۇخارا ئەمىرلىرىنىڭ شەرققە قارىتا ئارقا ـ ئارقىدىن تاجاۋۇزچىلىق سىياسەتلىرى باشلىنىپ، بۇ ھال رۇسىيە تەرىپىدىن بۇلار ئارىسىدا سۈلھى ھالىتى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈلگەنگە قەدەر داۋام قىلدى.

㉗ كونا ئۆزبېك ماقالى: «ئىككى مەنلا ــــ بىر كىشى، بىر مەنلا ــــ يالغۇز بىر خوتۇن». بۇ ھەقتە مېنىڭ Eschagataische Sprachstudien ناملىق ئەسىرىمنىڭ 57 ـ بېتىگە قاراڭ.

**(داۋامى كېيىنكى ساندا)**

www.uyghurkitap.com

# جانان مېنىڭ جېنىمدا

## ئاننېمارىي شىممېل

### مۇئەللىپ توغرىسىدا ئىككى ئېغىز سۆز

مەشھۇر گېرمانىيىلىك ئىسلامشۇناس ۋە شەرقشۇناس، فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى، پروفېسسور ئاننېمارىي برىگىتتا شىممېل خانىم شەرق سۇفىزمىنىڭ ياۋروپادىكى ئەڭ يېتۈك بىلىمدانىدۇر. ئامېرىكا، ھىندىستان، ياۋروپا ۋە يېقىن شەرق مەملىكەتلىرىدىكى ئالىملار شىممېل خانىمنىڭ نامىنى ياخشى بىلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىگە ھۆرمەت بىلەن قارايدۇ ۋە كۆپىنچە ھاللاردا ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ ئۇستازى دەپ بىلىدۇ.

ئاننېمارىي برىگىتتا شىممېل خانىم 1922 ـ يىل 7 ـ ئاپرېل گېرمانىيىنىڭ ئېرفۇرت شەھىرىدە تۇغۇلغان. باشتا لىتسېيدە، كېيىن ئېرفۇرتتىكى مەكتەپلەرنىڭ بىرىدە تەلىم ئالغاندىن كېيىن 16 يېشىدا بېرلىن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەرەب تىلى ۋە ئىسلامشۇناسلىق فاكۇلتېتىغا ئوقۇشقا كىرگەن. مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا ئەرەب تىلى ۋە ئۆزبېك تىلىنى پۇختا ئۆگىنىۋالغان شىممېل خانىم 1941 ـ يىلى ئۇنىۋېرسىتېتنى تۈگىتىپ، فىلولوگىيە پەنلىرى نامزاتى ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

1941 ــ 1945 ـ يىللىرى گېرمانىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىقىدا تەرجىمان بولۇپ ئىشلىگەن. ئۇرۇش تۈگىگەندىن كېيىن يەنە ئىلمىي ئەمگەك ۋە ئىزدىنىشلىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ، ماربۇرگ شەھىرىدە دىن تارىخى بويىچە دوكتورلۇق ئىلمىي ئىشىنى ھىمايە قىلغان. 1951 ـ يىلى ئالىمە فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى دېگەن يۇكسەك ئۇنۋانغا ئېرىشىپ، ماربۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدا ئەرەب تىلى ۋە ئىسلامشۇناسلىق پەنلىرىدىن دەرس بەرگەن. 1954 ـ يىلى ئەنقەرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئىسلام ـ ئىلاھىيەت فاكۇلتېتىغا دەرس ئۆتۈشكە تەكلىپ قىلىنغان. ئالىمە ئۇ يەردە دەرستىن سىرتقى بوش ۋاقىتلىرىدا تۈرك كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە تۈركىيىدىكى ئىسلام دىنى مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلغان. ئۇ 1961 ـ يىلى گېرمانىيىگە قايتىپ كېلىپ، بونن ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورلىقىغا ۋە ئىسلامشۇناسلىق مەسىلىلىرى مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلەنگەن. ئالىمە ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ موللۇقى ۋە ئەھمىيەتلىكلىكى جاھان ئالىملىرىنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشكەن. شىممېل خانىم 1967 ـ يىلى خارۋارد ئۇنىۋېرسىتېتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنغان. ئالىمە ئۇ يەردە ئاۋۋال دوتسېنت، 1970 ـ يىلدىن باشلاپ پروفېسسور ئۇنۋانى بىلەن ھىند ـ مۇسۇلمان مەدەنىيىتى پەنلىرىدىن دەرس بېرىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئالىمە پات ـ پات چەت ئەللەرگە بېرىپ لېكسىيە سۆزلەيدۇ. ئۇ يەنە 1980 ـ يىلى ئامېرىكىنىڭ كانادادىكى كونسۇلخانىسىدا تەلىم مەسىلىلىرى بويىچە مەسلىھەتچى بولغان. شىممېل خانىم نيۇ ـ يورك، لوندون، ئېدىنبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتلىرىنىڭ پەخرىي پروفېسسورى. ئۇ گېرمانىيە كىتاب سودىسى تەشكىلاتىنىڭ 1995 ـ يىللىق تىنچلىق

مۇكاپاتىغا مۇيەسسەر بولغان. ئالىمەنىڭ «ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئاخىرىدا مىسىردىكى خەلىپە ۋە قازىلار»، «ئىبن ئىلياس يىلنامىسىگە كۆرە ئەتكۈچ»، «يەر يۈزىدىكى دىنلار»، «كېيىنكى مەملۇكلەر باشچىلىقىدىكى ھەربىيلەر سىستېمىسى»، «شەرق لىرىكىسى»، «ھەللاج — ئىشق يولىدىكى شەھىد» قاتارلىق يۈز پارچىغا يېقىن ئىلمىي ئەسىرى دۇنيا ئەپكار ئاممىسىغا ياخشى تونۇشلۇق. ئۇلاردىن تاشقىرى ئۇ يەنە نېمىس تىلىغا تەرجىمە قىلىنغان كۆپلىگەن ئىلمىي ۋە ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ ماھىر تەرجىمانى. شىممېل خانىم ئۆزىنىڭ كۆپ يىللىق جاپالىق ئەمگەكلىرىگە مۇناسىپ پاكىستاننىڭ ئەڭ يۇكسەك مۇكاپاتى «ھىلالى ئىمتىياز»نى ھەمدە «ستارەئى قەيدى ئەئزەم» ئوردېنىنى ئېلىشقا مۇشەررەپ بولدى. بولۇپمۇ پاكىستاننىڭ پايتەختىدىكى مەركىزىي كوچىلارنىڭ بىرىگە شىممېل خانىم نامىنىڭ بېرىلىشى بۇ ئالىمەنىڭ ئىسلامشۇناسلىق ساھەسىدە قانچىلىك يۇكسەك مەرتىۋىگە كۆتۈرۈلگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

«جانان مېنىڭ جېنىمدا» ناملىق كىتاب ئاننېمارىي شىممېل خانىمنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ. مۆھتەرەم ئوقۇرمەنلىرىمىزگە تۆۋەندە شۇ ئەسەردىن ئايرىم بابلارنى سۇندۇق.

## پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلام ۋە خوتۇن - قىزلار

خوتۇن - قىزلار، خۇشبۇيلار مېھرى،
بۇ دۇنيادا دىلغا بولدى جا.
كۆڭلۈم خۇشى، كۆزۈم قارىسى،
دىل ئارامى نامازدا ئەمما.

مۇھەممەد ئەلەيھىسسەلامنىڭ بۇ ھېكمەتلىك سۆزلىرىنى كىشىلەر كۆپ ھاللاردا مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشىدۇ. ئاخىر باشقىچە بولۇشى، يەنى ئەڭ ئىنسانپەرۋەر ئىسلام دىنىنىڭ خوتۇن - قىزلارغا پىسەنتسىزلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى، نەپرەت كۆزى بىلەن قاراشنى تەرغىب قىلىشى مۇمكىنمۇ؟ ئەسلا. بىراق، كېيىنكى تاسادىپىي ھالەتلەر، تەرەققىيات، يېڭىدىن پەيدا بولغان قانۇن - قائىدىلەر ۋە سۇفىيانە تەرىقەتلەر خوتۇن - قىزلارنىڭ ئورنىنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلام ۋە ئۇ زاتنىڭ ئىزداشلىرى زامانىسىدىكىگە قارىغاندا خېلىلا تۆۋەن دەرىجىگە چۈشۈرۈپ قويغانلىقىمۇ مەخپىي ئەمەس. شۇ سەۋەبتىن ھازىرقى كۈنلەردە مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ بىرىنچى رەپىقىسى خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئىش - پائالىيىتىگە يېتەرلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىلمەيۋاتقانلىقى ۋە توغرا باھالانمايۋاتقانلىقى ئېچىنىشلىق ھالدۇر. كۆپ بالىنىڭ ئانىسى بولغان ئەنە شۇ سودىگەر ئايال ئۆزىدىن خېلى ياش بولغان خىزمەتچىسىگە تۇرمۇشقا چىقىپ، ئۇنىڭدىنمۇ پەرزەنت كۆرگەندىن كېيىن پەيغەمبەرگە تۇنجى ۋەھىيلەر كېلىشكە باشلىغاندا ئۇنى ئاۋۇندۇرغان، مەدەت بېرىپ كۆڭلىنى كۆتۈرگەن، ھېرا تېغىدىكى غاردا ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولغان چاغلىرىدا يۈز بەرگەن ۋەقەنىڭ شەيتان ئەمەس، رەھماننىڭ خاھىشى بىلەن بولغانلىقىغا ئىشەندۈرگەن بىرىنچى زات شۇ ئايال ئەمەسمىدى؟! شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا «پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ ئانىسى ۋە ھەممە ئاياللارنىڭ ئەلاسى» (خەيرۇننىسا) دېگەن شەرەپلىك ناملارغا تولۇق ھوقۇق بىلەن سازاۋەر بولغان. ھازىرقى كۈنلەردىمۇ كۆپلىگەن مۇسۇلمان ئەر - ئاياللار ئۇ زاتى ئالىيەنىڭ

دەسلەپكى ئىسلام تارىخىدا ھەل قىلغۇچ ئورۇن تۇتقانلىقىغا ئالاھىدە ئۇرغۇ بېرىشىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسەلام ئۇنى تولىمۇ ياخشى كۆرگەن. مىلادىيە 619 ـ يىلىدا خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلام بىلەن قۇرغان 25 يىللىق جۈپتى ھاللىقتىن كېيىن دارۇلفەنادىن دارۇلبەقاغا رىھلەت قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسەلام بىرقانچە ئاياللارغا ئۆيلەندى. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسەلامنىڭ سادىق دوستى ۋە ئىزدىشى ئەبۇبەكرى سىددىقنىڭ ياش، غۇنچىدەك قىزى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھالا پەيغەمبەرگە باكىرە قىز ھالىدا تۇرمۇشقا چىققان بولۇپ، قالغان خوتۇنلىرى تۇل ياكى ئېرىدىن ئاجراشقان ۋە ياكى ئىلگىرى چۆرە بولۇپ كېيىن ئازادلىققا چىقىرىلغان خوتۇنلار بولغان. 19 ـ، 20 ـ ئەسىردىكى ھىندىستان مودېرنىچىلىرى ئۈچۈن بۇ ھالەت تۇل قالغان ئاياللارنى تۇرمۇشقا چىقىرىشنى ھاياتقا تەتبىق قىلىشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولدى. چۈنكى، ھىند مۇسۇلمان ئاياللىرى تۇل قالسا خۇراپىي ھىندەۋىيلىك ئادەتلىرى تەسىرىدە قايتا تۇرمۇش قۇرۇش ھوقۇقىدىن پۈتۈنلەي مەھرۇم قىلىنار ئىدى. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋە سەللەمنىڭ بۇ ئىشى ئۇلارغا ئۈلگە بولدى. پەيغەمبەر (س. ئە. ۋ) نىڭ كېيىنكى خوتۇنلىرىغىمۇ «مۇسۇلمانلار ئانىسى» دېگەن شەرەپلىك ئۇنۋان بېرىلگەن. قۇرئان كەرىمدە بولسا ئۇلارغا «زىبۇ زىننەتلىرىنى كۆرسەتمەسلىك» (قۇرئان كەرىم، 24 ـ سۈرە 31 ـ ئايەت) بۇيرۇلغان. ئېھتىمال بۇ ئۇلارنىڭ ھۆرمەتلىك خانىملار سۈپىتىدە ياالاڭ ـ يۈپقا كىيىنگەن تۆۋەن تەبىقە ئاياللاردىن پەرقلىنىپ تۇرۇشلىرى ئۈچۈن شۇنداق بۇيرۇلغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن، بەربىر بۇ ھالەت ئاياللارنىڭ ھوقۇقلىرىنى چەكلەش ئەمەس، بەلكى ئۇلارغا يۈكسەك ھۆرمەت ـ ئېتىبار كۆرسىتىلىشى لازىملىقىدىن دالالەت بېرىدۇ. بىراق، زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بارلىققا كەلگەن ئىجتىمائىي ئۆزگىرىشلەر نەتىجىسىدە مۇسۇلمان دۇنياسىدا ئاياللارنىڭ نامەھرەملەردىن توسۇپ قويۇلۇشى جىددىي تۈس ئالدى. بىرىنچى نۆۋەتتە سەييىدەلەر، يەنى پەيغەمبەر ۋە ئۇ زاتنىڭ قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئايال ئەۋلادلىرى پەرەنجە ـ چۈمبەتلەرگە ئورۇلۇپ، تۇرلۇك تەقىقلەرگە چىرماپ تاشلاندى. ھىند مۇسۇلمان دۇنياسىدىمۇ ئاياللار شۇنداق تۇرلۇك تەقىقلەر ئاستىدا ياشار ئىدى.

ئىسلام دىنى نازىل قىلىنغان دەسلەپكى دەۋرلەردە ئاياللار ناھايىتى پائالىيەتچان بولۇشقان. بۇنىڭغا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ساھابىلەر بىلەن بىللە دىن ۋە شەرىئەت مەسىلىلىرى مۇھاكىمە قىلىنغان يىغىنلارغا قاتناشقانلىقىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشكە بولىدۇ. شۇنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە ئۇ زاتى ئالىيەنىڭ شاراپىتى بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلامنىڭ شەخسىي ھاياتىغا دائىر تۇرلۇك خەۋەرلەر بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا مىلادىيە 656 ـ يىلىدا ھەزرەت ئەلى ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىگە قارشى ئېلىپ بېرىلغان جەڭگە ئۆزى باشچىلىق قىلىپ غەلىبە قىلغان.

سۇننىيلار ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ پائالىيەتلىرىدىن مەغرۇرلىنىشىدۇ ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسەلامنىڭ ئۇنىڭغا «كەللىمىنى يا ھۇمەيرە»، يەنى «سۆزلە ماڭا، ئەي، ئوماق قىزغۇچ چاچلىقىم» دەپ قىلغان مۇراجىئىتىنى پات ـ پات مىسال قىلىپ كەلتۈرۈشىدۇ. چۈنكى، بۇ كېلىشكەن جۇۋان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلامنىڭ كۆڭلىنى ئۈستىلىق بىلەن خۇشھال قىلىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان. سۇفىلار مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ بۇ مۇلايىم گېپىنى ئاشىقنىڭ مەشۇق ياكى مەشۇقەگە، يەنى ئىلاھىي رۇھقا قىلىدىغان مۇراجىئىتىگە قىياسلايدۇ.

شىئەلەر بولسا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانى ناھايىتى يامان كۆرىدۇ. چۈنكى، ئۇ

پەيغەمبەرنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ۋە كۈيئوغلى، شىئەلەر تەرىپىدىن بىرىنچى ئىمام ھەمدە پۈتكۈل مۇسۇلمانلارنىڭ ھەقىقىي رەھبىرى دەپ ئەزىزلىنىدىغان ئەلى ئىبن ئەبۇ تالىب (ھەزرەت ئەلى) بىلەن زادىلا چىقىشالمىغان. شىئەلەرنىڭ پىكرىچە، مۇھەممەد ئەلەيھىسسەلام ۋاپات بولغاندىن كېيىن قانۇنىي يوسۇندا ھەزرەت ئەلى خەلىفە بولۇشى لازىم ئىكەن، ئەمما ئائىشە (ر. ئە) نىڭ ئاتىسى ئەبۇ بەكر سىددىق 632 ـ 634 ـ يىللاردا زورلۇق بىلەن خەلىفىلىكنى ئىگىلەپ تۇرغان ئىمىش. بۇنىڭدىن تاشقىرى ئائىشە (ر. ئە) نىڭ ھەزرەت ئەلى بىلەن چىقىشالمىغانلىقىغا يەنە بىر سەۋەب بار ئىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلام ساھابىلىرى بىلەن بىللە غازاتتىن قايتىپ كېلىۋاتقىنىدا مەدىنىگە يېقىن جايدا ئەسكەرلەرگە بىر ئاز ھاردۇق بېرىلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇ زات بىلەن غازاتقا چىققان جۈپتى ھالالى ئائىشە (ر. ئە) ھاجەت قىلماقچى بولۇپ كارۋاندىن خېلى يىراققا كېتىپ قالىدۇ. ئۇ قايتىپ كەلگىنىدە كارۋان جايىدىن قوزغىلىپ كەتكەن بولۇپ كۆرۈنمەيدۇ. ئۇنى ساھابىلەردىن بىرى تېپىپ تۆگىگە مىندۈرۈپ ئېلىپ كېلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ بوينىدىكى مارجانمۇ يوقالغان، دېيىشىدۇ. ھەزرەت ئەلىمۇ ئائىشە (ر. ئە) نىڭ ئىپپەتلىك ئىكەنلىكىگە شۈبھە بىلدۈرگەن كىشىلەر قاتارىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، ئائىشە (ر. ئە) ئۇنى يامان كۆرۈپ قالغان. توغرا، تېزدىن ئىلاھىي ئايەتلەر نازىل ئېتىلىپ (قۇرئان كەرىم، 24 ـ سۈرە 11 ــ 13 ـ ئايەتلەر)، ئائىشە (ر. ئە) نىڭ پاكلىقى، شۈبھىلەرنىڭ ئورۇنسىزلىقى ئايان بولغان. بىراق ئائىشە (ر. ئە) نىڭ ھەزرەت ئەلىگە سەلبىي مۇناسىۋەتتە بولغانلىقى، مىلادىيە 656 ـ يىلىدىكى جەڭدە ئۇنىڭ ئۈستىدىن غەلىبە قىلغانلىقى شىئەلەرنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرگەن. شۇ سەۋەبتىن سۈننىيلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان ئائىشە ئىسمى شىئەلەردە ئومۇمەن ئۇچرىمايدۇ. ئۆتە ئەشەددىي شىئەلەر ھېسابلىنىدىغان نۇزەئىرىيلەر ئەدەبىياتىدا بولسا، ئائىشە (ر. ئە)نى (خۇدا كەچۈرسۇن) مۇسا ئەلەيھىسسەلام ئۆز قەۋمىگە «ئاللاھ بىر سىيىر سويۇشنى بۇيرۇدى» (قۇرئان كەرىم، 2 ـ سۈرە 61 ـ 71 ـ ئايەتلەر) دەپ ئېيتقان كەلىمەدىكى ياشمۇ ئەمەس، قېرىمۇ ئەمەس ئۈچ ھەللە رەڭ كالىغا ئوخشىتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلامنىڭ تۆت قىزى بولغان. باللىرىنىڭ قىز بولۇشى ئەمدى بۇرۇنقى جاھىلىيەت دەۋرىدىكىدەك ئەيىب ھېسابلانمىغان. ئىسلام دىنىدىن ئىلگىرى ئەرەبىستاندا تۇغۇلغان قىزلارنى ئارتۇقچە يۈك، تەييار تاماق دەپ قاراپ، تىرىك پېتى كۆمۈپ تاشلىشار ئىدى. بۇ غەيرىي قانۇنى، ۋەھشىيانە ئادەت قۇرئان كەرىمنىڭ 81 ـ سۈرە 8 ـ ئايىتى ۋە 16 ـ سۈرىنىڭ 58 ـ، 59 ـ ئايەتلىرىدە كەسكىن قارىلانغان. قىزلارغا بولغان مۇئامىلىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى ئادەملەرگە بېرىلىدىغان نام، تەخەللۇس ۋە لەقەبلەردىمۇ ئەكس ئېتىشكە باشلىدى. ئەبۇ تالىب، يەنى تالىبنىڭ ئاتىسى، ئەبۇ تەلھە، يەنى تەلھەنىڭ ئاتىسى دېگەندەك ناملار بىلەن بىر قاتاردا ئەبۇ لەيلا، يەنى لەيلانىڭ ئاتىسى ياكى ئەبۇ رەيھانە، يەنى رەيھانەنىڭ ئاتىسى دېگەن ناملار پەيدا بولدى. بىر ھەدىستە ئېيتىلىشىچە، ئەمدى كىشىلەر باللىرىنىڭ قىز ئىكەنلىكىدىن ئار قىلمايدىغان بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قىز پەرزەنت كۆرگەن كىشىنىڭكىگە تەبرىكلىگىلى بارىدىغان بولۇشقان. چۈنكى، بىر قىزدىن بىر نەچچە ئوغۇل نەۋرىلەر كۆرۈش مۇمكىن

ئۇنىڭدىن باشقا تۆت قىز تەربىيىلەپ، ۋايىغا يەتكۈزگەن كىشى ئۇدۇل جەننەتكە كىرىدۇ، دېگەن ھەدىسمۇ بار. چۈنكى، قىز بالىنىڭ تەربىيىسى ئوغۇل بالا تەربىيىسىگە قارىغاندا خېلىلا مۇشكۈل ئىشتۇر. مۇھەممەد ئەلەيھىسسەلامنىڭ ئۈچ قىزى ــ زەينەب، رۇقەييە، ئۇمم كۈلسۇملار ئاتىسىدىن ئاۋۋال دارۇلبەقاغا رىھلەت قىلىشقان ئىدى. رۇقەييە

www.uyghurkitap.com

ۋە ئۇمم كۇلسۇملار پەيغەمبەرنىڭ تاغىسى ئەبۇلەھەبنىڭ ئوغۇللىرىغا تۇرمۇشقا چىقىرىلغان. ئەمما، ئەبۇلەھەب پەيغەمبەرنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنىگە ئايلانغاندىن كېيىن (قۇرئان كەرىمنىڭ 111 ـ سۈرىسىدە ئاللاھ تەئالا ئۇنى لەنەتلىگەن) قىزلار ئەرلىرىدىن ئاجرىشىپ، ئۆيلىرىگە يېنىپ كېلىشكەن. 644 ـــ 656 ـ يىللاردا ئۈچىنچى خەلىفە بولغان ئوسمان ئىبن ئەففان ئۇلارنىڭ بىرىگە ئۆيلىنىدۇ، بىراق قىز كۈتۈلمىگەندە ۋاپات قىلغانلىقتىن ئىككىنچىسىنى خوتۇنلۇققا ئالىدۇ. چۈنكى، ئىسلام دىنىدا بىرلا ۋاقىتتا ئاچا ـ سىڭىللارنى تەڭ ئېلىش مەنئى قىلىنغان. شۇ سەۋەبتىن ئوسمان ئىبن ئەففاننى ئەزىزلىشىپ «زۇننۇرەين»، يەنى «ئىككى نۇر ئىگىسى» دەپ ئاتاشقان. تۈركىيىدە ھازىرقى كۈنلەردىمۇ ئوسمان نۇرىي دېگەن نام پات ـ پات ئۇچراپ تۇرىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ كەنجى قىزى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئاتىسىدىن ئاران بىر نەچچە ئاي ئارتۇق ئۆمۈر كۆرگەن. ئۇ مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ باشقا بىر تاغىسى ئەبۇ تالىبنىڭ ئوغلى ھەزرەت ئەلى بىلەن تۇرمۇش قۇرغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئىككى پەرزەنت كۆرگەن ئىدى. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئۇ نەۋرىلىرىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەر، بوش ۋاقىتلىرىدا ئۇلار بىلەن ئوينىشار ئىدى. ئۇلارنىڭ چوڭى ئىمام ھەسەننى مىلادىيە 669 ـ يىلى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىشتى، كىچىكى ئىمام ھۈسەين بولسا 680 ـ يىلى كەربەلا يېنىدا ئۇممەۋىيەلەرنىڭ خەلىفىسى يەزىدكە قارشى ئېلىپ بېرىلغان جەڭدە شەھىد بولدى.

مىلادىيە 661 ـ يىلى ھەزرەت ئەلى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن خەلىفىلىكنى ئۇممەۋىيەلەر ئىگىلەپ ئېلىشقانىدى. ئۇممەۋىيەلەرنىڭ ئىككىنچى خەلىفىسى يەزىد تەختكە ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئىمام ھۈسەين ھاكىمىيەتنى قايتىدىن پەيغەمبەر ئەۋلادلىرىنىڭ ئىلكىگە ئېلىش ئۈچۈن كۈرەشىدۇ. مىلادىيە 680 ـ يىلى مۇھەررەم ئېيىنىڭ 10 ـ كۈنى ئىراقنىڭ كەربەلا چۆلىدە يۈز بەرگەن بۇ پاجىئە شىئەلەرنىڭ ئىمانىنى يەنىمۇ مۇستەھكەملىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىلىرى ئىسلامىي خەلقلەرنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرىدە ھەقىقىي قەھرىمان، شەھىد دەپ تەسۋىرلەنسە، ئۇلارنىڭ ئانىسى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا گەرچە ئىككىنچى ئوغلىدىن تەخمىنەن يېرىم ئەسىر ئىلگىرى ۋاپات بولغان بولسىمۇ، بالىلىرى ئۈچۈن قايغۇرۇپ يىغلاۋاتقان شەپقەتلىك ئانا دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ تەسۋىرلىنىدۇ. ئۇ شىئەلەر ئۈچۈن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ھەزرەت ئەلىدىن كېيىن ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا بېرىلگەن «زەھرا»، يەنى «نۇر تارانقۇچى»، «بەتۇل»، يەنى «باكىرە»، «مەئسۇمە»، يەنى «گۇناھسىز، تازا» دېگەن ئىسىملارنى شىئەلەر كۆپ ئىشلىتىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى فاتىمە رەزىيەللاھۇ ئەنھا ئىمام ھۈسەيىنى ئەسلەپ، كۆز ياش تۆكىدىغان ھەربىر مۇسۇلماننىڭ بىلىپ ـ بىلمەي قىلغان گۇناھلىرىنى مەغپىرەت قىلىشنى سوراپ، ئاللاھ تەئالاغا يالۋۇرىدىغان زات سۈپىتىدە تەلقىن قىلىنىش بىلەن بىر قاتاردا سوفىيلار تەرىپىدىن «ئۇمم ئەبىبە»، يەنى «ئاتىسىنىڭ ئانىسى» دەپمۇ ھۆرمەتلىنىدۇ. بىبى فاتىمە توغرىسىدا ناھايىتى كۆپ رىۋايەتلەر بار، بولۇپمۇ ئۇنىڭ «ئىنسانلارنىڭ مەلىكىسى» بولۇپ تۇرۇقلۇق، ناھايىتى كەمبەغەللىكتە ياشىغانلىقى مۇسۇلمانلارنىڭ خىيالىي دۇنياسىنى ھاياجانلاندۇرىدۇ. «فاتىمەنىڭ قىز مېلى» (جىھازنامەئى فاتىمە) ناملىق كىتابىدا ئاتىسىنىڭ ئۇنىڭغا بېرەلىگەن پەقىرانە ئۆششاق ـ چۈششەك جابدۇقلار، فاتىمەنىڭ بالىلىرى گەرچە ئاچ قالغان بولسىمۇ، ئۆيىدىكى نانلارنىڭ ئۇششاق ئۇۋاقلىرىغىچە كەمبەغەللەر بىلەن تەڭ بۆلۈشۈپ يېگەنلىكى، بالىلىرىنىڭ كىيىم ـ كېچەكلىرى يېتىشمەسلىكى قاتارلىق ۋەقەلەرنىڭ ھەممىسى ھەر قېتىم يېڭىچە ئاھاڭ، يېڭىچە مەزمۇنلاردا تەلقىن قىلىنغانلىقى، نەتىجىدە فاتىمە

مۇسۇلمانلار ئۇچۇن يارقىن ئۈلگىگە ئايلانغان.

ئوتتۇرا ئەسىرلەر ئىسلام دۇنياسىدا بىبى فاتىمە رۇھىنى شاد ئېتىش مەقسىتىدە پۈتۈن مال ـ مۈلكىنى قىزلىرىغا مىراس قىلىپ بېرىدىغان گۆرۈھلار پەيدا بولغان. سۈننىيلارمۇ ئۇنىڭغا يۈكسەك ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلەن قارىشىدۇ. سۈنني ئىكەنلىكىگە قىلچە شۈبھە سىغمايدىغان ئوردۇ ـ پارس شائىرى مۇھەممەد ئىقبالنىڭ 1917 ـ يىلى يېزىلغان «رۇمۇزى بىخۇدى» ، يەنى «ئۆزلۈكتىن كېچەلىشنىڭ سىرلىرى» داستانىدا ۋە ئەلى شەرىئەتىنىڭ ئىراندىكى ئىسلام ئىنقىلابى دەۋرىدە يېزىلغان «فاتىمە فاتىمەدۇر» ئەسىرىدىمۇ بۇ ئېسىلزادە ۋە ئالىي ھىممەت مۇسلىمە توغرىسىدا كىشىنىڭ يۈرەك تارلىرىنى تىترىتىدىغان يېقىملىق سۆزلەر ئېيتىلغان. شۇنى تەكىتلەپ ئۆتۈش لازىمكى، ھەزرەت ئەلىنىڭ باشقا باللىرىدىن ئەمەس، بەلكى بىبى فاتىمەنىڭ ئوغۇللىرى ـــ ئىمام ھەسەن ۋە ئىمام ھۈسەيندىن تارىغان ئەۋلادلىرىلا «سەييىدلەر» دەپ ئاتىلىدۇ.

1331 ـ يىلى غەزنە شەھىرىدە ۋاپات قىلغان شائىر سەنائىينىڭ مۇنۇ مىسرالىرى كۆڭۈللەرنى رام قىلماي قويمايدۇ:

قىزلار، جۇۋانلارغا تولا بۇ دۇنيا،
ئەمما خەيرۇننىسا فاتىمە قايدا؟

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، «خەيرۇننىسا» ، يەنى «ئاياللارنىڭ ئەلاسى» دېگەن دەرىجە پەقەت خەدىچە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغىلا ئەمەس، بەلكى كېيىنچە ئۇنىڭ كەنجە قىزىغىمۇ بېرىلگەن. بەزى سوفىيلار بولسا ناھايىتى سەبر ـ تاقەتلىك ئەرلەرگە بېرىلىدىغان «فاتىر» نامىنى فاتىمەنىڭ «دىنىي ئىسمى» دەپمۇ چۈشەندۈرۈشىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەتراپىدىكى ئاياللار توغرىسىدىمۇ خېلىلا كۆپ مەلۇماتلار بار. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئىسلام دىنى دەسلەپ نازىل بولغان چاغدا پۈتكۈل ئائىلىسى بىلەن ھەبەشىستانغا ھىجرەت قىلىشقان. ئۇمم ئاسىيەگە ئوخشاش ئاياللار پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇل زاتنىڭ ساھابىلىرى بىلەن بىللە غازاتلارغا قاتنىشىپ، ياردارلارغا ھەمشىرىلىك قىلىشقان. ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇمكى، ئۇلار ناماز ئوقۇلىدىغان ۋە باشقا تائەت ـ ئىبادەت قىلىنىدىغان مەسجىدلەرگە بىمالال كىرىپ، چارە ـ تەدبىر ئىشلىرىغا قاتناشقان. چۈنكى، ھەدىسلەرنىڭ بىرىدە شۇنداق دېيىلگەن: «ئاللاھ يولىدا خىزمەت قىلىۋاتقان ھەمشىرىلەرنىڭ ئاللاھ تەئالاغا سېغىنىلىدىغان يەرلەرگە كىرىشكە توسقۇنلۇق قىلماڭلار» . 634 ـــ 644 ـ يىللىرى ھۆكۈم سۈرگەن ئىككىنچى خەلىفە ئۆمەر ئىبن ئەل ـ خەتتابمۇ باشتا بۇ ھەدىسنى ئۇنچىلىك ماقۇللىمىغان بولسىمۇ، كېيىنچە ئۇنى ھاياتقا تەتبىقلاشتا ئۆزىنىڭ ھەسسىسىنى قوشتى. قاتتىق قوللۇقى ۋە ئادالەتپەرۋەرلىكى بىلەن مەشھۇر بولغان بۇ ھۆكۈمدار ئاياللارغا قارىتا خېلىلا يۇمشاق كۆڭۈل بولغان. رىۋايەت قىلىنىشچە، ئاكىسى (يەنى ئۆمەر ئىبن ئەل ـ خەتتاب) مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ ئەشەددىي رەقىبى بولۇشىغا قارىماستىن، سىڭلىسى ئىسلام دىنىغا كىرىدۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئۆمەر سىڭلىسىنى ئۆلتۈرۈشنى قەستلەيدۇ. بىراق، سىڭلىسى تىلاۋەت قىلىۋاتقان قۇرئان كەرىم ئايەتلىرى ئۇنىڭغا شۇنچىلىك تەسىر قىلىدۇكى، شۇ زامان ئىسلام دىنىغا كىرىدۇ ۋە كېيىنچىلىك ئىسلام دىنى ئۈچۈن جېنىنىمۇ قۇربان قىلىشقا تەييار مۇسۇلمانغا ئايلىنىدۇ. بۇ رىۋايەت ھەزرەت جەلالىددىن رۇمىينىڭ نەسرىي ئەسىرى «فىھى مافىھى» (ئىچىڭدىكى ئىچىڭدىدۇر) دىمۇ مىسال قىلىپ كەلتۈرۈلگەن. مۇھەممەد

www.uyghurkitap.com

ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى ئۆزلىرىنىڭ مۆئمىن ـقابىللىقى، خۇداگويلۇقى بىلەن مەشھۇر بولۇشقان. ئۇلاردىن بولۇپمۇ پەيغەمبەرنىڭ چەۋرىسى سەييىدە نەفىسە ئالاھىدە ئېتىبارغا لايىق. ئۇ ئالتىنچى ئىمام جەئفەر سادىقنىڭ (ۋاپاتى 765 ـ يىلى) كېلىنى بولغان. شەييىدە خالە ۋەچچىسى (ھامىسىنىڭ قىزى) سەكىنە بىلەن قاھىرەگە كېلىدۇ ۋە بۇ يەردە ئۆزىنىڭ خۇداگويلۇقى، دىندارلىقى بىلەن مەشھۇر بولىدۇ. تارىخچى ئالىم قاللىخانىنىڭ يېزىشچە، ئىسلام دىنىدىكى تۆت مەزھەبتىن بىرىنىڭ ئاساسچىسى ئىمام شافىئىي بۇ قىز بىلەن بىرگە ناماز ئوقۇشنى ئۆزى ئۈچۈن شەرەپ دەپ بىلگەن ئىكەن. سەييىدە نەفىسە كارامەتچى، نەفەسى ئۆتكۈر قىز بولغان. ئېيتىلىشىچە، خېلى يىللاردىن بېرى ئاقساقلىنىپ يۈرگەن بىر يەھۇدىي ئايال سەييىدە نەفىسە تاھارەت ئالغان سۇدا ئاياغلىرىنى يۇيۇپ تۈزىلىپ كەتكەن ئىكەن. نەفىسە ۋاپات قىلغاندىن كېيىن ھىجرىيە 208 (مىلادىيە 824) ـ يىلى ئۇنىڭغا بىر مەقبەرە قۇرۇلغان. ھازىرقى كۈنلەردىمۇ كىشىلەر بۇ مەقبەرىنى زىيارەت قىلىشىدۇ. ئوتتۇرا ئەسىرلەردە، بولۇپمۇ مەملۇكلەر دەۋرىدە سۇلتانلار قاھىرە سارىيىدا سەييىدە نەفىسەنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى ئۆتكۈزگەن.

يۇقىرىدىكى مىساللار، يەنى پەيغەمبەرنىڭ سۆزلىرى ھەمدە ئۇل زاتنىڭ بىرقانچە ئايالغا ئۆيلەنگەنلىكى پەقەت نەسرانىي دىنىي ئالىملىرىنىڭلا ئەمەس، بەلكى نەسرانىيلارنىڭ كۆپچىلىكىگە قانداقتۇر غەلىتە تۇيۇلغانلىقى، كۆڭلىنى غەش قىلغانلىقى ھېچبىر سىر ئەمەس. ئۇلار ئۆزىنى پەيغەمبەر دەپ ئاتىغان كىشىنىڭ شۇنچە كۆپ ئۆيلەنگەنلىكىگە ئىشىنىشمىگەن. چۈنكى، ئۇلار خۇداغا سېغىنىشنىڭ تۈپ يولى راھىبلىق دەپ ئويلاشقان. مۇھەممەد پەيغەمبەرنىڭ كۆپ قېتىم ئۆيلەنگەنلىكى، يەنى ئۇل زاتنىڭ دۇنياۋىلىقى، نەسرانىيلار ئېتىقادىكى راھىبلىق، تەركىدۇنياچىلىق چۈشەنچىسىگە ئۇيغۇن كەلمەس ئىدى. مۇسۇلمانلار بولسا بۇ ھالەتتە بىرەر يامانلىق، دىنغا زىدلىق سەزمەيدۇ، چۈنكى، ئۇلار قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردىكى: «يەڭلار، ئىچىڭلار، كىيىنىڭلار، دۇنيادىن زوقلىنىڭلار، پەقەت ئۆلچىمىدىن ئېشىپ كەتمەڭلار، ئىسراپچىلىق قىلىپ، زالىملاردىن بولماڭلار» دېگەن ئەقىدىلەرگە ئەمەل قىلىشىدۇ.

سۆزىمىزنىڭ بېشىدا مىسال قىلىپ كەلتۈرۈلگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرىنى ھىند مۇسۇلمان دۇنياسىنىڭ يېتۈك ئەللامىسى، دېھلىلىك نىزامىددىن ئەۋلىيا ئۆزىگە خاس يوسۇندا مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «ئاياللار، خوتۇن ـ قىزلار» دېگەندە ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھا كۆزدە تۇتۇلغان، «كۆڭلۈم خۇشى، دىل ئارامى، كۆزۈم قارىسى» دېگىنى بولسا فاتىمەدۇر. چۈنكى، بۇ سۆزلەر ئېيتىلغان ۋاقىتتا فاتىمە ناماز ئوقۇۋاتقان ئىكەن. بۇ بەلكىم بىر ئاز ئاشۇرۇۋېتىلگەنگە ئوخشايدۇ. شۇ سەۋەبتىن بىزنىڭچە، ئىبن ئەرەبىينىڭ تەلقىنى ھەقىقەتكە كۆپرەك ماس كېلىدۇ. ئۇل زاتنىڭ ئېيتىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام خوتۇنلارنى تەبىئىي مەيل تۈپەيلىلا ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تەئالا خوتۇن ـ قىزلارنى سۆيۈملۈك قىلىپ ياراتقانلىقى ئۈچۈن ياخشى كۆرگەن. ئەمدى ئۇنىڭدىكى «خۇش بۇيلار» دېگەن سۆزگە كەلسەك، ئۇ ئەرەب تىلىدىكى ئىككى ئاياللار سىغىسى (مۆئەننەس شەكلى) دىكى «خوتۇن ـ قىزلار» ۋە «ناماز» ئوتتۇرىسىدىكى يالغۇز ئەرلەر سىغىسى (مۇزەككەر شەكلى) دىكى سۆزدۇر. ئۇ بىر تەرەپتىن ئاياللارغا، ئىككىنچى تەرەپتىن روھانىيەتكە باغلىنىپ، سوفىيلارنى توختىماستىن خىيال سۈرۈشكە، بۇ سىرنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىپ يېتىشكە مەجبۇرلىغان.

# قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفلەردە ئاياللار سىماسى

قۇرئان كەرىمدە تەقۋادار ۋە ئىمانلىق مۇئمىن ـ مۇسۇلمانلار بىلەن بىر قاتاردا تەقۋادار ۋە ئىمانلىق مۇئمىنەلەر ۋە مۇسلىمەلەر (مۇئمىنات، مۇسلىمات) مۇ پات ـ پات تىلغا ئېلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭمۇ خۇددى ئەرلەرگە ئوخشاشلا دىنىي بۇرچلىرى، ھوقۇقلىرى، ۋەزىپىلىرى باردۇر.

قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان ئاياللار ئىچىدە ئاساسىي جەھەتتە پەقەت بىرلا سەلبىي ئايال سىماسى بار. ئۇ 111 ـ سۈرە، يەنى مەسەد سۈرىسىنىڭ ئايەتلىرىدە «ئوتۇن توشۇغۇچى ئايال» دەپ تەسۋىرلەنگەن ئۇمم جەمىلدۇر. بۇ ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلامنىڭ تاغىسى ۋە ئەشەددىي دۈشمەنلىرىدىن بىرى ئەبۇ لەھەبنىڭ خوتۇنى بولۇپ، مۇھەممەد (س. ئە. ۋ) توغرىسىدا تۈرلۈك بوھتانلار تارقىتىپ يۈرگەن. ئۇ كۆپرى ئىشلاردا «دوزاخ ئوتىنىڭ ئاتىسى» لەقەبىنى ئالغان ئېرى (ئەبۇ لەھەب) تىن ئازراقمۇ قېلىشمىغانلىقى ئۈچۈن قۇرئان كەدرىمدە ئۇنىڭ «ئوتۇن ئارتقان، خورما پوستىنىڭ پىششىق تالاسىدىن ئېشىلگەن ئارقان بىلەن بويىندىن باغلانغان ھالدا يىلىنجاۋاتقان دوزاخقا كىرىدىغانلىقى» ئېيتىلغان. ھەممە چېقىمچى، غەيۋەتچى ۋە كۆپپارلار ئاقىۋەتتە ئۇمم جەمىلنىڭ ھالىغا چۈشكۈسى.

قۇرئان كەرىم نازىل ئېتىلگەندىن كېيىن ئەرەبىستاندا ئاياللارنىڭ ئەھۋالى جاھىلىيەت دەۋرىدىكىگە قارىغاندا كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ياخشىلاندى. ئۇلارغا ئۆزلىرى قىز مېلى سۈپىتىدە ئېلىپ كەلگەن ياكى نىكاھ پەيتىدە ئېرى سوۋغا قىلغان مال ـ مۈلۈككە ئىگىلىك قىلىش ۋە ئىشلىتىش، شۇنىڭدەك تەقسىملىنىدىغان مىراستىن ئۈلۈش ئېلىش ھوقۇقى بېرىلدى. ئىلگىرى ئۇلاردا بۇنداق ھوقۇقلار يوق ئىدى.

مۇسۇلمانلارغا تۆتكىچە خوتۇن ئېلىش ھوقۇقى بېرىلگەنلىكى («نىسا» سۈرىسى 3 ـ ئايەت) كېيىنكى چاغلاردا كىشى تەبىئىتى ياكى مىزاجىنىڭ تۆت خىل ئىكەنلىكىگە باغلاپ چۈشەندۈرۈلمەكتە. بىراق، بۇ ھوقۇقنى بەزىلەر ئويلىغىنىدەك كۆپ خوتۇنلۇقلۇققا بېرىلگەن «يول خېتى» دەپ ئەمەس، ئەكسىچە ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن كۆرۈلگەن تەدبىرلەردىن بىرى، دەپ چۈشەنمەك لازىم.

جاھىلىيەت دەۋرىدە ئەرەبلەر كۆچىنىڭ يېتىش ـ يەتمەسلىكىدىن قەتئىينەزەر، بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە يىگىرمە ـ ئوتتۇزلاپ خوتۇنغا ئۆيلەنگەن. قۇرئان كەرىمنىڭ ئەنە شۇ سۈرىسىدە: «ئەگەر ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر ئايال ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرە بىلەن كۇپايىنىڭلار» دەپ كۆرسەتمە بېرىلگەن. بۇ ئايەتنى دەستەك قىلىۋاتقان مۇدېرنچىلار «بىر خوتۇنلۇقلۇق كۆزدە تۇتۇلماقتا» دەپ ئەيىۋھانناس سېلىشتى. ئۇلارنىڭ كۆرسەتكەن ۋەج ـ ئاساسلىرى بويىچە خوتۇنلار ئەرنىڭ مال ـ مۈلكىدىن تەڭ ئۈلۈش ئېلىشلىرى مۇمكىن، ئەمما ئەر ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ھەمىشە بىر خىلدا ياخشى كۆرۈشى مۇمكىن ئەمەس. ئەلۋەتتە، بۇ تەبىئىي ھال، شۇنداق ئىكەن، ئەر ئۆز خوتۇنلىرى ئارىسىدا ئادىللىق قىلالمايدۇ. بۇ بولسا قۇرئان كەرىمدىكى «بىر ئايالغا ئۆيلىنىڭلار ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرە بىلەن كۇپايىلىنىڭلار» دېگەن كۆرسەتمىنى بىرىنچى ئورۇنغا ئېلىپ چىقىدۇ. مودېرنچىلار مانا شۇنىڭغا يېپىشۋالغان. ئەمما بۇ مەسىلىنىڭ بىر تەرىپى، خالاس. ئەمدى مەسىلىنىڭ ئىككىنچى تەرىپىگە نەزەر تاشلايدىغان بولساق، شۇنىسى ئايانكــى، دۇنيانىڭ ھەممە ئەللىرىدە ئاياللار سان جەھەتتىن ئەرلەردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. چۈنكى،

www.uyghurkitap.com

تۇرلۇك ئۇرۇشلار ۋە ھەربىي توقۇنۇشلاردا ئاساسىي جەھەتتىن ئەرلەر ھالاك بولۇشىدۇ. ئەگەر بارچە ئەرلەر پەقەت بىردىن ئايالغا ئۆيلەنگىنىدە نۇرغۇنلىغان ئايالLار ئەرسىز قالغان بولۇر ئىدى، نەتىجىدە ئۇلار پەرزەنت كۆرۈش، ئانا بولۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم بولۇشار ئىدى. بۇ بولسا چوڭ ۋە كەچۈرۈلمەس گۇناھقا، يەنى زىناغا سەۋەب بولىدىغان دەسلەپكى شەرت ـ شارائىتتۇر. شۇنداق گۇناھى ئەزىمنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەقسىتىدە مۇسۇلمانلارغا تۆتچە خوتۇن ئېلىش ھوقۇقى بېرىلگەن ۋە خوتۇنلىرى ئارىسىدا ئادىللىق قىلىش ئۇلارنىڭ زىممىسىگە بۇرچ قىلىپ يۈكلەنگەن. ئېرىگە ئىنچىل بويسۇنمايدىغان خوتۇنلارنى ئۇرۇش يولى بىلەن جازالاشقا رۇخسەت قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما جازانى ئامالىنىڭ بېرىچە يەڭگىللىتىش دەۋەت قىلىنىدۇ. چۈنكى، پەيغەمبەر مۇھەممەد (س. ئە. ۋ) شۇنداق دېگەن: «سىزلەرنىڭ ئارىڭىزلاردىكى ئەڭ ياخشى كىشىلەر خوتۇنىغا مېھىر ـ شەپقەت قىلىدىغان كىشىلەردۇر».

قۇرئان كەرىمدە بىر ئايالنىڭ ئىسمى تولۇق ئېيتىلغان. ئۇ زات ئىيسا ئەلەيھىسسەلامنىڭ باكىرە ئانىسى بىبى مەريەمدۇر. ئىسلام دۇنياسىدا ئۇنىڭ ئابرۇيى ناھايىتى يۇقىرى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، جەننەتكە بىرىنچى بولۇپ بىبى مەريەم كىرگۈدەك، بىبى مەريەم قۇرۇپ قالغان خورما دەرىخى تېگىدە دەم ئېلىۋاتقاندا تولغىقى تۇتۇپ، ئىيسا ئەلەيھىسسەلام دۇنياغا كېلىدۇ. شۇ چاغدا ھېلىقى قۇرۇق خورما دەرىخى بىر دەمدە كۆكىرىپ، چېچەكلەپ، مېۋىلەيدۇ ۋە بوۋاق تۇغۇلغاندىن كېيىن بىبى مەريەم بارانىغا يېتىپ پىشقان خورمىلاردىن يەپ كۈچكە تولىدۇ. يېڭى تۇغۇلغان بوۋاق تىلغا كىرىپ، ئانىسىنىڭ گۇناھسىزلىقىنى، باكىرەلىكىنى تەكىتلەيدۇ (قۇرئان كەرىم، 19 ـ سۈرە، 30 ـ، 33 ـ ئايەتلەر).

بىبى مەريەم ئىنتايىن كەمسۆز، چەكسىز پىدائىي بىر شەخس. ئۇنىڭ ھەربىر خىسلىتىنى تەرىپلەش ئۈچۈن بىردىن ئالاھىدە ئىلمىي ئىش يېزىلسىمۇ كەملىك قىلىدۇ. كېيىنكى تەپسىرچىلەر قۇرئان كەرىم ۋە تەقۋادارلار توغرىسىدىكى خەلق رىۋايەتلىرىدىن يەنە بىر تۈركۈم ئايالLار سىيماسىنى تېپىپ چىقىپ، ئۇلارغا ئىسىملار قويۇپ، ئۇلارنىڭ بېشىدىن ئۆتكۈزگەنلىرىنى رەڭگارەڭ بوياقلار بىلەن بېزەپ تەسۋىرلەيدۇكى، ئۇلارنىڭ ھەربىرى ئايالLارنىڭ ئۈلگىسى بولالايدۇ. ھىندىستان يازغۇچىسى ئەشرەف ئەلى تھەنەۋىي ئۆزىنىڭ «جەننەت زىيىب ـ زىينەتى» دېگەن ئەسىرىدە قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان ئايالLارنىڭ ھەربىرىنى ياش ئوقۇرمەن قىزلارغا نەسىھەتنەما ـ ھېكايەتلەر ئارقىلىق تەسۋىرلەپ بەرگەن. كىتابتا ئېيتىلىشىچە، ئەڭ بىرىنچى ئايال، يەنى ھەۋۋا ئانا رىۋايەتلەرگە كۆرە ئادەم ئاتىنىڭ ئەگرى قوۋۇرغىسىدىن يارىتىلغان ئىكەن. بۈيۈك گېرمان شائىرى يوھان ۋولفگاڭ گيوتې شۇ مەزمۇندىكى بىر ھەدىسنى شېئىرغا ئايلاندۇرغان:

ئايالLارغا قىلما زۇلۇم، بولما تاش بېغىر،
ئۇلار ئەگرى قوۋۇرغىدىن يارالغان ئەخىر.
نېتىسۇن، ئۇلارنى ئاللاھ ياراتمىش شۇنداق،
سۇنۇپ كېتەر، توغرىلاشقا ئۇرۇنغىنىڭ چاغ.
ئۆز ھالىغا قويساڭ بەتتەر قىيشىيىدۇ ئۇل،
ئادەم ئوغلى، ئۆزۈڭ تاللا، قايسىسى ماقۇل.
مۇرۇۋۋەت قىل، ساڭا قارشى قىلسىمۇ ئۇ جەڭ،

ياخشى ئەمەس سۇنۇپ كەتسە بىر تال قوۋۇرغاڭ.

ھەۋۋا ئانا سادىر بولغان گۇناھى ئەزىم، يەنى ئاسىيلىق ئۇچۇن جاۋابكار ئەمەس. چۈنكى، ئۇ تۇپەيلى گۇناھ ئىشلارنىڭ بۇ دۇنياغا كىرىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا قۇرئان كەرىمدە بىرەر ئايەتمۇ يوق. ئىسلام دىنى دەسلەپ قىلىنغان گۇناھ توغرىسىدىكى تەلىماتنى تەن ئالمايدۇ. سۆزمەن خەلق باخشىلىرى ۋە خىيال ـ تەسەۋۋۇرغا باي ھېكايىچىلەر تەرىپىدىن ئۇششاق ـ چۈششەك تەپسىلاتلىرىغىچە بىرمۇ بىر ھېكايە قىلىنغان «پەيغەمبەرلەر تارىخى» كىتابىدا ھەۋۋا ئانا توغرىسىدا ناھايىتى يېقىملىق سۆزلەر ئېيتىلغان. ئۇنىڭ گۈزەللىكى يارقىن بوياقلاردا تۆۋەندىكىچە تەسۋىرلىنىدۇ: «ھەۋۋا ئانا ئادەم ئاتىدەك ئېگىز بويلۇق، سەرۋ قامەت ۋە چىرايلىق بولۇپ، چاچلىرى 700 تال قىلىپ ئۆرۈلگەن، ئۇلارنىڭ ھەربىر ئۆرۈمى يېشىل، سۈزۈك قىممەت باھا تاشلاردىن ياسالغان تېقىنچاقلار بىلەن بېزەلگەن ۋە مۇشكۇ ئەنبەرلەر سېپىلگەن ئىدى. بەدەن تېرىسى ئادەم ئاتىنىڭكىگە قارىغاندا نەپىسرەك، رەڭگى سۈزۈك، ئاۋازى بولسا ئۇنىڭكىدىن يېقىملىق ئىدى».

رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئاللاھ تەئالا ئادەم ئاتىغا شۇنداق مەرھەمەت قىلغان: «ساڭا ئاتالغان ھەممە ئىلتىپات ـ مۇرۇۋۋەتلىرىم ئاجىزە بەندەم بولمىش ھەۋۋا ئانىدا مۇجەسسەملەنگەن. ئەي ئادەم، بىلگىلكى، مېھرىبان، تەقۋادار رەپىقەدىن ياخشىراق ئىلتىپاتۇ مەرھەمەت بولمىغاي».

رىۋايەتلەردە دەسلەپكى كىلىن ـ كۆيەۋنىڭ تويى ھەممە تەپسىلاتلىرىغىچە بوياپ ـ بېزەپ تەسۋىرلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ھازىرقى كېلىن ـ كۆيەۋلەرمۇ ئۇلارغا تەقلىد قىلىپ، تويلىرىغا بايرام تۈسى بېرىشكە ئىنتىلىشىدۇ. ئېيتىشلىرىچە، ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ تويىدا پەرىشتىلەر ئۇلارنىڭ ئۈستىدىن گۈل ـ چېچەكلەر ۋە شېرىنلىكلەر بىلەن بىللە جەننەتتىكى تەڭگە ـ يارماقلارنىمۇ چېچىشقان ئىكەن. بىراق، تويىدىن كېيىن جەننەت تۈزلىرىدىن بىرى تاشقىرىدا يىلان شەكلىدە سۆرۈلۈپ يۈرگەن شەيتان ئەلەيھى لەئىننى تۇتۇپ ئېلىپ، تۇمشۇقىدا كۆتۈرۈپ جەننەتكە ئېلىپ كىرىدۇ. ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانا شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئۇچۇپ، چەكلەنگەن مېۋىدىن يەيدۇ ۋە نەتىجىدە ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ قالىدۇ. ئەنئەنىۋى رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، بۇ ۋەقەنىڭ يۈز بېرىشىدە ھەۋۋا ئانىنىڭ بىر ئاز يەڭگىلتەكلىك قىلغانلىقى، كالتا ئويلىغانلىقى سەۋەب بولغان ئىمىش. ھەۋۋا ئانا قىلمىشىدىن قاتتىق پۇشايمان قىلىپ: «ئەيىبىم نېمە، ئەمدى قانداق جازاغا دۇچار بولۇرمەن؟» دەپ نالە ـ پىغان چەككىنىدە، ئاللاھ تەئالاھ شۇنداق خىتاب قىلغان ئىكەن: «بىز سېنى پىكىر يۈرگۈزۈش ۋە دىنىي مەسىلىلەردە گۇۋاھلىق بېرىشتە ھەمدە مىراس ئېلىشتا ناتۇكەممەل قىلۇرمىز!»

بۇلار ئېھتىمال قۇرئان كەرىمدىكى ئىككى ئايالنىڭ گۇۋاھلىقى بىر ئەرگە تەڭلىكى (2 ـ سۈرە، 282 ـ ئايەت)، ئىككى قىز بالىنىڭ بىر ئوغۇل بالىلىق ئۈلۈش مىقدارىدا مىراس ئالىدىغانلىقى (4 ـ سۈرە، 11 ـ ئايەت) قاتارلىق كۆرسەتمىلەردىن ئېلىنىپ، رىۋايەتلەرگە ئايلاندۇرۇۋېتىلگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. خۇددى شۇنىڭدەك، رىۋايەتلەردىكى «ئۆمۈر بويى قاماپ قويۇلسۇن» دېگەن ئىلاھىي جازا توغرىسىدا سۆز بولۇنغاندا ئايال كىشىنىڭ تۇرمۇشقا چىقىپ، ئۆي ـ ئوچاق تەشۋىشلىرىگە كۆمۈلۈپ، تۆت تام ئىچىدە ئۆزى بىلەن ئۆزى بەنت بولۇپ قالىدىغانلىقى توغرىسىدا ئىختىيارسىز ئويلىنىپ قالىدۇ كىشى.

11 ـ ئەسىردە ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان ئەرەب مۇئەللىپى قىسەئىينىڭ

www.uyghurkitap.com

ئېيتىشىچە، ھەۋۋا ئانىغا «ئۆمرىدە بىرەر قېتىممۇ جۈمە نامىزىغا ئىشتىراك قىلماسلىقى بېشارەت قىلىنغان ئىمىش (ئەمما بۇ توغرىسىدىمۇ يا قۇرئان كەرىمدە، ۋە يا ئىسلام دىنى نازىل قىلىنىۋاتقان دەسلەپكى دەۋرلەردىن قالغان مەنبەلەردە بىرەر سۆز دېيىلمىگەن) ھەمدە ئايال سالام بەرمەسلىكى لازىم ئىمىش (بۇ توغرىسىدىمۇ قۇرئان كەرىمدە بىرەر كۆرسەتمە يوق). ئۇنىڭدىن باشقا، رىۋايەتلەردە ئاياللارنىڭ ھەيز كۆرۈشى ۋە ھامىلدار بولۇشى، «ئاياللاردىن پەيغەمبەر چىقماسلىقى ۋە ئۇلارنىڭ دانىشمەن بولالماسلىقى» ئۇلارغا بېرىلگەن ئىلاھىي جازا سۈپىتىدە تەلقىن قىلىنىدۇ. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ھازىرقى كۈندە كەڭ تارقالغان بۇ تەسەۋۋۇرلار قۇرئان كەرىمدىكى ئاللاھنىڭ كالامىغا ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ كىشىلەرگە خاس، يېڭىلىش خىيالىي تەلقىنىگە ئاساسلانغاندۇر. ھەۋۋا ئانا كۆرسەتمىگە رىئايە قىلمىغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق پۇشايمان قىلىپ تەۋبە قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ گۇناھى كەچۈرۈلدى. ئەمما، بەربىر جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىلغان. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىشىچە، ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانا بىر ـ بىرىدىن يىراقتا ئۇزۇن زامانلار سەرسان ـ سەرگەردان بولۇپ يۈرۈشكەندىن كېيىن، مەككىنىڭ يېنىدىكى سەفا ۋە مەرۋە تۆپىلىكلىرىدە ئۇچرىشىدۇ. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام سەفا تۆپىلىكىدە تۇرغان ئادەم ئاتىغا ھەج قىلىشنىڭ يول ـ يوسۇنلىرىنى ئۆگىتىۋاتقان چاغدا ھەۋۋا ئانا مەرۋە تۆپىلىكىگە كۆتۈرۈلىدۇ. «مەرۋە» سۆزىنى كۆپلىگەن دىنىي مەتن تەپسىرچىلىرى «مەرئە»، يەنى «ئايال» سۆزىدىن كېلىپ چىققان دەپ چۈشەندۈرۈشىدۇ. ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانا «تەئەررەفە»، يەنى ئەرافات ۋادىسىدا ئۇچرىشىپ بىر ـ بىرىنى تونۇيدۇ.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىككىنچى خوتۇنى ھاجەرنىڭ نامىمۇ ھەج سەپىرى ۋە ئەرافات ۋادىسى بىلەن باغلىقتۇر.

ئۇ زات چاڭقاپ كەتكەن ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامغا سۇ ئىزدەپ، مەرۋە بىلەن سەفا تۆپىلىكلىرى ئارىسىدا يەتتە قېتىم ئۇياقتىن بۇياققا يۈگۈرۈپ، ئاللاھقا ئىلتىجا قىلغاندىن كېيىن غايىبتىن زەمزەم بۇلىقى پەيدا بولىدۇ. بۈگۈنكى كۈنلەردىمۇ ھەجگە كەلگەنلەر مەرۋە بىلەن سەفا تۆپىلىكلىرى ئارىسىدا ئۇياقتىن بۇياققا يەتتە قېتىم يۈگۈرۈپ، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇ زاتنىڭ ئانىسى ھاجەرنى ياد قىلىشىدۇ. چۈنكى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادىدىندۇر. خەلق رىۋايەتلىرىدە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى چوڭ گۇلخاندا كۆيدۈرۈپ ئۆلتۈرۈشنى بۇيرۇغان زالىم شاھ نەمرۇدنىڭ قىزىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ قىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى، يەنى بىر ئاللاھقا سېغىنىش يولىنى تۇتقانلىقى ئۈچۈن، گۇلخان ئۈستىگە يىقىلىپ چۈشسىمۇ زەرەر كۆرمەي ئامان قالىدۇ. فىرئەۋننىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى قۇتقۇلدۇرۇپ قالغان تەقۋادار خوتۇنى ئاسىيەگە كۆپلىگەن تەپسىرچىلەر ناھايىتى ئىجابىي باھا بېرىشىدۇ. ئۇ ئېرىنىڭ مۇسا ئەلەيھىسسالامنى ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن قىلغان بارچە ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە قارشى ھالدا بالىنى قۇتقۇلدۇرۇپ، ھىمايە قىلغانلىقى سەۋەبلىك جەننەتتىي بولغان ۋە شۇ سەۋەبتىن بۇ سىيما پۈتكۈل ئاياللارغا ئۈرنەك بولىدىغان تەقۋادار ئايال تىمسالىغا ئايلانغان. كۆپىنچە ھاللاردا ئۇ ھەتتا «ئەڭ كامىل ئايال» دەپ تەسۋىرلىنىدۇ ۋە بىبى مەريەم، بىبى خەدىچە ھەم بىبى فاتىمەلەرگە ئوخشاش جەننەت ھۆرلىرىدىنمۇ گۈزەلرەك سانىلىدۇ.

قۇرئان كەرىمدە يەنە بىر ئايال تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇ سەبەئـ دۆلىتىنىڭ ئايال پادىشاھىدۇر. رىۋايەتلەردە ئۇنىڭ نامى بىلقىس ئىكەنلىكى ئېيتىلغان. قۇرئان كەرىمنىڭ 27 ـ سۈرىسىدە ھۇدھۇد (ھۆپۈپ) سەبەئـ مەملىكىتى توغرىسىدا ئېنىق خەۋەر

كەلتۈرگەنلىكى، بۇ شەھەرنىڭ ھۆكۈمدارى بىلقىس ئىسىملىك ئايال ئىكەنلىكى، ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە ئاتا قىلىنغان بولۇپ، چوڭ تەختىنىڭمۇ بارلىقى بايان قىلىنىدۇ. سۇلەيمان ئەلەيھىسسەلام بۇنى ئاڭلاپ، بىلقىسقا مەكتۇب يازىدۇ ۋە ئۇنى ئۆز ھوزۇرىغا چاقىرىدۇ. مەلىكە ئاللاھنىڭ ھەق دىنىغا ئۆتۈش ۋە سۇلەيمان ئەلەيھىسسەلامغا تورمۇشقا چىقىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ ئالدىغا بارىدۇ. مەلۇمكى، سەبەئـ خەلقى ۋە ئۇنىڭ مەلىكىسى ئوتپەرەس بولغان. بىلقىس سۇلەيمان ئەلەيھىسسەلامغا ئۈچ تېپىشماق ئېيتىدۇ، سۇلەيمان ئەلەيھىسسەلام ئۇلارنى ئاسانلا تېپىۋالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مەلىكە سۇلەيمان ئەلەيھىسسەلامنىـــڭ ھوزۇرىدا قالىدۇ. بىلقىس جىنلار شاھىنىڭ ئاددىي ئايالدىن تۇغۇلغان قىزى بولغانلىقى ئۈچۈن، سۇلەيمان ئەلەيھىسسەلام «مەلىكىنىڭ ئاياغلىرى جىنلارنىڭكىدەك تۇياقلىق بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ، مەلىكىنى يەرگە ئەينەك ياتقۇزۇلغان زالدا كۈتۈۋالىدۇ. قەسىرگە كىرگەن بىلقىس «شاھنىڭ ئالدىغا سۇ كېچىپ بېرىشىم كېرەك ئىـــكەن ـ دە» دەپ ئويلاپ، كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى كۆتۈرىدۇ. مەلىكىنىڭ ئاياغلىرىنىڭ مۇكەممەل ئىنسان ئايىغى ئىكەنلىكىنى كۆرگەن سـۇلـەيـمـان ئـەلـەيھىسسـەلام ئـۇنىڭـغـا ئـۆيـلىنىـدۇ (27 ـ سـۈرە 44 ـ ئايەت).

سۇلەيمان ئەلەيھىسسەلام جىنلارغا بۇيرۇپ، بىلقىسنىڭ مەملىكىتىدىن مەلىكىنىـڭ ئاجايىپ تەختىنى قەسىرگە كەلتۈرگەن ئىدى. ئۆز تەختىنىڭ قەسىردە ئىكەنلىكىنى كۆرگەن مەلىكە بىلقىس سۇلەيمان ئەلەيھىسسەلامنىڭ پەيغەمبەر ئىكەنلىكىگە ئىمان كەلتۈرىدۇ ۋە پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئاللاھنىڭ ھەق دىنىغا ئۆتۈپ، ئۆزىنى شاھقا بېغىشلايدۇ.

كېيىنرەك بارلىققا كەلگەن ئەدەبىي ئەسەرلەر ۋە بولۇپمۇ مەدھىيىلەردە بىلقىس كۆپىنچە باي، دۆلەتمەن ۋە دانا مەلىكە سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ. پارس شائىرى خاقانىي (1199 ـ يىلى ۋاپات قىلغان) ئۆزىنىڭ ھامىيسى شىرۋانشاھنىڭ رەپىقىسى ۋە سىڭلىسىنى بىلقىسقا تەڭلەشتۈرۈپ ئەسەرلەر يارىتقان (قىزىقى شۇنىڭدىكى، ئۇ ئۆز قەھرىمانلىرىنى ئاساسىي جەھەتتىن تارىختا نامى قالغان داڭدار ئاياللارغا، جۈملىدىن بىبى مەريەم، مەشھۇر سۇفى رابىيە ياكى مەلىكە زۇبەيدەگە قىياسلايدۇ. دېمەك، ئۇنىڭ قارىشىچە ئاياللار كۆپلىگەن مەسىلىلەردە ئەرلەردىن ئۈستۈندۇر). ئۇلۇغ تېئوسوفىك سۇفى ئىبنى ئەرەبىي (1240 ـ يىلى ۋاپات قىلغان) نىڭ مىستىك روھتا يېزىلغان ۋە تەقلىد قىلىنغان شېئىرلار توپلىمى بولمىش «تەرجۇمانەل ئەشۋاق»، يەنى «زەۋق ـ شەۋقلەر تەرجىمانى» ناملىق ئەسىرىدە «مەھبۇبىنىڭ سارىيى شۇنچىلىك ئاجايىپ ئىدىكى، بىلقىس ئۆز تەختىنى ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قالدى» دەپ يېزىلغان. بۇ ئەسەردە ساھىبجامال ئاياللار مۇنداق تەسۋىرلەنگەن: «بىر كۆز تاشلىسا يەر ـ كۆكنى ۋەيران قىلىدىغان، نازۇك قوللىرىدا چەكسىز ھاكىمىيەت بار بولغان گۈزەللەر تورلاردەك تاۋلىنار ئىدى، بىر كۆرگەن كىشى ئۇلارنى مەرۋايىت تەختىدە ئولتۇرغان بىلقىسقا ئوخشىتار ئىدى». ئىبنى ئەرەبىينىڭ ئۆزى بۇ ھالەتنـــى شۇنداق ئىزاھلايدۇ: «ئۇ ئىلاھىي دانىشمەنلىكنى ‹بىلقىس› دەپ ئاتىدى. بىلقىس نەزەرىياتىنىڭ نازۇك ـ نىھال پەرزەنتى بولۇش بىلەن بىللە ئەمەلىيەتنىڭ بىر ئاز كۆرۈمسىز ماددىي بالىسىدۇر، يەنى ئۇ يېرىم جىن ۋە يېرىم ئىنساندۇر. مەلىكىنىڭ ئاتىسى جىنلار شاھى بولۇپ، ئانىسى بولسا ئاددىي ئىنسانلاردىندۇر».

ھەزرەت ئابدۇرەھمان جامىينىڭ نەزەرىدە بىلقىس دانا ھۆكۈمدار ئايالدۇر. ئۇنىڭ ناھايىتى دانالىقى ياخشى ۋە يامان ئاياللار ئۈستىدىن ئالدىراڭغۇلۇق قىلماي، ئېغىر ـ تەمكىنلىك بىلەن ھۆكۈم چىقىرىشىدا ۋە فىردەۋسىينىـــڭ ئاياللارنـــى قارىلاپ يازغان

شېئىرلىرىنى ئېپىنى كەلتۈرۈپ تەنقىد قىلىشىدا نامايان بولىدۇ (ئۇنىڭ كۆلۆمسىز تۈرۈشى ياۋروپا ئەدەبىياتىدا، بولۇپمۇ رېديارد كىپلىڭنىڭ «كېپىنەك» ماۋزۇلۇق سېھرىلىك ھېكايىسىدە تولىمۇ گۈزەل تەسۋىرلەپ بېرىلگەن) . قۇدرەتلىك مەلىكە بىلقىس ۋە ئۇنىڭ تەختى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر ۋە ئىما ـ ئىشارىلەرنى ئىسلامىي قوشاقلار، مەدھىيە ۋە قەسىدىلەردىمۇ ئۇچرىتىش مۇمكىن. بۇلاردىن تاشقىرى، دانا مەلىكە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئاجايىپ رەسىملەرمۇ بار.

بۇ رەسىملەرنىڭ بەزىلىرىدە مەلىكىنىڭ تەختتە ئولتۇرغانلىقى تەسۋىرلەنسە، باشقىلىرىدا ھۆپۈپنىڭ سۇلەيمان ئەلەيھىسسەلامنىڭ مەكتۇبىنى مەلىكىنىڭ ياتىقىغا تاشلاپ كېتىۋاتقان چېغى سۈرەتلەنگەن. تۈرلۈك رىۋايەتلەر ئاساسىدا رومانتىك ئېپوسلار يارىتىلغان ئىراندا شۇنداق مۆجىزىلىك قۇدرەت ئىگىسى، پەقەت ھەممە جانلىق مەۋجۇداتلارنىڭلا ئەمەس، بەلكى جانسىز نەرسىلەرنىڭمۇ تىلىنى چۈشىنىش قابىلىيىتى ئاتا قىلىنغان سۇلەيمان ئەلەيھىسسەلام بىلەن يەمەن مەلىكىسى بىلقىس ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت مەدھىيەلەنگەن بىرەر رومانتىك ئېپوس ياكى داستاننىڭ يوقلۇقى ئەجەبلىنەرلىك ھالدۇر. قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان بۇ رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، بۇرۇن ئوتپەرەس بولغان مەلىكە بىلقىس سۇلەيمان ئەلەيھىسسەلامنىڭ دەۋىتى بىلەن ئىمان ئېيتىدۇ. ئىلاھىي ئىشقتىن ئۇلۇشدار بولغان مەلىكىنىڭ روھىي قۇدرىتى بىلەن ئاددىي ئوتپەرەس ئايالنىڭ مۇھەببىتى بىر ـ بىرىگە قىياسلانغاندا، مېنىڭچە ئاجايىپ بىر مەجازىي ئەسەر ئۇچۇن يېتەرلىك ئاساس بارلىقتا كەلگەن بولۇر ئىدى. پىكرىمچە، بۇ يەردە شائىرلارغا داستان ياكى ئېپوس يارىتىش ئۇچۇن ھەممە پارسىي، تۈركىي ئېپوسلارنىڭ نېگىزى بولمىش پاجىئەۋى ھالەت يېتىشمىگەن بولسا كېرەك. بىلىشىمچە، پەقەت مەۋلانا رۇمىيلا بۇ ماۋزۇنى تولۇقى بىلەن ئۆگىنىپ چىققان. ئۇ زات ئۆزىنىڭ «مەسنەۋىلەر» دە كۆيلىشىچە، مەلىكە بىلقىس سۇلەيمان ئەلەيھىسسەلامغا ھېسابسىز ئالتۇن ئەۋەتىدۇ. ئەمما، پەيغەمبەر مەلىكىنىڭ سوۋغا ـ سالىمىنىمۇ، قوشۇنلىرىنىمۇ ئارقىغا ياندۇرۇۋېتىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مەلىكىنىڭ ئۆزى يولغا ئاتلىنىدۇ. سەپەر داۋامىدا مەلىكە بۇ پانىي دۇنيادىن كۆنسېرى كۆڭۈل ئۈزۈپ چىن ئاشىققا ئايلىنىشقا باشلايدۇ.

بىلقىس چۈشتى يولغا قەلبۇجان بىلەن،
ئۆتمۈش كۈنلىرىدىن قىلىپ نەدامەت.
زەررىچە ئىشى يوق شۆھرەت، شان بىلەن،
ئاشىق ئۇچۇن شاھلىق، بايلىق نە ھاجەت.

كېلىشكەن يىگىتلەر، قىزلار ئۇنىڭغا،
تۆيۈلۈر بۇزۇلغان پىيازدەك خۇددى.
چىن سۆيگۈ ئالدىدا باغ، كۆشك ـ ساراي،
كۆرۈنۈر بىر دۆۋە كۈل ـ خەسنىڭ ئۆزى.

مۇھەببەت كەلگەندە ئاددىي ھەۋەسلەر،
يۇيۇلۇپ كېتىدۇ مىسلى چاڭ ـ غۇبار.
كۆڭۈلگە قويۇلۇر ساماۋى ھېسلار،
«ئىلاھ يوق ئۆزۈڭدىن ئۆزگە، بىر ۋۇ بار!»

www.uyghurkitap.com

چىن ئاشىق «ئىگەم» دەر، «خۇدا» دەر تەنها،
ئىلاھىم يوق دەيدۇ ئۆزىدىن ئۆزگە.
زۇمرەت تۇرماق، كۆكتە ئاينىمۇ ھەتتا،
قارا ھىجىرچىلىك ئىلمىغاي كۆزگە.

بۇ تەسۋىردە بىلقىس زۇلەيخاغا ئوخشاپ كېتىدۇ. قەدىمىي ئەھدە كىتابلىرىدا پوتىفورنىڭ خوتۇنى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن زۇلەيخا ئىسلامىي رىۋايەتلەردە ئىشق ئوتىدا لاۋۇلداپ يانغان، تولغانغان ئايال مىسالىدا نامايان بولىدۇ. ئۇ سۆيگىنى يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ۋىسالىغا يەتمەك ئۈچۈن ھەممە نەرسىگە تەييار. چۈنكى، ئۇ ھەممە گۈزەللىك مۇجەسسەملەنگەن يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنى پۈتكۈل بارلىقى بىلەن يېغىپ - كۆيۈپ سۆيۈشتەك دەردكە گىرىپتار بولغان. يۇسۇف - زۇلەيخا تارىخىنىڭ ئەڭ ئۇستا شەرھلىگۈچىسى مەۋلانا رۇمىي شۇنداق كۈيلىگەن ئىدى:

زۇلەيخا تولغىنۇر: يۇسۇفى كەنئان،
ئىشقى ۋۇجۇدىنى ئەيلەمىش مەكان.
بىر ئىشقكى، مىسالى پايانسىز ئۇممان،
ئاددىي بىر كۆپۈكتۇر ئۇنىڭدا ئاسمان.

قۇرئان كەرىمنىڭ «يۇسۇف» سۈرىسىدە يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ ھاياتى توغرىسىدا ھېكايە قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدا ئاتىسىنى ئالداپ، يۇسۇفنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كەتكەن ئاكىلىرى ئۇنى بىر قۇدۇققا تاشلىۋېتىپ، ئاتىسىغا «يۇسۇفنى بۆرە يەپ كېتىپتۇ» دەپ ئېيتقانلىقى، ئۇنىڭ ئىسپاتى ئورنىدا يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكىنى قوينىڭ قېنىغا مىلەپ كۆرسەتكەنلىكى بايان قىلىنغان. يۇسۇف ئىبن يەئقۇبنى سودىگەرلەر تېپىۋالىدۇ ۋە مىسىرغا ئېلىپ بېرىپ ئەرزان باھادا قۇل ئورنىدا سېتىۋېتىدۇ. ئۇنى مىسىر ھاكىمى قىتفىير (كونا ئەھدە كىتابلىرىدا پوتىفور) سېتىۋالىدۇ ۋە خوتۇنى زۇلەيخاغا تاپشۇرىدۇ. يۇسۇف بالاغەتكە يەتكەندىن كېيىن زۇلەيخا ئۇنىڭ ھۆسن - جامالىغا ئاشىق بولۇپ قالىدۇ ۋە يىگىتنى يولدىن ئازدۇرۇش چارىلىرىنى كۆرۈشكە باشلايدۇ. ئەمما، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام زىنا قىلىشتىن باش تارتىدۇ. ئادەملەر بۇ ئىشتىن خەۋەر تېپىپ، گەپ - سۆز كۆپىيىپ كەتكەندىن كېيىن زۇلەيخا بىر توپ ئېسىلزادە خېنىملارنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرىدۇ. داستىخانلارنى تۈرلۈك - تۈمەن يەل - يېمىشلەرگە تولدۇرۇپ، ئاياللارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن ئۆتكۈر پىچاق تۇتقۇزىدۇ. يۇسۇف ئىبن يەئقۇب كىرىپ كەلگەندە ھەممە خوتۇنلار ئۇنىڭ ھۆسن - جامالىغا مەھلىيا بولۇپ، ھاڭ - تاڭ قېلىپ، قوللىرىدىكى يېمىشلەرنى ئاقلاش ئورنىغا ئاغرىقنى سەزمىگەن ھالدا بارماقلىرىنى كېسىشكە باشلايدۇ. ھاكىم گەپ - سۆزلەرنى بېسىش مەقسىتىدە يۇسۇفنى زىندانغا تاشلايدۇ. زىنداندا يۇسۇفتىن باشقا يەنە ئىككى مەھبۇس بار ئىدى. يۇسۇف ئۇلارنىڭ چۈشلىرىگە تەبىر بېرىدۇ. مەھبۇسلاردىن بىرى، يەنى بۇرۇن ھاكىمنىڭ ھۇزۇرىدا ساقىي بولۇپ ئىشلىگەن يىگىت ئازاد قىلىنىدۇ. نانۋاي يىگىت بولسا قەتل قىلىنىدۇ، چۈنكى بۇ ھالەت ئۇلارنىڭ چۈشلىرىدە ئايان بولغان ئىكەن. ئەلقىسسە مىسىر مەملىكىتىنىڭ شاھى ئاجايىپ چۈش كۆرىدۇ. ھېچكىم ئۇنىڭ چۈشىگە تەبىر بېرەلمەيدۇ. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ساقىيسى بولغان يىگىتنىڭ يادىغا زىنداندا ياتقان يۇسۇف

كېلىدۇ. يۇسۇف شاھنىڭ چۈشىنى ئۆرۈپ بېرىدۇ، ئۇنىڭ تەبىرى توغرا بولۇپ چىققان. شاھ يۇسۇفنى مىسىرغا ھاكىم قىلىپ تەيىنلەيدۇ ۋە ۋاپات بولغان بۇرۇنقى ھاكىم قىتفىرنىڭ خوتۇنى زۇلەيخانى ئۇنىڭغا نىكاھلاپ بېرىدۇ. قىتفىر قانداقتۇر بىر كېسەللىككە گىرىپتار بولغانلىقتىن زۇلەيخا بىلەن ئۇزۇن يىل بىللە ياشىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا يېقىنچىلىق قىلالمىغان بولۇپ، زۇلەيخا تېخى باكىرە قىز ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن شاھنىڭ چۈشىدە ئايان بولغان قەھەتچىلىك باشلىنىدۇ. يۇسۇفنىڭ ئاكىلىرى ھاكىمنىڭ ئالدىغا ئاشلىق سوراپ كېلىشىدۇ، ئەمما ئارىدىن خېلى يىللار ئۆتۈپ كەتكەنلىكتىن يۇسۇفنى تونۇمايدۇ. ئوغلىنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىدىن يىغلاۋېرىپ كۆزلىرى كۆرمەس بولۇپ قالغان يەئقۇب ئەلەيھىسسالامغا يۇسۇف ئۆزىنىڭ كۆڭلىكىنى ئەۋەتىدۇ. يەئقۇب ئەلەيھىسسالام كۆڭلەكتىن ئوغلىنىڭ ھىدىنى پۇراپ، ئۇنىڭ تىرىك ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلىدۇ ۋە شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ كۆزلىرى ئېچىلىپ كېتىدۇ. قۇرئان كەرىمدىكى بۇ ھېكايەت ئاساسىدا بىرقانچە ئەسەرلەر يارىتىلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بەزى جايلىرى بەدىئىي جەھەتتىن يېزىلىپ قايتا ئىشلەنگەن. بۇ ئەسەرلەردە زۇلەيخا ئوبرازى مەركىزىي پېرسوناژلاردىن بىرىگە ئايلاندۇرۇلغان. ئەلۋەتتە، قۇرئان تەپسىرچىلىرىمۇ بۇ ماۋزۇغا ئالاھىدە بىر مۇھەببەت بىلەن تۇتۇش قىلغان. بىرىنچى نۆۋەتتە ھېراتلىق سوفى (1089 ـ يىلى ۋاپات قىلغان) ئابدۇللا ئەنسارىي ۋە ئۇنىڭدىن ئىلھاملانغان مەيبۇدىي ۋە باشقىلار يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ تارىخىغا بېغىشلاپ يىرىك ۋە مول مەزمۇنلۇق پۇتۇكلەر يېزىشتى.

بۇ ماۋزۇ ئىران شائىرلىرى ئارىسىدا بۇرۇندىن تارتىپ مەلۇم بولسا كېرەك، ئەمما شۇنىڭغا قارىماي شۇ چاغقىچە پەقەت فىردەۋسىينىڭ «يۇسۇف ۋە زۇلەيخا» ناملىق ئەسىرىلا تىلغا ئېلىنار ئىدى. ھالبۇكى، بۈگۈنكى كۈنگە كېلىپ بۇمۇ ئىنكار قىلىنماقتا. 19 ـ ئەسىر ئالىملىرى بۇ ئەسەر فىردەۋسىي قەلىمىگە مەنسۇپ، دېگەن بولسىمۇ، ئەمدىلىكتە بۇ پىكىرگە شۈبھە تۇغۇلماقتا. داڭلىق گېرمان ئالىمى ھېرمان ئېتې ئۆزىنىڭ 1901 ـ يىلى ستراسبۇرگدا چاپ ئېتىلگەن «ئىران فىلولوگىيىسىنىڭ ئۇچېركلىرى» ناملىق كىتابىدا يېزىشچە، بىرىنچى مىڭ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا ئەبۇل مۇئەييەد بەلخىي قۇرئان كەرىمدە تىلغا ئېلىنغان بۇ ئىككى مەشھۇر ئاشىق توغرىسىدا چوڭ بىر داستان ياراتقان ئىكەن. كېيىنكى ئەسىرلەر داۋامىدا ئىسلام دۇنياسىدا، بولۇپمۇ ئۇنىڭ شەرقىي بۆلەكلىرىدە شۇ ماۋزۇدا يېزىلغان بىرقانچە ئېپىك ئەسەرلەر پەيدا بولدى. شۇ مەنىدە ھېرمان ئېتې ئۆزىنىڭ رويختىدە شەۋكەت بۇخارىي، ئەمئەق بۇخارىي، نازىمىي ھەرەۋىي، رۇكنۇددىن ھەرەۋىيلەرنىڭ ناملىرىنىمۇ تىلغا ئالىدۇ. ھېراتلىق مەۋلانا جامىي بۇ ئەسەرنى كلاسسىكلىق جەھەتتىن تولۇق، كەم ـ كوتىسىز ئەسەر دەرىجىسىگە يەتكۈزگەندىن كېيىن ھىندىستان يېرىم ئارىلىدا ياشىغۇچى شائىرلارمۇ ئۇنىڭدىن ئىلھاملىنىپ، شۇ ماۋزۇدا ئەسەرلەر يېزىشتى. مەۋلانا جامىينىڭ «يۇسۇف ۋە زۇلەيخا» سى 1924 ـ يىلى ۋىنسېنس فون روزېنسۋايگ ـ شۋاننائۇ تەرىپىدىن گېرمان تىلىغا تەرجىمە قىلىنىپ، نەشر قىلىندى. سىندلىق تارىخچى ۋە خەتتات، ئەكبەر شاھ سارىيىدىكى دۆلەت ئەربابلىرىدىن بىرى مىر مەئسۇم نەمىيمۇ پارس تىلىدا شۇ ماۋزۇدا شېئىرىي ئەسەرلەر ياراتقان. ھىندىستاندا بۇ ماۋزۇدا بىرقانچە نەسرىي ئەسەرلەرمۇ پۈتۈلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ياخشىلىق ۋە توي ـ تاماشالار بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. يۇسۇف بىلەن زۇلەيخانىڭ تويى يارقىن بوياقلار بىلەن تەسۋىرلىنىدۇ. بۇ ئەسەرنىڭ كەشمىرىي نۇسخىسىمۇ مەۋجۇتتۇر. مۇھەممەد ساغىر 15 ـ ئەسىردە بىنگال تىلىدا ئۆزىنىڭ «يۇسۇف جەلىكە» دېگەن ئەسىرىنى يازغان. 17 ـ ئەسىردە

جەنۇبىي ھىندىستاندىكى دەھنىي ئۇردۇ ساراي ئەدەبىياتىدا «يۇسۇف ۋە زۇلەيخا» نىڭ شېئىرىي نەمۇنىلىرى پەيدا بولدى. بىجاپۇرلۇق مۇھەممەد ئادىلشاھ سارىيىدا خىزمەت قىلغان شائىر مەلىك خۇشنۇدنىڭ ئىجادىنى بۇنىڭغا مىسال قىلىپ كەلتۇرۇشكە بولىدۇ. 17 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ياشاپ ئىجاد قىلغان ھاشىم ئىسىملىك شائىرنىڭ ئەسىرىدە زۇلەيخا ئوردۇ تىلىدا سۆزلەپ، ئوردۇ تىلىدا سۆزلىشىدىغان ئاياللار ئىشلىتىدىغان ھەممە ئىبارىلەرنى قوللىنىدۇكى، ئىختىيارسىز تۇردە «زۇلەيخا ھىندىستاندا ياشىغان ئىكەندۇق» دېگەن پىكىرگە كېلىپ قالىدۇ، گۇجاراتلىق شائىر مىرئەلى ئەمىن بولسا، بەزى تەنقىدچىلەر ھەزىللىشىپ ئېيتقىنىدەك، زۇلەيخاغا «گۇجاراتلىق ئاقسۆڭەك خېنىملار كىيىدىغان كىيىملەرنى كىيدۇرۇپ قويغان» . كېيىنكى يىللاردا شەرقتە «يۇسۇف ۋە زۇلەيخا» ماۋزۇسىدا پۈتۈلگەن ئەسەرلەرنىڭ سانىنى ئېنىقلاش ئىمكانى يوق. چۈنكى، بۇنداق ئەسەرلەرنى يېزىۋاتقان شائىرلارنىڭ سانى كۆنسېرى كۆپەيمەكتە. ئوسمانلى تۈرك ئىمپېراتورلۇقىدىمۇ بۇ ماۋزۇدا بىرقانچە ئەسەرلەر يېزىلغان. بولۇپمۇ سۇلتان مەھمۇد ساھىبقىراننىڭ دىنىي ئىشلار بويىچە ئىشەنچلىك ۋەكىلى، سۇفى رەھنەما ئاق شەمسۇددىننىڭ ئوغلى مەھدىي يارانقان ئەسەر غايەت نەسىرلىك چىققان. بولۇپمۇ «زۇلەيخانىڭ فەريادى» لەۋھەسى يۈرەكنى ئېزىدىغان دەرىجىدە گۈزەل:

ئەۋۋەلا باغرىمنى، ئەتتى ـ يۇ شۇدگار،
غەمنىڭ ئۇرۇقىنى ساچتى مۇھەببەت.
چۆنەك نارتىپ قىلدى يۈرەكنى ئەفگار①،
ئاڭا دەرد سۇيىنى ئاچتى مۇھەببەت.
غەم ھوسۇلىنى يىغىپ، يانچىپ ئالدىيۇ،
شامالغا سورۇدى، چاچتى مۇھەببەت.
دوستلار چۈن غەملەرگە دىل ئىدى ئاشنا،
ئەڭ يېقىن دوستنى ھەم قىلدى بىگانە.
ساغلاملىق تەرك ئەتتى ۋۇجۇدنى پۈتكۈل،
نېتەي، كۆڭۈل ئۆيى بولدى ۋەيرانە.
ياش تولا كۆزلەردە ئۇيقۇغا جاي يوق،
قەلبىمدىن نەلەرگە قاچتى مۇھەببەت.

«يۇسۇف ۋە زۇلەيخا» ئەسىرىدىكى بەزىبىر ۋەقەلەر ھازىرقى كۈنلەردىمۇ ئېپىك ۋە شېئىرىي ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنماقتا ياكى تۈرلۈك ۋارىئانتلاردا ئىشلىتىلمەكتە. رىۋايەتتىكى بىرىنچى ۋەقە چىرايلىق قۇل بالىنىڭ بازاردا «كىم ئاشىدۇ» سودىسىغا قويۇلۇشىدۇر. بىر نەچچە ئادەم قۇل بالىنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن توپلىشىپ تۇرغاندا ياشانغان بىر مومايمۇ بالىغا خېرىدار بولىدۇ. بۇ يەردە مومايىنىڭ مەقسىتىنىڭ ئىشقا ئاشماسلىقى ئايدەك روشەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىشى ماختاشقا لايىقتۇر.

يۇسۇفنى يولدىن ئازدۇرۇش ئۈچۈن زۇلەيخا قانچىلىك شۇملۇق ۋە پىتنىلەر قىلمىدى، دەيسىز. «بىر ئايالنىڭ ھىيلىسى قىرىق ئىشەككە يۈك بولۇر» دەپ بىكار ئېيتىلمىغان،

① ئەفگار («فىگار» نىڭ كۆپلۈكى) —— ① يارىلانغان، مەجرۇھ؛ ② قىينالغان، چارچىغان، ھالسىرىغان.

www.uyghurkitap.com

ئاخىر زۇلەيخا قولىدىن كەلگەن ھەممە ئىشنى قىلىدۇ. بىر قەسىرنىڭ ئىچكى تاملىرىنىڭ كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايدىغان سۈرەتلەر بىلەن بېزەيدۇ. يۈسۈف قاياققىلا قارىسۇن، تاملاردىكى سۈرەتلەردە ئۆزىنى زۇلەيخانىڭ قۇچىقىدا كۆرىدۇ. بۇ كۆرۈنۈشنىڭ تەپسىلىي تەسۋىرى، خۇددى ئويلىغىنىمىزدەك مەۋلانا جامىينىڭ ئېپوسىدىن ئېلىنغان ئىكەن. ئېيتىلىشچە جامىيدىن تۆت يۈز يىلچە ئىلگىرى ياشاپ ھۆكۈم سۈرگەن غەزنەۋىيلەر سۇلالىسىنىڭ ۋەكىللىرىدىن بىرى بولمىش سۇلتان مەسئۇد ھەزرەت جامىينىڭ ئانا شەھىرى ھىراتتىكى ئىشرەتخانە تاملىرىنىڭ بىرىگە ئەنە شۇنداق مەنىدىكى رەسىملەرنى سىزدۇرغان ئىكەن. گەرچە قەسىردىن نام ـ نىشان قالمىغان بولسىمۇ، بۇ توغرىسىدىكى مەلۇماتلار ھىراتلىقلار ئارىسىدا! ئېغىزدىن ئېغىزغا ئۆتۈپ يۈرگەن بولسا ئەجەب ئەمەس. ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇمكى، مەۋلانانىڭ «يۈسۈف ۋە زۇلەيخا» ئەسىرىدىكى بۇ قەسىر تەسۋىرى 16 ـ ئەسىردىكى سەزگۈر موي قەلەم ئۇستىلىرى ئېتىبارىدىنمۇ چەتتە قالمىغان. كۆپ بۇرجەكلىك قەسىرنىڭ پەلەمپەيلىرىدىن يۈگۈرۈپ، قېچىپ كېتىشكە ھەرىكەت قىلىۋاتقان يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ئاجايىپ رەڭ تەسۋىرلەر خېلىلا كۆپ. ئۇلاردا زۇلەيخا قىزىل كىيىم كىيگەن ساھىبجامال سۈپىتىدە تەسۋىرلىنىدۇ (قىزىل كىيىم ئاساسەن كېلىنلەر كىيىمىدۇر. ئەمما ئومۇمەن ئالغاندا يالقۇنلۇق مۇھەببەتنىمۇ ئىپادىلىشى مۇمكىن). يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بولسا يېشىل كىيىمدە تەسۋىرلەنگەن. يېشىل كىيىم ئىگىلىرى ئەۋلىيالار، پەيغەمبەرلەر ۋە ئومۇمەن جەننىتىي كىشىلەر جۈملىسىدىندۇر. يولدىن ئازدۇرۇش كۆرۈنۈشلىرىنىڭ ئەڭ قىزىق جايلىرىدىن بىرى زۇلەيخانىڭ بۇت (سەنەم) بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدۇر. زۇلەيخا باشتا بۇتپەرەس بولغانلىقتىن ئۇنىڭ ياتىقىدا بۇت بولغان. زۇلەيخا يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنى يولدىن ئازدۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن يېقىنلىق قىلىش ئۈچۈن خۇشامەتلەر قىلىشقا باشلىغاندا، تەبىئىيكى بۇتنى كۆرۈپ قالمىسۇن، دەپ بۇتنىڭ يۈزىنى كەينىگە قارىتىپ قويىدىكەن ياكى بۇتنىڭ بېشىغا بىر ياغلىق ئارتىپ قويىدىكەن. بۇ كۆرۈنۈشتە ئۇزاق ئۆتمۈشتىن قالغان ئادەتلەر تەسۋىرلەنگەن بولۇشى مۇمكىن، چۈنكى پارس سۇفى يازغۇچىسى ھۇجۋىرىي (تەخمىنەن 1071 ـ يىلى ۋاپات بولغان) ئۆزىنىڭ بىر ئەسىرىدە شۇنداق يازىدۇ: «ئۆزى سېغىنىدىغان نەرسە بىلەن مۇلاقات قىلغاندا ئۆزىنى قانداق تۇتۇش لازىملىقىنى ھەممە كىشى زۇلەيخادىن ئۆگىنىشلىرى كېرەك، چۈنكى ئۇ يۈسۈف ئەلەيھىسسالام بىلەن بىر ئۆيدە يالغۇز قېلىپ، ئۇنىڭدىن مۇرادىنى ھاسىل قىلىشنى يېلىنىپ سوراۋاتقىنىدا ئۆزىنىڭ يامان، ئۇيات ئىش قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، ئەدەب چېگرىسىدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بۇتنىڭ سېزىپ قالماسلىقى ياكى كۆرۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، بۇتنىڭ يۈزىنى يېپىپ قويار ئىدى». مەۋلانا جامىي داستانىدىمۇ شۇ كۆرۈنۈش بار. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ئۇ ئۆزىنىڭ «سۇبھەتۇل ـ ئەبرار» دېگەن ئەسىرىدىمۇ شۇ كۆرۈنۈشكە ئىشارە قىلىدۇ. زۇلەيخا يالغۇز بىر بۇتتىن ئۇيالسا، يۈسۈف ئەلەيھىسسالام ھەر يەردە ھازىرۇ نازىر، ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ، بىلىپ تۇرغۇچى ئەل ـ بەسىر سۈپەتلىك ئاللاھ تەئالادىن ئۇيىلىمەن، دەپ زۇلەيخانىڭ ھۇزۇرىدىن چىقىپ كېتىدۇ. زۇلەيخا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كىيىمىگە يېپىشىدۇ. كىيىم ئارقا تەرەپتىن يىرتىلىدۇ ۋە بۇ ھال يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشتا دەلىل بولىدۇ.

مەۋلانا جامىي داستانىدىمۇ بۇت توغرىسىدا سۆز بولۇنغان. ئۇ يەردە ئېيتىلىشچە، زۇلەيخا قېرىپ، يۈسۈف ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭغا بەرىبىر ئېتىبار قىلمايدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ، بۇتنى پارچە ـ پارچە قىلىپ تاشلايدۇ، چۈنكى زۇلەيخا شۇنچە يىللاردىن بېرى ئۇنىڭغا

ئىلتىماس ـ ئىلتىجا قىلغان بولسىمۇ، بۇت يۇسۇف ئەلەيھىسسەلامنىڭ ۋىسالىغا يېتىشتە زۇلەيخاغا ياردەم بېرەلمىگەن ئىدى. شۇنداق قىلىپ زۇلەيخا بۇتقا سەجدە قىلىشتىن، يەنى بۇتپەرەسلىكتىن باش تارتقاندىن كېيىن بىر ئاللاھنىڭ ھىدايىتى بىلەن مەقسىتىگە ئېرىشىدۇ ۋە سۆيگىنى بىلەن باش قوشىدۇ. بىر ئاللاھقا سېغىنىش يولى ئەڭ توغرا يولدۇر، ھالبۇكى دەسلەپكى سوفىلاردىن بىرى بولمىش يۇسۇف ئىبىن ھۇسەين ئەر ـ رازىي بۇنى تېخىمۇ چوڭقۇرراق ھېس قىلغان:

«زۇلەيخا يۇسۇف ئەلەيھىسسەلامنىڭ ئىشقىدا ئوت بولۇپ يېنىپ، ئۇنىڭ ۋىسالىغا يەتمەك ئىستىكىدە ئۆرتىنىپ، كۇنسېرى ئاجىزلىشىپ كېتىدۇ. ئەمما، ئۇ بۇ ئىستىكىدىن ۋاز كەچكەندىن كېيىن، يەنى نەفسى ئەممارە ئۈستىدىن غالىب كەلگەندىن كېيىن ئاللاھ تەئالا ئۇنىڭغا ياشلىق ۋە گۈزەللىكنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ئاشىق مەشۇقكە قانچىلىك ئىنتىلسە، مەشۇق ئۆزىنى شۇنچىلىك چەتكە تارتىدۇ. ئاشىق پەقەت قەلبىدىكى مۇھەببەت بىلەنلا چەكلەنسە، مەشۇقەنىڭ ئۆزى ئۇنىڭغا تەلپۈنۈپ كېلىدۇ». شۇنداق قىلىپ زۇلەيخا ئۆمرىنى تۆۋە ـ تەزەررۇئ، چەكسىز ئوتلۇق ئىشتىياقلار بىلەن ئۆتكۈزىدىغان سۆيۈملۈك يارغا ئايلىنىدۇ. «ئەگەر سەن زۇلەيخا بولمىساڭ ھەمدە سۆيگۈ تۈگمىنىدە ئۇندەك تارتىلمىغان بولساڭ، يۇسۇف كەنئان توغرىسىدا تۇرلۇك بولمىغۇر، بوھتان گەپلەرنى قىلما» دەيدۇ غەزنىلىك سوفىي شائىر سەنائىي. چۈنكى، يۇسۇفنىڭ فىراقىدا زۇلەيخادەك كۆيمىگەن شەخس سۆيگۈ ـ مۇھەببەتتىن سۆز ئېچىشقا ھەقلىق ئەمەس. ھافىزنىڭ ئېيتىشىچە، شائىرلار زۇلەيخانىڭ مۇھەببىتى كۈچلۈك بولغانلىقتىن ئەدەب ـ ئەخلاق چېگرىسىدىن چىقىپ كەتكەنلىكىنى ياخشى بىلىشىدۇ.

ئۇنىڭ مۇھەببىتى يار ۋىسالىغا يەتمەكنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلسىمۇ، ئەمما يالقۇنلۇق ھاياجانلاردا كۆيۈپ ـ پىشىپ يۈرگەن بارچە ئاشىقلار ئۈچۈن يارقىن مىسالدۇر. زۇلەيخا بارا ـ بارا سۆيگىنى ئۈچۈن ھەتتا ئۆلۈمگىمۇ تەييار بولغان جەسۇر، كۈچلۈك قەھرىمانغا ئايلىنىدۇ. تۆۋەندىكى مىسرالار 18 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھىندىستاندا ياشاپ ئىجاد قىلغان شائىر ئازاد بىلغىرامىي قەلىمىگە مەنسۇپتۇر:

يۇسۇفنىڭ كىيىمى يىرتىلغىنىنى كۆرگەن ئادەملەر،
زۇلەيخانىڭ پارە ـ پارە يۈرەكىگە سالدىمۇ نەزەر.

بىر چاغلاردا گۈزەللەر گۈزىلى بولغان زۇلەيخا ئىزتىرابتىن قەددى دال بولۇپ، يۈزلىرىنى قورۇقلار بېسىپ «يۇسۇف يولدىن ئۆتۈپ قالسا، ئۇنى بىر كۆرۈۋالسام ئىدى» دېگەن ئۈمىدتە ھەر كۈنى يول بويىغا چىقىپ ئولتۇرار ئىدى. ئەمما، مەۋلانا فەرىدىدىن ئەتتار ئۆزىنىڭ «مۇسىبەتنامە» سىدە يازغىنىدەك، يۇسۇف ئەلەيھىسسەلام ئۇنىڭغا قىلچە ئېتىبار بەرمەس، قايرىلىپ بىر باقماس ئىدى:

«ئوغلۇمنى كۆرەي» دەپ ھەزرەتى يەئقۇب،
كەنئاندىن مىسىرغا يول ئالغان زامان.
يۈرتىنى زىنىنەتلەپ قويىدى مىسىرلىق،
ئىشلىشەر چارچاشنى بىلمەس ھېچقاچان.

www.uyghurkitap.com

زۇلەيخا بۇ گەپنى ئىشتكەن زامان،
ئەقلۇ ھۇشتىن كېتىپ يىقىلغىنى ھەق.
سوڭ ئۇستىگە تاشلاپ پەرەنجى، رومال،
چىقىپ يول بويىغا ئولتۇردى ئىلھەق[①].

ئات مىنىپ ئۆتەركەن يۇسۇفى كەنئان،
كۆردى بۇ غەمزەدە[②]، ئەفتادە[③] ھالنى.
قولىدا قامچىسىن ئوينىتىپ شۇئان،
ئۇردى ئىشق ئوتىدا يانغان ئايالنى.

قامچا تەگكەن بەدەن يالقۇندەك يېنىپ،
كەلدى ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆكۈنچ ـ ئوتلۇق ئاھ.
دەردلىك ئىلتىجالە، باقتى ئۆرتىنىپ،
يۇسۇف قامچىلاشتىن توختىدى ناگاھ.

زۇلەيخا دېدى: ئەي، ساھىبى ھەق دىرە،
بۇ ئىش ساڭا ئەسلا ياراشمايدۇ، بەس.
سۆيگۈم، تەلۋىلىكىم يىگانە ھەقتىن،
ئىشق ئوتىن قامچىلاپ ئۆچۈرۈپ بولماس.

بۇ ئوتتا يانۇرمەن، مانا نەچچە يىل،
كاشكى سەنمۇ بىردەم ئۇندا يانساڭدىڭ.
سەن ساھىب دىدە بولساڭ، مەن ئايالمەن بىل،
كاشكى ماڭا ئوخشاش ئۆرتەنسەڭ ئىدىڭ!

زۇلەيخامۇ خۇددى يەئقۇب ئەلەيھىسسەلامدەك يىغلاۋېرىپ كۆزى كۆرمەس بولۇپ قالىدۇ ۋە يۇسۇف ئەلەيھىسسەلامدىن تارىلىدىغان خۇشبۇي ھىدلارغا زار ـ ئىنتىزار بولىدۇ. ھۇجۋىرىي بۇ توغرىدا شۇنداق يازىدۇ: «زۇلەيخا يۇسۇف ئەلەيھىسسەلامنى شۇ قەدەر سۆيىدۇكى، ھەتتا ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆلۈمگىمۇ تەييار بولىدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۇلار تا قوشۇلمىغۇچە زۇلەيخانىڭ كۆزلىرى ئېچىلمايدۇ» ، «ئۇ پەقەت يۇسۇفنىڭ يادى بىلەن تىرىك، جان تىنىمىسىز يوسۇندا ئىلاھىي مەھبۇب تامان ئىنتىلگىنىدەك، زۇلەيخا پەقەت يۇسۇفنىڭلا ئىسمىنى تەكرارلايدۇ» . ئىبن ئەرەبىي ئۆزىنىڭ «فۇتۇھاتۇل ـ مەككىيە» ئەسىرىدە شۇنداق يازىدۇ: «ئېيتىلىشىچە، بىر كۈنى زۇلەيخا كىمنىڭدۇر ئوقياسىدىن ئېتىلغان ئوقتىن يارىدارلىنىدۇ. جاراھەتتىن ئاققان قان يەردە ‹يۇسۇف، يۇسۇف› دېگەن يېزىقنى پەيدا قىلىدۇ، چۈنكى زۇلەيخا ‹يۇسۇف، يۇسۇف› دەپ توختىماستىن تەكرارلاپ يۈرگەنلىكتىن، بۇ ئىسىم ئۇنىڭ تومۇرلىرىدىكى قانغىمۇ سىڭىپ كەتكەن ئىدى» .

---

① ئىلھەق ـــــ ئۈمىدۋارلىق بىلەن كۈتكۈچى، مۇنتەزىر، ئىنتىزار.
② غەمزەدە ـــــ غەم ـ ئەلەم بىلەن ئېزىلگەن، كۆپ ئازاب چەككەن، غەمكىن.
③ ئەفتادە ـــــ ناچار، بىچارە، سۇلغۇن.

دەسلەپكى سوٗفىلاردىن بىرىمۇ مانا شۇنىڭغا ئوخشاش ۋەقەنى ھېكايە قىلغان ئىدى. يېزىشلىرىچە، قانداقتۇر بىر بەختسىز ۋەقە نەتىجىسىدە زۇلەيخا يارىلىنىپ، يارىسىدىن قان ئېقىشقا باشلىغان ۋە يەردە «ئاللاھ» دېگەن يېزىق پەيدا بولغان. ئىبن ئەرەبىيمۇ شەھىد كەتكەن سوٗفى ھەللاجنىڭ قېنى يەرگە ئېقىپ، ئۇ يەردە ئاللاھ تەئالانىڭ نامى شەكلىدە ئىز قالدۇرغانلىقىنى بايان قىلىپ كېلىپ، زۇلەيخا ۋەقەسىنى مىسال قىلىپ كەلتۈرىدۇ. ھىجران ۋە شۇبھە پەيتلىرى ئۆتۈپ، زۇلەيخانىڭ تەخداشسىز ساداقىتى تېگىشلىك مۇكاپاتلىنىدۇ. ھەكىم سەنائىي ئۆز ئەسەرلىرىدە بۇ ماۋزۇغا تېز ـ تېز مۇراجىئەت قىلىپ، ئۆز ئوقۇرمەنلىرىنى «زۇلەيخادەك سەبىر ـ تاقەتلىك» بولۇشقا چاقىرىدۇ، چۈنكى مەھبۇبنىڭ يېقىنچىلىقى مەھبۇبەگە ياشلىق ۋە گۈزەللىك بېغىشلايدۇ.

ھالسىزلىقىڭ نەفسىڭ كاساپىتىدىن،
ياشىنىپ، ۋۇجۇدۇڭ بولۇپتۇر نىمجان.
زۇلەيخا يەتكۈلغ دوستقا زار بولغىن،
قايتا ياشىرىشقا شۇ ئېرۇر ئىمكان.

سوٗفى شائىرلارنىڭ كېيىنكى ئەۋلادىغا مەنسۇپ بولغان مەۋلانا فەرىدىددىن ئەتتار ئۆزىنىڭ «ئىلاھىينامە» سىدە ياشىرىش ۋەقەسىنى كۆڭۈل تارلىرىنى تىترىتىدىغان بىر كۆرۈنۈش ئارقىلىق تەسۋىرلەپ بېرىدۇ:

بىر كۈنى زۇلەيخانى يۇسۇفى كەنئان،
كۆردى، ئۇ تۇپراقتا مىلانىش چۈنان.
كۆزلىرىگە پەردە تۇتۇلغان گويا،
كۆرۈنمەس كۆزىگە بۇ نۇرلۇق دۇنيا.
بىتابلىق، ناچارلىق قەرىدە بىئۇن،
يۈز مىڭ مەلامەتكە بولۇپتۇ تۇتقۇن.
يۈز تەشۋىش سېزىلۇر ھەر نەپەسىدە،
پەقەت يۇسۇف نامى ئاھۇ سەسىدە.
ئاھ چېكەر تۇپراقتا ئولتۇرغان پېتى،
ئىزىدىن پۇراي دەپ يۇسۇف ھىدىنى.
يۇسۇفنىڭ ئايىغى تەگكەن بۇ تۇپراق،
كاشكى چېچىلسا، دەر، ئۇستۇمگە كۆپراق.
شۇندا يۇسۇف دېدى: ئەي قادىر ئىگەم،
قانداقمۇ ياشاشقا لايىق بۇ تەلۋەم؟
تېزراق جېنىنى ئال، يوقسە بۇ «دىلدار»،
سېنىڭ دوستلىرىڭنى قىلار شەرمىسار.
جىبرىئىل ئاللاھدىن كەلتۈردى نىدا:
«ياق، ئۇنى ئەتمەسمەن جېنىمدىن جۇدا،
چۈنكى، ئۇ ۋاز كېچىپ يوقۇ بارىدىن،
مۇلۇكلا ئەمەس، بەلكى ھايا ـ ئارىدىن.
مېنىڭ بىر دوستۇمغا ئارزۇمەند بولمىش،
شول سەۋەب نەزەرىمدە ئەر جۇمەند بولمىش.
ئۇ ساڭا سادىقتۇر، تىڭلا، ئەي رەفىق،
مەن ھەم مەرھەمەتىم تۇتماسمەن دەرىغ.
غۇنچىلار ئېچىلماي سولمىسۇن دەرمەن،
دوستۇمنىڭ دوستلىرى ئۆلمىسۇن دەرمەن.
نەچچە يىل مەن ئۇنى قىلدىم ئىمتىھان،
ياشلىقىن قايتۇرغۇم ئەمدى بىگۇمان.
ئۇ سېنى سۆيىدۇ جېنىدىن ئارتۇق،
شول سەۋەب، ئۇ مەندىن ساڭا بىر تارتۇق.
ئەيىب ئەمەس دىۋانە تۇيۇلسا ئاشىق،
ئاشىقنى ئۆلتۈرۈش گۇناھ، چۈنكى ئىشق،
ھىجرانلار كور ئەتمىش بۇ بەندەمىزنى،
سۆيگەچكە بىزنىڭ بۇ يۇسۇفىمىزنى.
سەن بولساڭ چۈشەنمەي كۆڭلىنى ھامان،
دۇنيانى قىلىپسەن ئاڭا زىمىستان.
ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى ئىشقتىن نىشان،
ئەرزىگەي ئەمدى قىلساق مۇكاپات ـ ئېھسان.
چەككەن ئىزتىرابى، دەرد، غەمى ئۈچۈن،
ياشلىقىنى قايتۇرۇپ بېرىمەن پۈتۈن».

www.uyghurkitap.com

شۇنداق قىلىپ، چىن ئاشىق سىماسى بولغان زۇلەيخا باشتا ئىنسانىي جان، قۇرئان كەرىمنىڭ «يۇسۇف» سۈرىسىدە تىلغا ئېلىنغان «نەفسى ئەممارە»، يەنى «ياماللىققا ئۈندىگۈچى نەفس» گە كىشەنلەنگەن بولىدۇ، كېيىنچە تىنىمسىز ئىچكى كۈرەشلەر، دەرد ـ ئىزتىرابلار چېكىش ئارقىلىق، ئۇ بارا ـ بارا ئۆز ئىگىسىگە قايتىپ كېلىشكە مۇيەسسەر بولغان «ئارام تاپقان نەفس (جان)» تىمسالىغا ئايلىنىدۇ. يۇسۇفنىڭ كۆڭلىكىدىن تاراۋاتقان ھىدلارنى پۇراپ، ئۇنىڭ كۆزى روشەنلىشىدۇ ۋە گۈزەللىكتىن بەھرىمەن بولىدۇ. بۇ ھىدلار مەھبۇبتىن دېرەك بېرىدۇ، چۈنكى ئۇلاردىن ئەڭ مېھرىبان بىرۇبارنىڭ نەفەسى چۈشىنىلىدۇ. مەھبۇبنىڭ يېقىنلىقىنى ھېس قىلىپ، دەرد ـ ھەسرەتلەردىن قەددى دال بولغان ئايال قايتىدىن ياشىرىپ كېتىدۇ. مەۋلانا جامىي ۋە ئۇنىڭغا تەقلىد قىلغان شائىرلار ئۆز ئەسەرلىرىدە ئۇزاق داۋاملاشقان يېنىش ـ كۆيۈشلەردىن كېيىن بىر ـ بىرىنىڭ ۋەسلىگە يەتكەن بۇ ئىككى ئاشىقنىڭ تويلىرىنى ھەممە تەپسىلاتلىرى بىلەن تەسۋىرلەپ بېرىشكەن ئىدى. بۇ ئەسەرلەردە ئېيتىلىشچە، بىر چاغلاردا كېسەلمەن ھاكىمغا خوتۇنلۇققا بېرىلگەن زۇلەيخا تېخىچە باكىرە قىز ئىكەن. تويىدىن كېيىن بىر چاغدا زۇلەيخا يۇسۇف ئەلەيھىسسالامنىڭ كەينىدىن قوغلاپ، كۆڭلىكىنى پارچە ـ پارچە قىلىۋەتكىنىگە ئوخشاش يۇسۇف ئەلەيھىسسالاممۇ ياش كېلىنىنىڭ كۆڭلىكىنى بۇردا ـ بۇردا قىلىپ، يار ۋەسلىگە يېتىدۇ. بۇ تەسۋىرلەر ئەمدى بۇ يەردە «يۇسۇف ۋە زۇلەيخا» تارىخىنىڭ سۇفىيانە ماھىيىتىگە ئۇنچىلىك ئالاقىدار بولمىسا كېرەك، چۈنكى بۇلار ئىنسانىي گۈزەللىك ۋە مۇھەببەتنىڭ داۋامى، ياش كۆيەۋ ـ كېلىن تۇرمۇشىنىڭ ئىچكى جەھەتلىرىدۇر. مەۋلانا جامىي ئۆز ئەسىرىدە بۇ ھالەتنى شائىرانە بىر لەتاپەت بىلەن ئەنە شۇنداق ئىزاھلاپ ئۆتكەن ئىدى.

## سۇفى ئايالار

مۇھەممەد (س. ئە. ۋ) دا رۇلبەقاغا رىھلەت قىلغىنىدىن كېيىن ھازىرقى كۈنلەرگىچە بولغان دەۋر ئىچىدە ئىسلام دۇنياسىدا خوتۇن ـ قىزلار ئەھۋالىنىڭ مەيلى ئىجتىمائىي، مەيلى سىياسىي مەنىدە بولسۇن، سېزىلەرلىك دەرىجىدە مۇرەككەپلەشكەنلىكى ھېچكىمگە سىر ئەمەس. ئەمما، سۇفىيلىقتا بۇنىڭ پۈتۈنلەي تەتۈرسىنى كۆرىمىز. سۇفىيلىقتا ئايالارنىڭ ئورنى ئالاھىدە. سۇفىلىق پەيغەمبەر (س. ئە. ۋ) ۋاپاتىدىن تەخمىنەن يۈز يىلچە كېيىن، يەنى 8 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بارلىققا كېلىپ راۋاجلىنىشقا باشلىدى. باشتا ئۇ ساپ تەركىدۇنياچىلىق (زاھىدلىق) ھەرىكىتى بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە كۈچىيىپ كېتىۋاتقان دۇنياۋىلىق خۇسۇسىيىتىنى سۇسلاشتۇرۇشقا ھەمدە ئۇلارغا دىنىي بۇرچ ۋە ۋەزىپىلىرىنى ئەسلىتىپ تۇرۇشقا قارىتىلغان ئىدى. چۈنكى، شۇ دەۋرلەردە ئىسلام دىنى تېزلىك بىلەن ئالەمگە يېيىلىپ بارماقتا ئىدى. بۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇمكى، تەسىر ۋە ئەكس تەسىر ھادىسىسىگە سەۋەب بولىدۇ، يەنى مۇسۇلمانلار ئۆزلىرى بويسۇندۇرغان ئۆلكىلەرگە ئىسلام دىنى بىلەن تەسىر كۆرسەتسە، شۇ ئەللەردە ئەمەلدە بار بولغان دىنلارمۇ ئىسلام دىنىغا مەلۇم مەنىدە قارشى تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ ئەھمىيىتىنى پەسەيتىشكە ھەرىكەت قىلار ئىدى. ئىسلام ئەسكەرلىرى قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىس شەرىفلەردىكى كۆرسەتمە ـ يوليورۇقلار بىلەن بىر قاتاردا ئۆزلىرى بويسۇندۇرغان مەملىكەتلەردىكى ئەقىدىلەرگىمۇ مەلۇم دەرىجىدە ئەمەل قىلىشار ئىدى. مىلادىيە 711 ـ يىلى مۇسۇلمانلار جەبىلتارىق بوغۇزىنى كېچىپ ئۆتتى (بۇ يەردىكى بىر تاغ ھازىرقى كۈندىمۇ ئۆز بويسۇندۇرغۇچىسىنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىدۇ: جەبەلتارىق، يەنى تارىق تېغى)، يەنە شۇ يىلنىڭ

ئۆزىدىلا ئىسلام قوشۇنىنىڭ باش قىسىملىرى سىندگە، ھىندىستانىنىڭ تۆۋەن ۋادىلىرىغا، يەنى ھازىرقى پاكىستانىنىڭ جەنۇبىي قىسمىغا يېتىپ بېرىشتى. قوشۇنىنىڭ باشقا قىسمى ئۆكۈز (ئامۇ دەريا) دىن ئۆتۈپ، ئوتتۇرا ئاسىيانى ئىگىلىدى.

زاھىدلار بولسا قەلب ئالەمىنى، يۈرەك دۇنياسىنى بويسۇندۇرۇشقا ھەرىكەت قىلىشار ئىدى. ئىسلامدا سۇفىيلىقنىڭ ئىپتىداسى رابىيە ئەل ـ ئەدەۋىيە، يەنى بەسرەلىك رابىيە (بەسرە رابىيەنىڭ تۇغۇلغان شەھىرى) نىڭ نامى بىلەن باغلىق. ئۇ دۇنيانىڭ بارچە لەززەتلىرىدىن ۋاز كېچىشكە ئۈندەيدىغان تەركىدۇنياچىلىقنىڭ ھەقىقىي ئىشق، يەنى ئاللاھنىڭ ئىشقى بىلەن ياشاشقا ئۈندەيدىغان سۇفىيلىققا ئايلىنىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان ئايالدۇر. رىۋايەت قىلىشلىرىچە، بىر كۈنى خۇداگوي سۇفى رابىيە بىر قولىدا بىر چېلەك سۇ، يەنە بىر قولىدا يېنىپ تۇرغان ئوتقاش كۆتۈرگىنىچە بەسرە كوچىلىرىدىن يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ئىكەن، يولۇچىلار ھەيران بولۇپ ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— بۇنچىلىك ئالدىراپ قاياققا يول ئالدىڭ، ئەي رابىيە؟

رابىيە قولىدىكى چېلەكنى كۆرسىتىپ دەپتۇ:

— دوزاختىكى ئوتنى ئۆچۈرمەكچىمەن.

يولۇچىلار ياقىسىنى تۇتۇپ ھەيران بولۇشۇپ، يەنە سوراپتۇ:

— ئۇنداقتا، قولۇڭدىكى ئوتقاشچۇ؟

— بۇ ئوتقاش بىلەن جەننەتكە ئوت قويماقچىمەن.

بۇ جاۋابتىن كىشىلەرنىڭ جان ـ پېنى چىقىپ، ۋارقىرىشىپتۇ:

— ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەپ ئىلتىجا قىل، ئەي بەدبەخت خوتۇن، بولمىسا كاپىرلار جۈملىسىدىن بولۇپ قالىسەن.

— ياق، ئەزىزلىرىم، سىزلەر مېنى خاتا چۈشىنىپ قېلىۋاتىسىزلەر، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ رابىيە، — مەن كاپىر ئەمەس، ئاللاھ تەئالا بىلەن بەندىلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئىككى پەردىنى يوقاتماقچىمەن، خالاس. بۇنىڭ نەتىجىسىدە بەندىلەر ئاللاھ تەئالاغا دوزاخ ئوتىدا كۆيۈشتىن قورقانلىقتىن ياكى جەننەت ئىقبالىدىن ئۈمىدۋار بولغانلىقتىن ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئاللاھ ئىكەنلىكى، بىرۇبارلىقى ۋە باقىي گۈزەللىكى ئۈچۈن ئىبادەت قىلغاي.

بۇ رىۋايەت تىلدىن تىلغا كۆچۈپ، نەسرانىي دۇنياسىغىمۇ كىرىپ كەلدى. ئېيتىشلىرىچە، ئۇنى ليۇدۇۋىگ IX نىڭ ۋەكىلى جونگۋىل غەربكە ئېلىپ كەلگەن ئىكەن. 1580 ـ يىل 3 ـ نويابىر پارىژدا تۇغۇلۇپ، 1652 ـ يىل 26 ـ ئاپرېل شۇ يەردە ۋاپات بولغان فرانسۇز رۇھانىيسى ۋە يازغۇچىسى، كۋئېتىزم نامايەندىسى ژان پيېر كامىيۇ ئۆزىنىڭ «شەپقەت ھەمشىرىلىرى» ناملىق كىتابىدا شۇ رىۋايەتنىمۇ ئاتاپ ئۆتىدۇ. كىتابتا شەرقچە كىيىنگەن، بىر قولىدا چېلەك، يەنە بىر قولىدا ئوتقاش كۆتۈرگەن ئايال سۈرىتىمۇ بېرىلگەن. سۈرەت يۇقىرىسىدا يېۋرىت ھەرپلىرى بىلەن «ي ھ ۋ ھ»، يەنى «يەھۋەھ» (خۇدا) دەپ يېزىلغان. بۇ رىۋايەتنىڭ شەرققە مەنسۇبلۇقىنى چۈشەندۈرىدۇ. بۇنىڭدىن تاشقىرى، ياۋروپا ئەدەبىياتىدا بۇ رىۋايەتنىڭ كۆپلىگەن باشقا شەكىللىرىمۇ بار.

بەسرەلىك ئازاد قىلىنغان چۆرە ئايال رابىيە توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر سان ـ ساناقسىز، چۈنكى بەسرە شەھىرى ئۆتمۈشتە كۆپلىگەن سۇفىلارنىڭ ماكانى بولغان. 728 ـ يىلىدا ۋاپات بولغان مەشھۇر تەقۋادار ئالىم سۇفى ھەسەن ئەل ـ بەسرىي توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردىمۇ رابىيەنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىدۇ. ئىسلام ئالەمىنىڭ مەشھۇر يىلنامىچىلىرى بۇ ئايالنىڭ ھايات يولىنى ئېنىق تەسۋىرلەپ بېرىشكەن، چۈنكى ئۇ ئىنسانىي كامىللىقتا «كۆپلىگەن ئەرلەردىن ئۈستۈن» بولغان. مۇھەممەد زېھنىي ئۆزىنىڭ مەشھۇر ئاياللار توغرىسىدىكى «مەشاھىرەننىسا» دېگەن ئەسىرىدە رابىيەنى «ئەركەكلەر بېشىدىكى ئالتۇن تاج» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. شۇ سەۋەبتىن بۈگۈنكى كۈنلەردىمۇ ئۆزىنىڭ خۇداگويلۇقى، تەقۋادارلىقى بىلەن

www.uyghurkitap.com

مەشھۇر بولغان ئاياللار «ئىككىنچى رابىيە» دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. رابىيە توغرىسىدىكى رىۋايەتلەردە ئۇنىڭ ناھايىتى كۆپ مۆجىزىلەرنى كۆرسەتكەنلىكىمۇ تىلغا ئېلىنىــــدۇ. ئېيتىشلىرىچە، ئۇنىڭ بارماقلىرى قاراڭغۇ تۈنلەردە چىراغقا ئوخشاش نۇر تارىتىدىكەن. ئۇ ھەج سەپىرىگە ئاتلانغاندا بولسا كەئبەتۇللاھ ئۇنىڭ ئالدىغا چىقار ئىكەن (ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇمكى، كەئبەتۇللاھ ئورنىدىن قوزغىلىپ، رابىيەنىڭ ئالدىغا قارشى ئالغىلى چىققاندا، ھەجگە كەلگەن باشقا سوپىلار ئۇنى تاپالماي خېلىلا سەرسان ـ سەرگەردان بولۇشقان).

رابىيە كۆپلىگەن دۇنياۋى مۇناسىۋەتلەرنى، بولۇپمۇ نىكاھنى (ئۇ تۇرمۇشقا چىقمىغان) رەت قىلىپ، جايىنامازدا ئولتۇرغىنىچە ھاۋادا ئۇچۇپ يۈرەلىگەن ئىكەن، دېيىشىدۇ. ئۇ گۈزەل باھار كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئۆيىدە شاگىرت قىزلىرىنىڭ بىرى بىلەن ئولتۇرۇپ، باغقا نەزەر تاشلايدۇ ۋە ئاللاھ تەئالا ياراتقان گۈللەرنىڭ جامالىغا مەپتۇن بولۇپ شۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھ تەئالانىڭ گۈزەللىكى باتىنىدىدۇر، تاشقى گۈزەللىك بولسا ئىچكى گۈزەللىكنىڭ ئەكس ئېتىشىدۇر». مەۋلانا جەلالىددىن رۇمىي بۇ گەپلەرنى نامەلۇم بىر سوپىغا باغلاپ، ئۆزىنىڭ «مەسنەۋىلەر»ىدە ئىشلەتكەن. ھەزرەت فەرىدىددىن ئەتتار بولسا ئۆزىنىــــڭ «ئىلاھىينامە» سىدە ئاللاھ تەئالانىڭ نۇرى توغرىسىدا سۆزلەپ شۇنداق يازىدۇ: «ئۇ (نۇر) بىر موماينىڭ ئۈستىگە بىر دەقىقە چۈشكۈدەك بولسا، ئۇنى رابىيەدەك بىر ئۇلۇغ زاتقا ئايلاندۇرىدۇ».

شۇ ئەسىردە فەرىدىددىن ئەتتار رابىيەنىڭ كەمبەغەللىكتە ياشىغانلىقــــى، دۇنيا لەززەتلىرىگە ئۇنچىلىك ئېتىبار بەرمەسلىكى، سىناق ـ ئىمتىھانلارغا چىدامىلىقلىقىنى شۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

ئېيتۇرلەر: ئاللاھقا دىلبەستە، دىلدار،
رابىيە بىر ھەپتە تۈز تېتىمىدى.
ھەتتاكى سۇ ئىچمەي، يۈردى روزىدار،
كۈنۈ تۈن نامازغا مەشغۇل بولاردى.

نىھايەت كۆرسەتىپ ئاچلىق كۈچىنى،
رابىيە يىقىلاي دېگەندە بىھال.
قوشنا خوتۇن كىردى گەپلەشمەك ئۈچۈن،
بىر قاچا سۇيۇقئاش كۆتۈرۈپ ئەلھال.

ئۇ كەتكەچ، رابىيە سۆرۈلۈپ، مۈدۈرۈپ،
چىراغ كەلتۈرۈشكە ئۆيگە كىرگەن دەم.
مۈشۈكلەر تاماقنى كەتتىلەر تۆكۈپ،
بۇ قانداق كۆرگۈلۈك، بۇ قانداق ستەم.

يەنە ئۆيگە كىردى رابىيە دىلخۇن،
سۇ ئىچىپ روزىنى ئېچىش چۈن، ھەيھات.
كوزا قولدىن چۈشۈپ، بولدىلار چۇل ـ چۇل،
يەرگە سىڭىپ كەتتى ئۇ ئابى ھايات.

شۇنچە چەكتى بىبى يالقۇنلۇق بىر ئاھ،
بىر ئاھكى، ئالەمنى قادىر ئۆرتەشكە.
«تەنها بىرۇ بارىم، يالغۇزۇم ئاللاھ،
مەن بىر ئۈچ تۇپراقتىن ئىستىكىڭ نىمە؟

ئىشقىڭدا ۋۇجۇدۇم ھارغىن ۋە بىتاب،
بۇ ھالغا چەك بارمۇ، ئەي يارى ئەزىز؟»
كۆكتىن نىدا كەلدى: « ‹خاھلىساڭ شۇتاپ،
دۇنيانى ئالدىڭدا چۆكتۈرۈرمەن تىز.

ۋە لېكىن مىنى دەپ چەككىنىڭ ستەم،
دەردلەردىن پاك ـ خالاس قىلۇرمەن ھامان» .
فانىي دۇنيا بىلەن يارنىڭ ئىشقىغا،
بىر كۆڭۈل بىر يولى بولالماس ئاشىيان.

ئىشق يولىدا دەردلەر چەككۈچى ئاشىق،
دۇنيانى سۆزسىزلا تەرك ئەتمەك كېرەك.
دۇنيا ئىشقى باشقا، يار ئىشقى باشقا،
مۈشكۈلدۇر ھەقىقىي يارغا يېتىشمەك.

كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، بۇ مىسرالاردا ئاشىقنىڭ ئىشق يولىــــدا چەككەن دەرد ـ

ئەلەملىرى، ئىزتىرابلىرىغا ئالاھىدە ئۇرغۇ بېرىلمەكتە. چۈنكى، جاپا چەكمەي، قىيىنچىلىقلارغا چىدىماي تۇرۇپ، ۋىسالغا يەتكىلى بولماس. ئاسان، ئوڭايلىقچە قولغا كەلگەن غەلىبە، ئېرىشىلگەن ۋىسالنىڭ قەدرى يوقتۇر. ھىندىستاندىكى چىشتىيە سۇلالىسىنىڭ يولباشچىسى، ئەسلىي ئۆزبېكىستانلىق قۇتبىددىن بەختىيار كاكىي 1235 ـ يىلى بۇ توغرىسىدا شۇنداق يازغان ئىدى:

«بېشىغا كۈتۈلمىگەن دەرد ـ غەملەر چۈشكەن كۈنى ئۇ ‹شۈكرى، دوستۇم (ئاللاھ) بۈگۈن مېنى ئەسكە ئالدى، مېنى ئويلىدى› دەپ ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلاپ خۇشھال بولار ئىدى. كۈنلىرى ئاسايىشچىلىقتا ئۆتۈپ، بېشىغا ھېچقانداق كۆلپەت چۈشمىگەندە بولسا، كۆز ياش تۆكۈپ: ‹قانداق بىر ناتوغرا ئىش قىلغاندىمەن، ئۇ (ئاللاھ) بۈگۈن مېنى ياد ئەتمىدى› دەپ يىغان چېكەر ئىدى».

بىراق، ئۆزىنى ئاللاھ ئىشقىغا بېغىشلىغان ئايال يالغۇز رابىيەلا ئەمەس ئىدى. بۇنداق خۇداگوي سۇفى ئاياللار توغرىسىدا تارىختا كۆپلىگەن مەلۇماتلار بار. مۇھەممەد (س. ئە. ۋ) نىڭ قېرىنداشلىرىدىن بىرى ئۇمم ھەرەم ئىسىملىك ئايال شۇلارنىڭ بىرىدۇر. بۇ باكىرە ئايال ئۆزىنى ئاللاھ يولىغا بېغىشلاپ، مۇسۇلمانلارنىڭ كۇپىرلىكلەرگە قارشى ئېلىپ بارغان جەڭلىرىدە ھەمشىرەلىك قىلغان ۋە ھىجرىيە 27 (مىلادىيە 649) ـ يىلىدىكى جىھادتا شەھىد بولغان. ئۇمۇمەن سۇفىلار توغرىسىدىكى كىتابلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك كۈنلىرىنى روزا تۇتۇش ۋە يىغا ـ زارە بىلەن، تۈنلەرنى ناماز ئوقۇش بىلەن ئۆتكۈزگەن دەسلەپكى سۇفى ئاياللارنىڭ روھىيتى ۋە قىسقىچە ياكى تولۇق تەرجىمىھالى بېرىلگەن. مارگارېت سمىت ئۆزىنىڭ كلاسسىك ئەسىرى «ئىسلامدا رابىيە ۋە باشقا سۇفى ئايالالار سىيماسى» كىتابىدا دەسلەپكى ئىسلام دەۋرىنىڭ بىر قاتار داڭلىق سىيمالىرى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىدۇ. ئۇلار ئارىسىدا رابىيەنىڭ دوستى، زىكرى ـ جەزەۋەلەردە جان تەسلىم قىلغان مەريەم ئەل ـ بەسرىيە توغرىسىدىكى خەۋەرگىمۇ دۇچ كېلىمىز. زاماندىش تۈرك شائىرەسى لەئىلى مۇلدۇر مۇنۇ مىسرالارنى ئەنە شۇ سۇفى ئايالغا بېغىشلىغان:

بەسرەلىك مەريەم، ئول گۈزەل خىلقەت،
كۈن ـ تۈنى رابىيەگە قىلاردى خىزمەت.
ناگاھان ئىلاھىي ئىشقنى ئۇ ئاڭلاپ،
ھۇشىدىن كەتتى، «ئاللاھ» دەبان شىۋىرلاپ.
زىكىر قىلىپ ئاللاھنىڭ نامىنى ھەرئان،
مۇھەببەت ئوتىدا تەسلىم قىلدى جان.
شۇنداق، چىن ئاشىقلار ئوخشار يامغۇرغا:
دان بولۇپ ئۇنۇشەر گەر يەرگە چۈشسە،
دۇرغا ئايلىنىشار، چۈشسە دېڭىزغا.

رۇيخەتتە يەنە يىغلاۋېرىپ كۆزلىرى قارىغۇ بولۇپ قالغان بەھرىيە ئەل ـ مەئۇزۇلىيەنىڭمۇ نامى بار، چۈنكى زاھىرىي كورلۇق ئىلاھىي مەشۇقنى باتىنىي، يەنى كۆڭۈل كۆزلىرى بىلەن كۆرۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ. كۆزلەر قارىغۇ بولغاندىن كېيىن كۆرگۈچى بىلەن كۆرۈنگۈچى ئارىسىدىكى پەردە يوقىلىدۇ. دانىشمەنلەر ئېيتقىنىدەك: «كۆزنى يۇمغىل، كۆزگە ئايلانسۇن كۆڭۈل». رەيھانە ۋەلىيە ئىسىملىك سۇفى ئايال بولسا ئۇزلۇكسىز تۈردە ئۆزىنى يوقىتىش دەرىجىسىدىكى ھاياجان ـ جەزەۋە ھالىتىدە بولغان. يېزىشلىرىچە، بۇنداق ھالەتكە چۈشكەن كۆپچىلىك سۇفى ئايالالار شۇ دەۋردە سولاققا ئېلىنىپ، ساراڭخانىلەرگە تاشلانغان. چۈنكى، ئۇلارنىڭ قەلبىگە جايلاشقان ئىلاھىي سۆيگۈ

www.uyghurkitap.com

باھار پەسلىدە تولۇپ، دولقۇنلىنىپ، قىرغاقلىرىدىن تېشىپ ئاقىدىغان يوگەنسىز دەريادەك بولغانلىقتىن جەمئىيەتتە قوبۇل قىلىنغان ئەدەب قائىدىلىرىگە بويسۇنۇشمىغان. قەلبىدە پەقەت ئاللاھ ئىشقىلا ئورۇن ئالغان بۇنداق تەقۋادار سوفى ئاياللار تارىختا ناھايىتى كۆپ بولغان، ئەلۋەتتە. ئەمما ئايرىملىرىنىڭلا ناملىرى ساقلىنىپ قالغان. ئۇلار رابىيەگە ئوخشاش كىچىك ـ كىچىك قوشاقلارنى ئېيتىشقان. بۇ قوشاقلار بەدىئىي سەنئەت ئەسىرى دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلمىگەن بولسىمۇ، ئۇلارنى دىنىي مىستىك لىرىكىنىڭ دەسلەپكى مۇقەددىمىسى دەپ كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇ. كېيىنكى ئەسىرلەردە ئۇلار ئاشىق سوفىلارنىڭ كۈندىلىك مەشغۇلاتىغا ئايلاندى. سۈرىيىلىك رابىيە ئەششامىيە شۇنداق كۈيلەر ئىكەن:

يارىمغا تەڭ كەلمەس باشقا ھېچبىر يار،
كۆڭلۈمنى ئىگىلىگەن تەنھا بىر ۋىبار.
گەرچە ئۇ ۋۇجۇدۇم، كۆزۈمدىن يىراق،
كەتمەيدۇ ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمدىن يىراق.

ئابدۇرەھمان جامىي ئۆز ئەسەرلىرىنىڭ بىرىدە سوفى ئاياللارنىڭ تۆۋەندىكى مىسرالىرىنى مىسال كەلتۈرىدۇ:

چىن ئاشىقلار بۇ دۇنيادىن بىمار ئۆتۈرلەر،
كۆپ دەرد چېكىپ، ئىشق ئاغرىقىن زور مەلھەم بىلىپ.
يار ھەجرىدە دىۋانە ۋەش، زار ـ زار ئۆتۈرلەر،
ۋە بىر كۈنى كېتىشۇرلەر يارغا قوشۇلۇپ.

بۇ مىسرالار مۇئەللىپ پىكرىنىڭ ئەمەتەل جەلىلىنىڭ تۆۋەندە ئېتىبارىڭىزلارغا ھاۋالە قىلىنىۋاتقان پىكرىگە ئاھاڭداشلىقىنى ئىسپاتلايدۇ:

«ئەۋلىيا سۆپەت تەۋەررۇك زاتلار بىرەر دەقىقە بولسىمۇ، باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولمايدۇ. ئۇلار ھەر دائىم ئاللاھ يادى بىلەن بەنتتۇر. ئەۋلىيالار باشقا ئىشلار بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدۇ، دېگەن كىشى بىكار ئېيتىدۇ».

دەسلەپكى سوفى ئاياللار ئىچىدە ناھايىتى كۆپ كۆز ياش تۆكۈش بىلەن مەشھۇر بولغان شەۋانە ئىسىملىك ئايالنىڭ سىيماسى ئالاھىدە ئېتىبارغا ئىگە. ئۇلۇغ سوفىلاردىن بىرى فۇزەئىل ئىبن ئىيەدمۇ شەۋانەدىن «ماڭا بىر دۇئا قىلىپ قويسىڭىز!» دەپ ئىلتىماس قىلغان ئىكەن. تەقۋادار سوفى بەشىر ئەل كافىي، «يالاڭ ئاياغ» تەخەللۇسلۇق بۈيۈك ھەدىسچى ئالىم ئەھمەد ئىبن ھەنبەللەر بولسا ئامىنە ئەر ـ رەملىيە ئىسىملىك سوفى ئايالنىڭ دۇئاسىنىڭ شاراپىتى بىلەن دوزىخىي بولۇپ كېتىشتىن ئامان قېلىشقان. ئىمام غەززالىي شەۋانە توغرىسىدا يازغىنىدا ئۇشبۇ ۋەقەنى مىسال قىلىپ كەلتۈرىدۇ: «رىۋايەت قىلىنىشچە، شەۋانە ۋاپات قىلغاندىن كېيىن دوستلىرىدىن بىرى ئۇنى چۈشىدە كۆرىدۇ. شەۋانە بىرقانچە ھۆرلەر بىلەن كېلىپ، دوستىغا شۇنداق دەيدۇ: ‹قەلبىڭ دائىم غەملىك بولسۇن. ئاللاھ ئىشقىنى فانىي دۇنيانىڭ ھاۋايى ھەۋەسلىرىدىن ئۈستۈن تۇت. شۇنىڭدا تا جان تەسلىم قىلغىنىڭغا قەدەر ھېچ زەرەر يەتمەيدۇ›. ئۆلۈم ۋە باقىي دۇنيانى پات ـ پات ياد ئېتىپ تۇرۇش دەسلەپكى سوفى ئاياللارغا خاس خۇسۇسىيەتتۇر. شۇلاردىن بىرى مۇئەززەم بەسرەدىكى ئەنئەنىلەرگە مۇۋاپىق «ئىنسان ۋاپات بولغاندىن كېيىن تا روزى مەھشەرگىچە بولغان دەۋردىكى قەبرە ئۇيقۇسى يېتىپ ئاشىدۇ» دېگەن غايىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئىلاجىنىڭ بارىچە ئۇيقۇدىن ۋاز كېچىشكە، تۈنلەرنى ناماز ئوقۇش بىلەن ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزۈشكە ھەرىكەت

قىلار ئىكەن.

خۇداگوي، تەقۋادار ئاياللارغا ئاللاھ تەئالانىڭ يۈكسەك ئورۇن ھەدىيە قىلىشى تەبىئىي ھالدۇر. باغدادلىق سۇفى سەفى ئەس ـ ساقاتىي (مىلادىيە 867 ـ يىلى ۋاپات بولغان) نىڭ شاگىرتلىرىدىن بولمىش بىر سۇفى ئايال توغرىسىدا شۇنداق رىۋايەت بار: «بىر كۈنى ساقاتىي ئۇ ئايالغا ‹ئوغلۇڭ سۇغا چۆكۈپ كېتىپ ئۆلدى›، دېگەن خەۋەرنى يەتكۈزىدۇ. ئۇ ئايال ئەنئەنىلەرگە خىلاپ ھالدا ئۇستازىنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەيدۇ. راستىنلا تېز ئارىدا ئايالنىڭ ئوغلى تىرىك ئىكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ‹قېنى ئېيتچۇ، ئۇستازىڭىزنىڭ سۆزىگە نېمىشقا ئىشەنمىدىڭ؟›، دېگەن سوئالغا ئۇ ئايال: ‹ئوغلۇمنىڭ چۆكۈپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا ماڭا غايىبتىن ھېچقانداق خەۋەر كەلمىگەنىدى›، دەپ جاۋاب بېرىدۇ». ھەقىقەتەنمۇ ئۆزىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىغان كىشىلەرگە غايىبتىن ئۇلارغا تېگىشلىك خەۋەرلەر يەتكۈزۈلۈپ تۇرىدىكەن.

تۆۋەندىكى رىۋايەتتىن بەزى سۇفى ئاياللارنىڭ رابىيەئەل ئەدەۋىيەگە ئوخشاش دۇنيادىن تاق ئۆتمىگەنلىكى، بەلكى تۇرمۇش قۇرۇپ نىكاھلىق ئۆمۈر كەچۈرۈشكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. تۇرمۇش قۇرۇپ، ئەر ـ خوتۇن بولۇپ ياشىغان سۇفى ئاياللار ئىچىدە كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىدىغان فاتىمە دېگەن بىر ئايال بار بولۇپ، ئۇ رابىيەدىن يېرىم ئەسىر كېيىن نىشاپۇردا ياشىغان. ئۇ داڭلىق سۇفى ئەھمەد قىدرۇيە بىلەن تۇرمۇش قۇرغان ۋە ئۇنىڭغا سۇفىلىق يوللىرىدا دائىم يول كۆرسىتىپ تۇرغان. رىۋايەت قىلىنىشلىرىچە، فاتىمە ئۆز دەۋرىنىڭ يېتۈك سۇفى رەھنەمالىرى بىلەن ئۇچرىشىپ، ئۇلار بىلەن سۆھبەتلەردە بولغان. جاھان تەرىقەت ئەھلىنىڭ پىرى زۇننۇن مىسرى (859 ـ يىلى ۋاپات قىلغان) بىلەن خەت يېزىشىپ تۇرغان. ئېيتىلىشىچە، بىر قېتىم زۇننۇن مىسرى «ئاياللارنىڭ سوۋغىسىغا زار ئەمەسمەن» دېگەن مەنىدە فاتىمە ئەۋەتكەن سوۋغىنى ئېلىشتىن باش تارتقان ئىكەن. شۇ چاغدا فاتىمە زۇننۇن مىسرىغا تەنبىھ بېرىپ، شۇنداق مەكتۇپ يازىدۇ:

«ئايال كىشى ئەۋەتكەن سوۋغىنى ئالمايمەن دەپ سوۋغامنى رەد ئېتىپسىز، ئايال كىشى ۋاستىسى ياكى ئەر كىشى ۋاستىسى بىلەن بولسۇن، ئاساسىي سوۋغا قىلغۇچى زات ئاللاھ تەئالا ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتتىڭىزمۇ؟»

زۇننۇن مىسرى بۇ ئايالنىڭ بىلىمىگە، قۇرئان كەرىمنىڭ چوڭقۇر مەنىلىرىنىمۇ يۈكسەك دەرىجىدە چۈشىنىدىغانلىقىغا قايىل بولغان ئىكەن (چۈنكى، زۇننۇن مىسرىنىڭ تەلىم ـ تەربىيىگە ئائىت ھېكايىلىرىدە ئاللاھ تەئالا ئىشقى بىلەن مەست بولغان بىر ئايال ياكى قىز ئوبرازى پات ـ پات ئۇچراپ تۇرىدۇ). زۇننۇن مىسرى ئۇنىڭدىن پەقەت ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانات دۇنياسىنىڭلا ئەمەس، بەلكى بارچە تىرىك ۋە ئۆلۈك مەۋجۇداتلارنىڭ ئاللاھقا سالاۋات ئېيتىشلىرىنى چۈشىنىش سىرلىرىنى ئۆگىنىدۇ. دانا فاتىمە مەشھۇر سۇفىلاردىن بىرى بايەزىد بىستامىي بىلەنمۇ پەرەنجە يېپىنماستىن كۆرۈشكەن دېيىشىدۇ. ئەمما، بىر كۈنى بىستامىي ئۇ ئايالنىڭ گۈزەل خالىغا، باشقا بىر رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، خىنە قويىغان بارماقلىرىغا تىكىلىپ قاراپ قالىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئايال سۇفى بىستامىي بىلەن ئالاقىسىنى پۈتۈنلەي ئۈزىدۇ، چۈنكى ئەمدى پەقەت ساپ روھىي مۇلاقاتتا بولۇشنىڭ ئىلاجى قالمىغان ئىدى. بۇنىڭ ھەقىقەتكە قانچىلىك ئۇيغۇن ئىكەنلىكىنى ئېنىقلاش ناھايىتى قىيىن، چۈنكى روھىي دوستلۇق رىشتىلىرىنىڭ «دۇنياۋى» بىر بېقىش بىلەن ئۈزۈلۈپ كېتىشى توغرىسىدىكى ماۋزۇ ئاگىئوگرافىيە (ئەۋلىيا سۈپەت كىشىلەرنىڭ تەرجىمىھاللىرىنى ئۆگىنىدىغان پەن) دە كەمدىن ـ كەم ئۇچرايدىغان بىر ھال ئەمەس. شۇ مەنىدە سۇفى ئەھمەد ئىبن ئابدۇل ھەۋارىينىڭ رەپىقىسى رابىيە بىنت ئىسمائىل توغرىسىدا ئىككى ئېغىز سۆز قىلماي بولمايدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچى ئېرى ۋاپات قىلغاندىن كېيىن ئېرىدىن قالغان مىراس ۋە ئۆزى ئىشلەپ تاپقان پۇللىرىنى ساۋابلىق ئىشلارغا ئىشلىتىش ئۈچۈن، يۇقىرىدا نامى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

تىلغا ئېلىنغان سوفىيغا تۇرمۇشقا چىقىدۇ ۋە ئۇنىڭ بىلەن جىنسىي ئەمەس، بەلكى پەقەت روھىي نىكاھتا بولىدۇ. ئۆمرىنى ئاساسىي جەھەتتىن ناماز ئوقۇش، روزا تۇتۇش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ ھەمدە ئەھمەد ۋە ئۇنىڭ باشقا خوتۇنلىرىغا غەمخورلۇق قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ ئۆزى بىر كۈنى ئەھمەدكە «مەن سېنى ئەر سۈپىتىدە ئەمەس، بەلكى ئاكا سۈپىتىدە ياخشى كۆرىمەن» دەيدۇ. رىۋايەت قىلىنىشىچە، رەبەھ ئەل ـ قەيسىينىڭ رەپىقىسى خۇپتەن نامىزىنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ياخشى كىيىملىرىنى كىيىپ، ئېرىدىن: «بۈگۈن ماڭا ئېھتىياجىڭىز بارمۇ؟» دەپ سورار ئىكەن. ئېرىنىڭ ئېھتىياجى بولمىغان چاغدا ئۇ كېچىلەرنى قۇرئان تىلاۋەت قىلىش بىلەن مەشغۇل بولۇپ ئۆتكۈزىدىكەن.

بەزى ھاللاردا ئۆتە خۇداگوي سوفىلارغا ئۇلارنىڭ جەننەتتىكى «بولغۇسى رەپىقىلىرى» مۇ كۆرستىلگەن دېيىشىدۇ. سوفى ئابدۇل ۋاھىد ئىبن سەئىدگە ئۇنىڭ جەننەتتىكى رەپىقىسى ئايان قىلىنغان. ئۇ بىر پادىچى قىز بولۇپ، پادىسىدا قويلار بىلەن بۆرىلەر بىر ـ بىرىگە زىيان يەتكۈزمەي، ئىناق ئويناپ يۈرۈشىدىكەن. شۇ قىز بۇ پانىي دۇنيادا ھايۋانلار ئارىسىدا ئاخىر زامانغا خاس تىنچلىق يارىتالىغانلىقى ئۈچۈن، مەشھۇر سوفىينىڭ جەننەتتىكى رەپىقىسى بولۇش شەرىپىگە مۇيەسسەر قىلىنغان.

بۈيۈك تېئوسوف[1] ئالىم ھەكىم تېرمىزىينىڭ رەپىقىسى زور ئېتىبارغا ئىگە ئايال بولغان. تېرمىزىي ئۆز تەرجىمىھالىدا يېزىشىچە، ئۇ كۆرگەن چۈشلىرىنى رەپىقىسىگە سۆزلەپ بېرىدىكەن، رەپىقىسى چۈشلەرنى ۋە تېرمىزىينىڭ كۆز ئوڭىدا پەيدا بولغان نەرسىلەرنى دائىم توغرا تەبىر قىلىپ بېرىدىكەن. پەرىشتىلەردىن بىرى بۇ ئايالغا: «ئېرىڭىز بىلەن سىزنىڭ روھىي دەرىجىلىرىڭىز مۇتاناسىپ» دەپ خەۋەر بەرگەن ئىكەن.

ئەرەب كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ۋە كېيىن پارس ئەدەبىياتىدىمۇ پات ـ پات ئۇچراپ تۇرىدىغان ماۋزۇلاردىن بىرى ئۆز قوشاقلىرىدا مىستىك، سوفىيانە ئىشقنى كۈيلىگەن ناخشىچى قىزلار ماۋزۇسىدۇر. مەشھۇر گراماتىك ئالىم ئەل ـ ئەسمائىي بىر كۈنى كەئبىدە ئىشقىي قوشاق ئېيتىۋاتقان بىر قىزنى قاتتىق تەنقىدلەيدۇ. قىز بولسا ئۇنىڭغا شۇ زامان ھەقىقىي ئىلاھىي ئىشقنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ قويىدۇ.

شۇ دەۋردە قۇرئان كەرىمنى ياد ئېلىپ، تەسىرلىك يوسۇندا قىرائەت قىلالايدىغان قوشاقچى چۆرە قىزلارنى گەرچە ناھايىتى جىق پۇلغا سېتىۋېلىشقان بولسىمۇ، دەرھال ئازاد قىلىۋەتكەن. 1234 ـ يىلى ۋاپات بولغان ھەزرەت ئەبۇ ھەفىز ئۆمەر ئەسسۇھرەۋەردىي تەسىرىدە مۇسۇلمان بولغان بىر قوشاقچى قىز توغرىسىدا مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ:

بۇ قىز مۇقەددەس ھەج سەپىرىدىن قايتقاندىن كېيىن ھەمەدان ھاكىمى ھۇزۇرىدا ئىلاھىي ئىشق توغرىسىدا شۇنچىلىك بېرىلىپ كۈيلەيدۇكى، ھاكىم ۋە ئۇنىڭ ئەئيانلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىدىن ئەپسۇس ـ نادامەتلەر چېكىشىپ، ئىسلام ئەھكاملىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلىشقا باشلايدۇ. ھەزرەت رۇمىينىڭ تەرجىمىھالىدىن مەلۇمكى «يەڭگىلتەك قىزلار» ئۇ زاتنىڭ تەسىرىدە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، سوفىيانە ھايات كەچۈرۈشكە باشلاشقان.

ئېھتىمال، دەسلەپكى دەۋرلەردە ئاياللار سوفىلارغا پەقەت خەلىپىلىك[2] قىلىپلا قالماستىن، بەلكى قۇرئان تىلاۋەت قىلىنىدىغان يىغىنلارغا ۋە «زىكىر» لەرگىمۇ ھەم ئىشتىراك قىلىشقان. 934 ـ يىلى ۋاپات بولغان سوفى ئەل ـ كەتتانىينىڭ قىزى فاتىمە ۋە يەنە ئۈچ ئەر كىشى «ئاشىق» نامىنى ئالغان باغداتلىق سوفى سۇمنۇل ئەل ـ مۇھىب

---

① تېئوسوفىيە (تېئوس ـ تەڭرى، سوفىيە ـ دانالىق) —— ئىنسان روھىنىڭ تەڭرى بىلەن بىرلىشىپ كېتىشى ھەمدە باقىي دۇنيا بىلەن توغرىدىن ـ توغرا مۇلاقات ـ ئالاقە قىلىش يوللىرىنى ئۆگىنىدىغان پەن. تېئوسوف —— تېئوسوفىيە ئالىمى.

② خەلىپە ـ ① ئورۇن باسار؛ ② سوفىلارنى يېتەكلىگۈچى ئايال، ئايال ئىشان.

بىلەن بىللە پۈتكۈل ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ زىكىرگە چۈشۈۋاتقاندا ھاياجاندىن يۈرىكى يېرىلىپ ۋاپات بولغان، دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. بۇ خەۋەر دەسلەپكى دەۋرلەردە ئاياللارنىڭ بۇنداق سورۇنلارغا ئەرلەر بىلەن بىر قاتاردا قاتنىشىشى ئادەتتىكى ئەھۋال ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدۇ. كېيىنكى چاغلاردا سۇفى ئاياللارنى جامائەگە قوبۇل قىلىشنىڭ قانداقتۇر ئاقىلانە، گەپ ـ سۆز بولمايدىغان يوللىرىنى تېپىشقا ئۇرۇنۇپ كۆپ باش قاتۇرۇلغان بولسا كېرەك، چۈنكى شەرىئەت ۋە قانۇنلارغا كۆرە ئۆزىگە قېرىنداش بولمىغان يات ئايالنىڭ قولىنى تۇتۇشقا ھېچكىمنىڭ ھەققى يوقتۇر. بەزى يۈنىلىشلەر بويىچە يات ئايالغا كۆزى چۈشكەن ياكى بىخەستىلىكتىن بەدىنىگە قولى تېگىپ كەتكەن كىشىنىڭ تاھارىتى سۇنغان ھېسابلىنىدۇ ۋە ئۇ كىشى ناماز ئوقۇشتىن ئاۋۋال باشقىدىن تاھارەت ئېلىشى كېرەك. شۇ سەۋەبتىن ئەر ۋە ئايال سۇفىلار زىكىرگە چۈشۈۋاتقاندا ئالدى بىلەن قوللىرىنى تازا سۇغا بىر چىلاپ يۇيۇۋېلىشلىرى لازىم بولغان. ئايالللار يەڭلىرى ئۇزۇن كىيىم كىيىۋېلىشقان ۋە ئەرلەر ئۇلارنىڭ يەڭلىرىدىن تۇتۇشقان. بۇنىڭ ئىلاجى بولمىغان چاغلاردا ئايالللار قوللىرىنى رومال بىلەن باغلاۋېلىشقان ياكى قوللىرىغا ئىككى تال تاياق تۇتۇۋېلىشقان. ئەر بىلەن ئايالنىڭ بەدەنلىرى بىر ـ بىرىگە تېگىپ كەتمەسلىكلىرى ئۈچۈن، ئەرلەر ئايالللارنىڭ يېڭىنى ياكى رومال بىلەن ئورالغان قولىنى ۋە ياكى قولىدىكى تاياقنى تۇتۇۋېلىشقان.

* * *

ئەمما، دەسلەپكى دەۋرلەردە بۇنداق ئىشلارنى ئۇششاق ـ چۈششەك ئىشلار دەپ ھېسابلاپ، ئۇلارغا ئانچە ئېتىبار بېرىشمىگەن. چۈنكى، سۇفى ئۇستازلار (پىرى مۇرشىدلار) نىڭ ھەتتا جامائەت سورۇنلىرىغىمۇ ئۆزلىرىنىڭ خەلىپىلىرى بىلەن بىللە بارغانلىقلىرى توغرىسىدا يازما مەلۇماتلار بار. شۇلارنىڭ بىرىدە ئېيتىلىشىچە، سۇفى ئەبۇ بەكرى شىبلىي ئۆزىنىڭ بىر خەلىپىسى بىلەن بىللە ياغاچقا مىخلانغان سۇفى ھەللاجنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن «سۇفىلىق نېمىدۇر؟» دەپ سورايدۇ. گەرچە مەۋلانا فەرىدىددىن ئەتتار رىۋايەت قىلغان بۇ ۋەقە تارىخقا ئۇمۇمەن ئۇيغۇن كەلمىسىمۇ، يەنى ئۇ مەۋلانانىڭ «شۇنداق بولسا نېمە قىلارىدۇق؟» دېگەندەك خىيالىنىڭ مەھسۇلى بولسىمۇ، ھەر ھالدا سۇفى ئايالللارنىڭ دەسلەپكى دەۋرلەردىكى ئىجتىمائىي ھاياتقا خېلىلا پائال قاتناشقانلىقىنى ئىنكار قىلغىلى بولمايدۇ. ئەسلىدە ھەللاج قەتل قىلىنغاندىن كېيىن ئۇنىڭ سىڭلىسى كېلىپ، ئاكىسىنىڭ جەسۇرلۇقى، يەنى «ئەنەلھەق» (مەن ھەقمەن) دېگەن گەپلىرى ئۈچۈن بىر ئاز كايىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئاكىسىنىڭ ۋەسىيىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، جانسىز تەننى كۆيدۈرىدۇ ھەمدە دەجلە دەرياسىغا تاشلايدۇ. شۇ كۈنى كېچىسى ھەللاج سىڭلىسىنىڭ چۈشىگە كىرىپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئەپسۇسلانمايدىغانلىقىنى ۋە ئۆز ئىش ـ ھەرىكىتىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرىدۇ (ئىسلام دىنى تارىخىدا سىڭلىسىنىڭ تۇتقان ئورنىنى ئۆگىنىپ چىقىش ناھايىتى كۆپ مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشقا ياردەم بەرگەن بولار ئىدى. جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبىستاندا ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ ۋاپات قىلغان ياكى جەڭلەردە ھالاك بولغان ئاكىلىرى ئۈچۈن ياقا يىرتىپ يىغلاشلىرى شەرت بولغىنىدەك، سۇفىيلىق تارىخىدىمۇ ئاچا ـ سىڭىللار ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. بۈيۈك موغۇللار (بابۇرىيلار) سۇلالىسىنىڭ 1659 ـ يىلى كاپىرلىقتا ئەيىبلىنىپ قەتل قىلىنغان ۋەلىئەھدى دارا شىكاھنىڭ ئاچىسى مەلىكە جاھانئارانىڭ ئىش ـ ھەرىكەتلىرىگە قارىتا مۇناسىۋىتى بۇنىڭغا روشەن مىسال بولالايدۇ).

تەقۋادار سۇفى ئايالللارنىڭ ئەنئەنىلىرى كېيىنكى ئەسىرلەردىمۇ پەقەت ئوتتۇرا ئاسىيادىلا ئەمەس، بەلكى ھىندىستان يېرىم ئارىلىدىمۇ خۇددى شۇنداق داۋاملاشقان. بىز بۇ قىتئەدە ياشاپ ئۆتكەن سۇفى فەرىدىددىن شەكەر گەنجنىڭ تالىبەلىرى (مۇخلىسلىرى) توغرىسىدا

ئاز ـ تولا مەلۇماتقا ئىگىمىز. ئەينۇل قۇدەت ئىسلامىيەت شائىر ئۆز مەدھىيىلىرىنىڭ بىرىدە سۇفى ئەبۇل خەير ئەتتىنانىي ئەل ئەقتانىڭ بوۋىسى ئۇيەئىنەنىڭ يىگىتلەر ۋە خوتۇن ـ قىزلاردىن بەش يۈز نەپەر تەلەبەگە دەرس بەرگەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتىدۇ. بۈيۈك ھەنبەلىي سۇفى ھىراتلىق ئابدۇللا ئەنسارىينىڭ تەرجىمىھالىدا ئۇنىڭ قىرىندىشى بىبى نازەنىنىڭمۇ نامى تىلغا ئېلىنغان. ئېيتىلىشىچە، شۇ ئايال ئەنسارىيغا چوڭ ئالىم بولمىسىمۇ، ئەمما ناھايىتى دانا سۇفى قاراغانىي بىلەن مۇلاقات قىلىشنى مەسلىھەت بەرگەن، چۈنكى ئەنسارىينىڭ تەدرىجىي يوسۇندا كامىللىققا ئېرىشىشىدە قاراغانىينىڭ مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى ئۇ ئايالغا مەلۇم قىلىنغان ئىكەن. ھىراتتا شۇ دەۋرلەردە ئۇلاردىن تاشقىرى يەنە كۆپلىگەن تەقۋادار ۋە ئوقۇمۇشلۇق ئاياللار ياشىغان. ئۇلار بولۇپمۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسلىرىنى توپلاش ۋە ئۇلارنى ئەۋلادتىن ئەۋلادقا يەتكۈزۈشتە زور تىرىشچانلىق كۆرسەتتىشكەن. شۇلاردىن بىرى 1084 ـ يىلى ھىراتتا ۋاپات بولغان ئۇمم فەزل ئەل ـ ھەرمەتىيەدۇر. سىر ـ دې لائوئى، دې بۇرپىسۇنىڭ پەيغەمبەر ھەدىسلىرى، بولۇپمۇ ئەبۇ ھەنبەل مەزھىپى ۋە شۇبھىسىز، ئابدۇللا ئەنسارىي يۆنىلىشىدىكى سۇفىيلىققا قىزىققان «ئاياللار مۇھتى» توغرىسىدىكى گەپلىرى لۇئىس ماسسىگنوننىڭ شەھىد كەتكەن سۇفى ھەللاج ئەتراپىدىكى ھەنبەلىي ئاياللار توغرىسىدىكى ئەسلەتمىلىرىگە تولۇق ماس كېلىدۇ. ھەللاج ئەتراپىدىكى ئاياللار مەسىلەن، زەينەب ئەل ـ كەمەلىيەگە ئوخشاش سۇفىلار ئۇزۇن ۋاقىتلارغىچە ھەللاج ئەنئەنىلىرىنى داۋاملاشتۇرغان. داڭلىق سۇفى ئاياللار توغرىسىدا سۆز بولۇنغاندا 1070 ـ يىلى ۋاپات قىلغان مەرۋلىك كەرىمەنى تىلغا ئالماسلىق زور گۇناھدۇر. بۇ باكىرە سۇفى ئايال، ماسسىگنون تەكىتلەپ ئۆتكىنىدەك، خەدىچە ئەل ـ جەھنىيە تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان «ئاياللار فۇتۇۋۋەتى» (ئاياللار ئالىيجانابلىقى) تەشكىلاتى بىلەن ھەمكارلاشقان. ئاياللارنىڭ بۇ ئۇيۇشمىسى ئەرلەرنىڭ ئۆمرىنى ھەقىقىي ئەركەك سۈپىتىدە چوڭقۇر تائەت ـ ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزۈش غايىلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن ئەرلەر فۇتۇۋۋەتىنىڭ مۇقابىلىدۇر. كەرىمەنىڭ نامى ئەبۇ نەجىب ئەس ـ سۇھرەۋەردىينىڭ بىر قاتار مۇھىم ئەسەرلىرىدە تىلغا ئېلىنغان. ئەبۇ نەجىبنىڭ جىيەنى ئەبۇ ھەفىز ئۇمەر ئەس ـ سۇھرەۋەردىينىڭ ئەسەرلىرىدىمۇ بۇ نامنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ئەبۇ ھەفىزنىڭ كىتابلىرى مۆتىدىل سۇفىلىق توغرىسىدىكى ئەسەرلەر بولۇپ، ئەڭ كۆپ تارقالغان ۋە ئۇلار پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىدا ئۆگىنىلىدۇ. تەقۋادار ۋە ئوقۇمۇشلۇق سۇفى ئاياللار ئارىسىدا شۇھەدە ئىسىملىك خەتتات ئايال ئالاھىدە ئېتىبارغا لايىقتۇر. شۇنىڭدىن يىرىم ئەسىر كېيىن شىمالىي ئافرىقىلىق ساياھەتچى ئىبن بەتۇت دەمەشىق ۋە باغدادتىكى ھەدىس مۇئەللىملىرى توغرىسىدا توختالغىنىدا ئۇمم مۇھەممەد ئائىشە ۋە فاتىمە بىنت تاجىددىننىڭ ناملىرىنى قەيت قىلىپ ئۆتىدۇ.

تەقۋادارلارچە ۋە بولۇپمۇ سۇفىيانە ھايات كەچۈرۈشكە مايىل بولغان ئاياللار سەلجۇقىيلار دەۋرىدە تۈركىيىدىمۇ بولغان. مەۋلانا جەلالىددىن رۇمىينىڭ تەرجىمىھالىدىن مەلۇمكى، ئۇ كونيا ئالىي تەبىقىسىنىڭ ئۇلۇغ خانىملىرى، بولۇپمۇ باش ۋەزىر ئەمىنەددىن مىكائىلنىڭ رەپىقىسى بىلەن ناھايىتى يېقىن مۇناسىۋەتتە بولغان ۋە ئۇلارنىڭ ھۇزۇرىدا ئۆزىنى تولىمۇ ئەركىن تۇتقان. ئېيتىشلىرىچە، رۇمىيدا ھەممە تەبىقىلەرگە مەنسۇپ خوتۇن ـ قىزلارنى ئۆزىگە تارتىدىغان ئاللىقانداق جەزبدارلىق بار بولغان ئىكەن. سەلجۇقىيلار ھۆكۈمدارى غىياسىددىننىڭ رەپىقىسى ھەتتا رۇمىينىڭ سۈرىتىنى ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرگەن ئىكەن. مەشھۇر كىشىلەرنىڭ تەرجىمىھالىنى يازىدىغان قەلەمكەشلەر ھەزرەت رۇمىينىڭ ئىككىنچى رەپىقىسى نەسرانىي ئائىلىسىدىن چىققان كىرا خاتۇنغا «ئىككىنچى رابىيە» ۋە «بىبى مەريەمگە ئوخشاش ئايال» دەپ تەرىپ بېرىشكەن. ئۇنىڭ بالىلىرى ھەزرەت رۇمىينىڭ ئوغلى سۇلتان ۋەلەد تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان مەۋلەۋىيە تەشكىلاتىدا پائالىيەت ئېلىپ

بارغان. سۇلتان ۋەلەدنىڭ قىزىمۇ شۇلار قاتارىدا بولغان. تۈركىي ۋىلايەتلەردە تەشكىللاتنىڭ خوتۇن ـ قىز ئەزالىرى «باجى» ، يەنى «ھەمشىرە، سىڭىل» دەپ ئاتالغان. چۈنكى، «ھەممە مۇئمىنلەر شۈبھىسىز قېرىنداشلاردۇر» (قۇرئان كەرىم، 49 ـ سۈرە 10 ـ ئايەت) .

ئىبنى ئەرەبىينىڭ خوتۇن ـ قىزلارغا مۇناسىۋىتى ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر. ئۇنىڭ يىگىتلىك چاغلىرىدا سېۋىل شەھىرىدە ئۇچراتقان داڭلىق سۇفى ئاياللار توغرىسىدىكى خاتىرىلىرى تولىمۇ زوق ـ شوق بىلەن جانلىق يېزىلغان. بۇ خاتىرىلەردە بەكمۇ نامراتلىقتا ياشىغان فاتىمە بىنت مۇتەننەنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىدۇ. بۇ ئايال تۇرمۇشقا چىقىپ، خېلى چاغقىچە ئېرى بىلەن بىللە ياشايدۇ. ئېرى موخو كېسەللىكى بىلەن ئاغرىپ ۋاپات قىلغاندىن كېيىن تۇل قالىدۇ. ئەندەلوسىيەلىك ئالىم بۇ ئايالنى «پۈتۈن يەر يۈزى ئاھالىسى ئۈچۈن ئاللاھنىڭ ئەۋەتكەن رەھىم ـ شەپقىتى» دەپ تەرىپلەيدۇ ۋە ئاجايىپ بىر مۆجىزىنى رىۋايەت قىلىدۇ. ئېيتىشلىرىچە، بىر ئايال فاتىمەنىڭ ئالدىغا كېلىپ ۋاپاسىزلىق كوچىسىغا كىرىپ كەتكەن ئېرى توغرىسىدا شىكايەت قىلغاندا، فاتىمە بىر دۇئا ئوقۇپ، ئۇ ئەرنى خوتۇنىنى بىر دەم كۆرمىسە تۇرالمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويغان ئىكەن. فاتىمە ئىبنى ئەرەبىينىڭ «رۇھىي، غايىۋى ئانىسى» ھېسابلىنىدۇ. بۈيۈك تېئوسوف ئالىمنىڭ ئانىسىمۇ فاتىمەنى پات ـ پات زىيارەت قىلىپ تۇرغان، دېيىشىدۇ. فاتىمە ناھايىتى كەمبەغەل بولۇشىغا قارىماي، ناھايىتى خۇشال ـ خۇرام ھايات كەچۈرگەن. بەزىدە قولىغا تەمبۇر ئېلىپ ئاللاھ تەئالانىڭ مەرھەمەتلىرىنى جۇش ئۇرۇپ كۈيلىگەن ئىكەن: «ماڭا نەزەر سالغانلىقى ۋە ئۆزىنىڭ دوستلىرىدىن بىرىگە ئايلاندۇرغانلىقى، شۇنىڭدەك ئۆز نىيەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا مېنىڭدىن پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن مەن ئۇ (ئاللاھ) دىن چەكسىز مىننەتدارمەن، مەن كىم ئىدىم، شۇنچە ئادەملەر ئىچىدىن ئۇ مېنى تاللاپتۇ. ئۇ مېنى ناھايىتى كۈنلەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقىنى خىيالىمغا كەلتۈردۈممۇ، بولدى، ئۇ مېنى شۇ ھامان تۈرلۈك بەختسىزلىكلەر بىلەن جازالايدۇ» .

ئىبنى ئەرەبىي فاتىمەنى كۆكلەرگە كۆتۈرۈپ تەسۋىرلەش بىلەن ئۆزىدە ئەۋلىيا سۈپەت ئاياللارغا ئالاھىدە مايىللىق يېتىلدۈرۈپ، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن قاراشقا تەييارلانغان ئوخشايدۇ. ئۇ سېۋىلدا يەنە بىر ئالاھىدە ئېتىبارغا ئىگە ئايالنى ئۇچراتقان ئىدى. بۇ ئايال سەكسەندىن ئاشقان شەمس ئاتلىق موماي بولۇپ، «پۈتكۈل كەمبەغەللەرنىڭ ئانىسى» دېگەن ئۇنۋانغا سازاۋەر ئىدى. ئىبنى ئەرەبىي بۇ مومايىنى «ئىچكىي تۇيغۇ، بىۋاسىتە كۆزىتىش ئۇسۇلى بىلەن كۆپ نەرسىلەرنى ئالدىن بىلىش خىسلىتىگە ئىگە بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ چوڭ سۇفىيلىقىنى، يۈكسەك مەنىۋى دەرىجىسىنى سىر تۇتىدىغان كەمتەر زات ئىدى» دەپ تەسۋىرلەيدۇ. ئىبنى ئەرەبىينىڭ «خاتىرەلەر»ىدە يەنە بىر چۆرە ئايال توغرىسىدىمۇ سۆز بولۇنىدۇ. گەرچە ئۇ ئايالنىڭ نامى ئېيتىلمىغان بولسىمۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ قائىدە ـ يوسۇنلۇق ئىكەنلىكى بىلەن مەشھۇر بولغان. بۇ ئايال كۆز يۇمۇپ ئاچقۇچە دۇنيانىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا بېرىپ كېلەلەيدىغان خاسىيەتكە ئىگە بولغان، تاغۇ تاشلار بىلەن سۆھبەت قۇرغان ۋە ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە «خۇش كېلىپسىزلەر» ئىبارىسى بىلەن مۇراجىئەت قىلغان.

ئىبنى ئەرەبىي شۇ يول بىلەن، يەنى ئالدى بىلەن سېۋىللىق ئاياللار بىلەن ئۇچرىشىپ، مەككىلىك كارامەتچى، ئىلھامبەخش بىر ئايال بىلەن ئۇچرىششقا ھازىرلىق كۆرگەن ئوخشايدۇ. بۇ ئايال مۇقەددەس زىيارەتگاھتىكى ئىبراھىم مەقامى ئىمامىنىڭ قىزى نىزام ئىدى. ئىبنى ئەرەبىي پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن جۇشقۇنلىنىپ ئايەتلەر تىلاۋەت قىلىپ، ھاياجان ئىلكىدە كەئبەتۇللاھنى ئايلىنىپ زىيارەت قىلىۋاتقىنىدا شۇ قىزغا ئۇچراپ قالىدۇ. قىز ئۇنىڭ تىلاۋەتلىرىنى ئاڭلاپ، ئىبنى ئەرەبىينى لال قىلغان ھالدا ئۇلارنىڭ مەنىسىنى يېشىپ بېرىدۇ. بۇ گۈزەل قىز بىلەن ئۇچرىششنىڭ نەتىجىسى سۈپىتىدە ئىبنى ئەرەبىينىڭ «تەرجۇمان ئەل ـ ئەشۋاق» ، يەنى «شەۋق ـ ئېھتىراسلار تەرجىمانى» ناملىق شېئىرلار

www.uyghurkitap.com

توپلىمى ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. توپلامدىكى شېئىرلار ئەرەب ئىشقىي شېئىرىيىتىنىڭ ئەنئەنىۋى ئۇسلۇبىدا يېزىلغان بولۇپ، ئۇلاردا كلاسسىك نەزمىنىڭ ئەنئەنىۋى سىيمالىرى بولغان ئاشىق بىلەن مەشۇقە ئوتتۇرىسىدىكى ئىشق ـ سۆيگۈ كۈيلىنىدۇ. مەلۇم مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن ئىبن ئەرەبىي ئۆزىنىڭ بۇ ئىشقىي شېئىرلىرىغا مىستىك ـ پەلسەپىۋى ئىزاھلار يېزىپ، شېئىرىيەتتە يېڭى بىر يۆنىلىشنى باشلاپ بەردى. بىر ئاز كېيىنرەك پائالىيەت ئېلىپ بارغان سۇفىلار ئۆزلىرىنىڭ مەي ـ ئىشق، ھىجران توغرىسىدىكى دۇنياۋىلىكى روشەن كۆرۈنۈپ تۇرغان شېئىرلىرىغىمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش شەرھلەر يېزىپ، ئۇلارنى ئوقۇلۇشچان قىلىشنى لازىم تاپتى، يا بولمىسا ئەمدى ئىشق، مەي ۋە ھىجرانلارنىڭ مەنىسى كېڭىيىپ، ئاللاھ تەئالاغا بولغان ئىشقنى بىلدۈرۈشكە باشلىدى.

ئىبن ئەرەبىينىڭ «دىۋان»ىدا كېيىنچە يەنە باشقا شېئىرلارمۇ پەيدا بولغان. ئېھتىمال، بۇ شېئىرلار ئۇنىڭ سابىق رەپىقىسىگە بېغىشلانغان بولسا كېرەك، ئەمما بۇ پەرەز تېخىچە ئىسپاتلانمىغان بولۇپ، خېلى ئېنىقسىزلىقلار بار. ھەر ھالدا نىزام ئىبن ئەرەبىينىڭ بېئاترىچاسى[①] سۈپىتىدە نامايان بولىدۇ. شائىرنىڭ مەككىدىكى ھاياتى ئۇنىڭ شاھ ئەسىرى «ئەل ـ فۇتۇھاتەل مەككىيە»، يەنى «مەككىدىكى كەشپىياتلار»نىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىگە زېمىن ھازىرلىدى. مەككىدە ئۇ زەينەب ئەل ـ قەلبىيە ئىسىملىك ئايال بىلەنمۇ ئۇچراشقان. بىر چاغلاردا ئۆزىنىڭ بايلىقى ۋە گۈزەللىكى بىلەن داڭ چىقارغان بۇ ئايال يەنە مەككىگە كۆچۈپ كېلىدۇ ۋە بۇ يەردە تەقۋادار سۇفى سۈپىتىدە تونۇلىدۇ ھەمدە كۆپلىگەن سۇفىلار بىلەن تونۇشۇپ، دوستلىشىپ ئۆتىدۇ. بۇ ئايال نامازنىڭ فەرز، سۈننەت ۋە مۇستەھەبلىرىگە قەتئىي ئەمەل قىلغان ھالدا ئىبادەت قىلىشى بىلەن ئىبن ئەرەبىينى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئېيتىشلىرىچە، ئۇ ئىبادەت قىلىۋاتقاندا چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ، ئىچ ـ ئىچىدىن ئىلاھىي ئايەتلەرنى تىلاۋەت قىلىش نەتىجىسىدە بەدىنىنىڭ ئېغىرلىقى پۈتۈنلەي يوقىلىپ، ئۆي ئىچىدە پەرىگە ئوخشاش ئۇچۇپ يۈرىدىكەن. ئىلمىي تىلدا بۇ ھالەت «پسىخوكىنېز» دېيىلىدۇ. مېنىڭچە، باشقا سۇفى ئاياللاردىمۇ بۇنداق ھالەت يۈز بەرگەن، ئەمما نېمىشقىدۇر ئۇلارنىڭ تەرجىمىھاللىرىدا بۇ ئىشلار خاتىرىلەنمىگەن. ئىبن ئەرەبىينىڭ بۇ ئايال بىلەن بىللە قۇددۇس شەھىرىنى زىيارەت قىلغانلىقى ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتىنىڭ تولىمۇ يۇقىرى بولغانلىقىدىن دالالەت بېرىدۇ. ئەندەلۇسىيىلىك بۇ بۈيۈك ئالىم ھەممە خوتۇن ـ قىزلارغا نىسبەتەن ئالاھىدە ھۆرمەت ـ ئېتىبار بىلەن مۇناسىۋەتتە بولغان. ئالىم ئۆزىگە ئاللاھ تەئالا تەرىپىدىن «بارچە ئەۋلىيالار مۆھرى» دېگەن ئۇنۋان، دەرىجە بېرىلگەنلىكتىن خەۋەردار بولغان ياكى ھېچبولمىغاندا بۇنى ھېس قىلغان. ئۇنىڭدا ئاللاھتىن بىراۋلارنىڭ بىلىپ ـ بىلمەي قىلغان گۇناھلىرىنىڭ مەغپىرەت قىلىنىشىنى سورىۋېلىش، ئۇلارنىڭ تەرىپىنى ئېلىش ئىقتىدارى بولغان. قىزىقى شۇكى، ياشلىق چاغلىرىدىن تارتىپلا ئۇ بىرىنچى بولۇپ تەرىپىنى ئالغان، ئاللاھ تەئالادىن گۇناھلىرى كەچۈرۈلۈشىنى ئىلتىماس قىلغان كىشىلەرنىڭ ھەممىسى خوتۇن ـ قىزلار ئىدى. بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىككىلا سىڭلىسى، سابىق رەپىقىسى ۋە تۆتىنچى خوتۇنى شۇ سائادەتكە مۇشەررەپ بولۇشقان. ئىبن ئەرەبىي سۇفىلىق يۆنىلىشىدە ئون بەش كىشىگە خىرقە، يەنى سۇفىلار كىيىمىنى كىيدۈرگەن بولۇپ، شۇلارنىڭ ئون تۆتى خوتۇن ـ قىزلار بولغان. چۈنكى، خۇددى مەۋلانا جامىي تەكىتلىگىنىدەك، مەنىۋى ھاياتنىڭ ھەممە ساھەلىرىدە ئاياللارنىڭ يۇكسەك دەرىجىگە ئېرىشىشلىرى مۇمكىنلىكىگە ئالىمنىڭ ئىشەنچى كامىل بولغان. ئاياللار ئەۋلىيالىق باسقۇچلىرىنىڭ ئەڭ يۇقىرى بالدىقى بولغان «قۇتب» ياكى «ئۆزەك» دەرىجىلىرىگىمۇ ئېرىشىشلىرى مۇمكىن. ئىبن ئەرەبىي ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاياللارغا يۇكسەك ھۆرمەت ـ ئېھتىرام كۆرسەتتى، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ

① بېئاترىچا —— ئىتالىيە شائىرى ئا. دانتېنىڭ «ئىلاھ كومېدىيىسى» دىكى باش قەھرىمان قىزنىڭ نامى.

ئەمىر ـ مەرۇپلىرى ھەمدە بايان ـ نوتۇقلىرىغا قاتنىشىشىغا رۇخسەت بېرىپ، ئۇلارغا مۇرەببىيلىك قىلدى.

خوش، شۇ دەۋرلەردە سۇفىلىق يولىغا يېقىنلاشماقچى بولغان ۋە ھەتتا ئۇلارغا قېتىلىپ كەتمەكچى بولغان ئائىلىلەرنىڭ ھاياتى قانداق ئۆتكەن؟ بىرىنچىدىن، ئەگەر ئۇلار باي بولغان بولسا، سۇفىلىق جامائەلىرىگە ھامىيلىق قىلىپ، پىرى مۇرشىد ۋە خەلىپىلەرنى ماددىي رىغبەتلەندۇرۇپ، ئۇلارغا تۇرالغۇ ھەمدە يېمەك ـ ئىچمەك بېرىپ تۇرۇش ئىمكانىيىتى بولغان. ئۇستاز ۋە خەلىپىلەر بولسا مىننەتدارلىق تەرىقىسىدە ئۇلارنىڭ خۇدا مەرھەمىتىگە ئېرىشىشىنى تىلەپ دۇئا قىلىشقان. مىھەنەدىكى (شەرقىي ئىراندا) ئەبۇ سەئىد ئەبۇل خەير جامائەسىنىڭ ھامىيلىرى، بولۇپمۇ كۆزگە سۇرۇلىدىغان مەلھەم تەييارلىغۇچى بىبى نىشى ئەنە شۇلار جۈملىسىدىندۇر. دەسلەپكى چاغلاردا بۇ ئائىلە بىر ئاز ئىككىلىنىپ سۆرەلمىلىك قىلىپ يۈرگەن بولسىمۇ، كېيىنچە جامائەگە پۈتۈنلەي قوشۇلۇپ كەتكەن. كۆپلىگەن ۋىلايەتلەردە ئائىللار خۇددى دەسلەپكى چاغلاردىكىدەك ئەركەكلەر بىلەن بىللە زىكرىگە چۈشۈشكەن. بەزى جامائەلەرنىڭ يىغىنخانىلىرىدا بولسا (مەسىلەن، قاھىرەدىكى رىفەئىيە ياكى ئوسمانلى تۈرك ئىمپېراتورلۇقىدىكى مەۋلەۋىيلەر جامائەلىرى) شۇ مەقسەتكە مۆلچەرلەنگەن ئائىللار بۆلۈملىرى بار بولغان. باشقا ۋىلايەتلەردە بولسا ئائىللار زىكرنى شۇ يەرگە يېقىن جايدىكى ئۆيدە ياكى ئۆگزىدە تۇرۇپ تاماشا قىلىشقان. دەرۋىشلەرنىڭ پەقەت بىرلا تەرىقىتىدە، يەنى تۈركىيىدىكى بېكتاشىيلار تەرىقىتىدە ئائىللار ھەممە پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ قاتناشقان. بۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇمكى، بېكتاشىيلارنىڭ مەنىۋى بۇزۇقلۇقتا ئەيىبلىنىشىگە سەۋەب بولغان (بۇنداق ھالەتلەر بەيئەت، يەنى قەسەمياد قىلىنىۋاتقاندا ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش پائالىيەتلەردە پىرى مۇرشىدنىڭ بولغۇسى سۇفى ئائىل بىلەن بىر ئۆيدە خېلى ئۇزاق تۇرۇپ قالغان چاغلىرىدىمۇ يۈز بېرىپ تۇرغان). ياقۇب قەدرىي قارائوسمان ئوغلى ئۆزىنىڭ 1922 ـ يىلى ئىستانبۇلدا چاپ قىلىنغان «نۇر بابا» رومانىدا بېكتاشىي تەرىقىتىنىڭ ياش بىر ئۇستازىنىڭ ئائىللارنى قانداق قىلىپ يولدىن ئازدۇرغانلىقىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن. رومان بېسىلىپ چىقىپ ئۈچ يىلدىن كېيىن تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ رەھبىرى ئاتا تۈرك ھەممە دەرۋىشلىك جامائەلىرىنى تاقاۋەتتى. بىراق، ئىسلام دۇنياسىنىڭ زامانىۋى ئىجتىمائىي ـ تەنقىدىي ئەدەبىياتىدا بۇ ماۋزۇ ساقلىنىپ قالدى.

ئوتتۇرا ئەسىرلەردە باغداد، مەككە، مەدىنە، سۈرىيە ۋە قاھىرەلەردە بىر قاتار سۇفى خوتۇن ـ قىزلار جامائەلىرىنىڭ پائالىيەت ئېلىپ بارغانلىقى مەلۇم. بۇنداق تەشكىلاتلارنىڭ ئۈچى، يەنى رەبات ئەز ـ زەھىرىيە، دەر ئىبىن ئەز ـ زەئۇدە ۋە رەبات بىنىت ئەت ـ تاج مەككە شەھىرىدە بولغان. ئىسلام ئالەمىنىڭ شۇ چاغلاردىكى مەركىزى سانالمىش باغداد شەھىرى بولسا دەجلە (تىگر) دەرياسىنىڭ غەربىي قىرغىقىدا بىر ئائىل تەرىپىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان دارۇلفەلەك جەمائەسى بىلەن مەشھۇر بولغان. 1177 ـ يىلى ۋە 1127 ـ يىللىرى بۇ يەردە يەنە ئىككى جامەئە بارلىققا كېلىدۇ. ئەبباسىيلار خەلىفىلىكى ئىنقىرازغا يۈزلىنىشتىن تۆت يىل بۇرۇن، يەنى 1254 ـ يىلدا ئاخىرقى خەلىفە سۇفى ئائىللارغا ئاتاپ يەنە بىر رابات قۇردۇرغان ۋە ئۆز قىزىنى بۇ يەرگە رەھبەر قىلىپ بېكىتكەن (بۇ راباتلار ۋە خوتۇن ـ قىزلار جامائەلىرى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار بىلەن تونۇشقىنىمىزدا، ئىختىيارسىز تۈردە ياۋروپادىكى خوتۇن ـ قىزلار موناستىرلىرى كىشىنىڭ ئېسىگە كېلىدۇ). يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان جامەئەلەرنىڭ رەئىسەلىرى پەند ـ نەسىھەت قىلىپ ۋەز ئېيتىشقان، ناماز ئوقۇغاندا ئائىللارغا ئىماملىق قىلىشقان ھەمدە سۇفىيانە دانىشمەنلىككە ئېرىشىشتە ئۇلارغا رەھنەمالىق قىلىشقان. ئەلۋەتتە، بۇ راباتلار تۇل قالغان ياكى ئېرىدىن ئاجراشقان، تالاق قىلىنغان ئائىللار ئۈچۈن قونالغۇ بولۇپمۇ خىزمەت قىلغان. تالاق قىلىنغان خوتۇنلار بۇ يەرلەردە ئۈچ ئاي ئون كۈن تۇرۇپ «ئىددە» مۇددىتىنى توشقازغان، چۈنكى

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

«ئىددە» توشمىغۇچە مۇسۇلمان ئاياللارنىڭ باشقا ئەرگە تېگىشىگە ھەققى يوق (قۇرئان كەرىمنىڭ 65 ـ سۇرە 4 ـ ئايىتىدە ئېيتىلىشىچە، تالاق قىلىنغان ياكى ئېرى ئۆلۈپ تۇل قالغان ئاياللارنىڭ ھامىلىدار ياكى ھامىلىدار ئەمەسلىكىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئۈچ ئاي ئىددە ساقلاشلىرى لازىم. ئۇلار بويىدا يوقلۇقى ئېنىقلانغاندىن كېيىنلا باشقا ئەرگە تېگىشكە ھەقلىقتۇر، ئەگەر بويىدا بولسا بالا تۇغۇلۇپ، تۇغۇت مۇددىتى توشقاندىن كېيىن تۇرمۇشقا چىقىشقا بولىدۇ). ئىنتايىن تەقۋادار ئاياللار بولسا ئەڭ يېقىن ئائىلە ئەزالىرىدىن بۆلەك ھېچكىم بىلەن كۆرۈشمەي، ئۆيىدە ئىددە ساقلايدۇ ۋە بۇ مۆھلەتنى ناماز ئوقۇش ھەم چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈش (مېدىتاتسىيە) بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. پاكىستاندىكى كۆپلىگەن مۇتەئەسسىپ (كونسېرۋاتىف) ئائىلىلەردە بۇ ئادەت ھازىرقى كۈنلەرگىچە ساقلىنىپ قالغان. كاراچى شەھىرىدە ئۆزۈم شۇنداق بىر ھالەتنىڭ گۇۋاھچىسى بولغانمەن. تارىختىن مەلۇمكى، جامائەگە رەھبەرلىك قىلىش ئەۋلادتىن ئەۋلادقا مىراس بولۇپ كەلگەن. داڭلىق سۇفى ئەھمەدىي جامىنىڭ قىز نەۋرىسى قىرىق كۈنلۈك ئېتىكاپنى بوۋىسىنىڭ جامائەسىدە ئۆتكۈزگەن.

مىستىك شائىر ئەۋھەدىددىن كىرمانىينىڭ نەۋرىسى شەيخ ئايال ھەمدە ھاپىزە، يەنى قۇرئان كەرىمنى ياد بىلگەن ئەمىنە خاتۇن دەمەشقتە پائالىيەت ئېلىپ بارغان. ئەمما، ھەرقانداق ئوقۇمۇشلۇق سۇفى خوتۇن ـ قىزلار ئۇنتۇلماسلىقى كېرەككى، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ھىندىستاننىڭ بۇرھانپۇر شەھىرىدە ئىستىقامەت قىلغان بىبى رەشتىي ئالاھىدە ئېتىبارغا لايىقتۇر. ئۇ ئوتتۇرا ئەسىرلەردە پۈتۈلگەن پارس مىستىك مەتنىلىرى مۇتەخەسسىسى بولۇپ، بىرىنچى نۆۋەتتە فەخرىددىن ئىراقىي ئەسەرلىرىنى شەرھلىگەن. بىبى رەشتىي ئىزاھلاپ بەرگەن ئەسەرلەردىن بىرى ئىراقىينىڭ «لەمئەزەت»، يەنى «نۇر جۇلالىرى» ئەسىرى بولۇپ، ئۇنىڭ يېرىمى نەسىر، يېرىمى نەزم شەكلىدە پۈتۈلگەن. بۇ ئەسەردە ئىبن ئەرەبىينىڭ كۆپلىگەن غايىلىرى ئۆز ئەكسىنى تاپقان. شۇ سەۋەبتىن ئۇ سۇفىيانە ئىشق توغرىسىدىكى گۈزەل، جەزبدار ئەسەرلەرنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. 17 ـ ئەسىرنىڭ 30 ـ يىللىرىدا بابىرىي ئىمپېراتورلۇقىنىڭ ھۆكۈمدارى شاھ جاھان (1628 ـ 1658) نىڭ چوڭ قىزى فاتىمە جاھانئارا ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسى، ۋەلىئەھد دارا شىكاھ سۇفىلىق تەرىقىتىگە قوبۇل قىلىنىدۇ.

شاھنىڭ پەرزەنتلىرىنى لاھور شەھىرىدە ئىستىقامەت قىلغان ۋە 1635 ـ يىلى ۋاپات بولغان مىيان مىر ئىسىملىك ئەۋلىيا سۇفىيلىققا كىرىشكە ئىلھاملاندۇرغان. ۋەلىئەھد شاھزادە ئۆز كۈندىلىكلىرىنىڭ ئالاھىدە بىر بابىنى مىيان مىرنىڭ ئەۋلىيا سۈپەت سىڭلىسى بىبى جامال خاتۇنغا بېغىشلىغان. مەلىكە فاتىمە جاھانئارا سۇفىلىق تەرىقىتىدە شۇنچىلىك زور مۇۋەپپەقىيەتلەرگە ئېرىشكەنكى، ئۇنىڭ ئۇستازى، مىيان مىردىن مۇرشىدلىقنى مىراس قىلىپ ئالغان مۇللاشاھنىڭ ئېيتىشىچە، تەرىقەت قانۇنلىرى يول قويغىنىدا ئىدى، ئۇ مەلىكىنى ئۆزىدىن كېيىن ھېچ ئىككىلەنمەستىن مۇرشىدلىققا بەلگىلىگەن بولار ئىكەن. بۇ توسقۇنلۇققا قارىماستىن، مەلىكە ئۆمۈر بويى سۇفىيلىققا سادىق بولۇپ قالدى. ئانىسى مۇمتاز بېگىم ۋاقىتسىز ۋاپات قىلغاندىن كېيىن (ھىندىستاندىكى مەشھۇر تاجمەھەل مەقبەرىسى ئۇنىڭ شەرىپىگە قۇرۇلغان) ئۇ مەملىكەتتىكى «بىرىنچى خانىم»غا ئايلاندى.

مەلىكە جاھانئارا ۋە ئۇنىڭ ئۇكىسى ۋەلىئەھد شاھزادە سۇفىيلىقنىڭ قادىرىيە يۆنىلىشىگە قوبۇل قىلىنغان ئىدى. بۇ يۆنىلىشنىڭ باش قارارگاھى دەسلەپ جەنۇبىي ھىندىستاندا بولۇپ، كېيىن پەنجاب ۋىلايىتىگە كۆچۈرۈلگەن. شاھ ئائىلىسىنىڭ باشقا ئەزالىرى بولسا چىشتىيە يۆنىلىشىگە مايىل بولۇشقان. بىر كۈنى بىر پالاكەت تۈپەيلى مەلىكىنىڭ بەدىنىنىڭ كۆپ جايلىرى كۆيۈپ قالىدۇ. ساقايغاندىن كېيىن ئۇ ئائىلە ئەنئەنىلىرى بويىچە راجەستاندىكى ئەجمەرنى زىيارەت قىلىدۇ، چۈنكى مەلىكىنىڭ چوڭ بوۋىسى ئەكبەر شاھمۇ بۇ يەرنى پات ـ پات زىيارەت قىلىپ تۇرغان. ئەجمەر شەھىرى ھازىرقى كۈنلەردىمۇ چىشتىيە سۇفىيلىرىنىڭ باش قارارگاھى سانىلىدۇ، چۈنكى تەرىقەت ئاساسچىسى ھەزرەت مۇئىنىددىن

چىشتىي شۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان. مەلىكىنىڭ ئۆز پىرىغا بېغىشلاپ پارس تىلىدا يازغان تەرجىمىھالى برىتانىيە دۆلەت كۇتۇبخانىسىدا قولىيازما شەكلىدە ساقلانماقتا. فاتىمە جاھانئارا 1681 ـ يىلى ۋاپات قىلغان ۋەنىزامىددىن ئەۋلىيا مەقبەرىسىنىڭ ھويلىسىـــغا دەپنە قىلىنغان. مەلىكە مىستىك ئەدەبىيات ھامىيسى سۈپىتىدە كۆپلىگەن كلاسسىك ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلدۇرۇپ، ئۇلارغا شەرھلەر يازدۇرغان. مەلىكىنىڭ جىيەنى، يەنى ئۇنىڭ ناھايىتى مۇتەئەسسىپ ئۆكىسى دارا شىكاھنى كاپىرلىقتا ئەيىبلەپ قەتل قىلدۇرغان ئاكىســـى ئەۋرەڭزىبنىڭ قىزى زېبۇننىسامۇ سۇفىلىق ۋە شېئىرىيەتكە مايىل بولغان. ھۆكۈمدارنىڭ باشقا قىزلىرى دېھلىدىكى سۇفىلارنـــى سوۋغا ـ سالاملار بېرىش، ئۇلارنـــى ماددىي رىغبەتلەندۈرۈش بىلەن تونۇلغان. زېبۇننىسانىڭ سىڭلىسى زىينەتۇننىسالا ئەمەس، بەلكى ئىسلام دۇنياسىنىڭ باشقا ئاقىلە، تەقۋادار خانىملىرىمۇ ئۆز ھېسابلىرىدىن مەسچىـــد، مەدرىسلەر قۇردۇرۇپ داڭ چىقىـــرىشقان. ئەھمەد ئاباد (گۇجەرات) ۋە دېكاندا ئۇلار قۇردۇرغان مەسجىتلەر ھازىرقى كۈنلەردىمۇ قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. كۆپلىگەن مۇقەددەس جايلاردا خوتۇن ـ قىزلار ئىچكىرىسىگە كىرگۈزۈلمىسىمۇ، تاشقىرىدا، دېرىزە يېنىدا تۇرۇپ ئەۋلىيالارنىڭ قەبرىلىرىگە نەزەر سېلىپ، دۇئائى فاتىھە قىلىشلىرى مۇمكىن. شۇنىسى قىزىقكى، ئۇلار بۇ ئەمەللەرنى جان ـ دىلى بىلەن بېرىلىپ، ناھايىتى ئاكتىپلىق بىلەن بېجىرىشىدۇ. ئۇلار ئۆتمۈشنىڭ خاتىرىلىرى بولغان مۇقەددەس نەرسىلەرنى، مەسىلەن، بىجاپۇردىكى «ھەزرەتبەل»نى، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسەلامنىڭ چاچ تالاسىنى قۇرئان تىلاۋەت قىلغان ھالدا زىيارەت قىلىشىدۇ. ھەزرەت مۇئىنىددىن چىشتىينىڭ مەقبەرىسىدە خاتىرە كۈنلىرى ھەزرەتنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بىرى بولغان بىر قىز يېنىپ تۇرغان شامنى زىيارەتكە كەلگەن خوتۇن ـ قىزلارنىڭ باشلىرى ئۈستىدە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ ۋە كېيىن ئايلاندۇرۇپ چىقىدۇ. شام قەبرە ئۈستىگە قويۇلغاندىن كېيىـــن ئاياللارمۇ مەقبەرىگە كىـــرگـــۈزۈلىدۇ. بـــۇنىڭغـــا ئـــوخشـــاش رەســـم ـ يوسۇنلار ھازىرقـــى كۈندە باشقا زىيارەتگاھلاردىمۇ بار. ئەمما بەزى ھۆكۈمدارلار، مەسىلەن، 1351 ــ 1388 ـ يىللىرى ھۆكۈمرانلىق قىلغان فىرۇزشاھ تۇغلۇق ۋە 1489 ــ 1517 ـ يىللىرى ھۆكۈم سۈرگەن ئىسكەندەر لودىيلار غەيرىي دىنىي ھەمدە ئىسلامىي ئەدەب ـ ئەخلاق قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان رەسىم ـ يوسۇنلارنى يوقىتىش مەقسىتىدە ئاياللارنىڭ ئەجمەر ۋە باشقا جايلاردىكى زىيارەتگاھلارغا كىرىشىنى چەكلەپ قويغان. چۈنكى بەزى مەنبەلەردىن مەلۇمكى، بالا يۈزى كۆرمىگەن خوتۇن ـ قىزلارنىڭ زىيارەتگاھ خادىملىرى تەرىپىدىن ئالدىنىشى ۋە ئانا بولۇش ئارزۇسى ناھايىتى كۈچلۈك بولغانلىقى ئۈچۈن، خادىملارنىڭ گېپىگە ئالدىنىـــپ زىنا قىلغانلىقلىرى ئېنىقلانغان.

مەشھۇر تەنقىدچى ر. بـــۇرتـــون ئـــۆزىـــنىڭ سىنـــد ۋىـــلايىتـــى تـــوغـــرىسىدىـــكى ئـــەســـرىدە (1853 ـ يىلى) يېزىشچە، سىندلىكلەر «ئاجىزەلەرنىڭ دىن يولىدا چەككەن زەھمەتلىرى»نى يۈكسەك باھالايدىكەن. ر. بۇرتون فاتىمە ھەجەرانىينىڭ نامىنى ئالاھىدە تەكىتلەيدۇ. بۇ ئايال مۇرشىد دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن. خەلق بۇنداق ئاياللارنـــىڭ مەقبەرىلىرىگە رومانتىك ناملار بېرىپ، خاتىرىسىنى ھۆرمەتلەيدۇ. ئانادولىدا شۇنداق ئىككى قەبرە بار بولۇپ، ئۇلاردىن بىرى «پىشىلى سۇلتان»، يەنى «مۇشۇك كۆتۈرگەن خانىم» ۋە ئىككىنچىسى «قارياغدى سۇلتان»، يەنى «قار ياغدى خانىم» دەپ ئاتىلىدۇ. كۆپلىگەن جايلاردا بىر توپ ئاياللار بىللە دەپنە قىلىنغان قەبرىلەرمۇ بار. شۇلاردىن بىرى «ھەفت ئەفىفە»، يەنى «يەتتە باكىرە قىز» دۇر.

ئېيتىشلىرىچە، دۈشمەن باستۇرۇپ كەلگەن چاغدا ئۇلار تۇتقۇنلۇققا چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن، يەر قەرىگە كىرىپ كېتىشكەن ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا، خەۋپ ـ خەتەر تۇغۇلغاندا نومۇسىنى پاك ساقلاش نىيىتىدە دۇئا ئوقۇپ يەر تېگىگە شۇڭغۇپ كىرىپ كەتكەن ئاياللارنىڭ

ئالاھىدە قەبرىلىرىمۇ ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئاجايىپ كۇچلۇك تەقۋادارلىقى تۇپەيلى باشقىلارغا ئۈرنەك بولۇش دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئاددىي ئاياللار توغرىسىدىكى خۇددى مەشھۇر سوفى زۇننۇن ھېكايىلىرىگە ئوخشايدىغان رىۋايەتلەرمۇ خېلىلا بار. شۇ مەنىدە شىمالىي ئافرىقىلىق ساددا دىل قىز لەللە مەيمۇنە توغرىسىدىكى رىۋايەت ھەقىقەتەن ئاجايىپ تەسىرلىكتۇر. ئۇنىڭدا ئېيتىلىشىچە، كېمە باشلىقى قىزغا بىر دۇئانى ئۆگەتمەكچى بولىدۇ، ئەمما قىز دۇئادىكى سۆزلەرنى يادلىيالمايدۇ. نىھايەت، يەلكەنلىرى كۆتۈرۈلگەن كېمە قىرغاقتىن ئۇزاقلىشىشقا باشلىغاندا، قىز سۇ يۈزىدە يۈگۈرۈپ بېرىپ كېمە باشلىقىدىن دۇئانى يەنە بىر قېتىم تەكرارلاشنى ئىلتىماس قىلىدۇ. قىزنىڭ دۇئانى ئۆگىنىۋېلىشقا بولغان ئىشتىياقىنىڭ شۇ قەدەر كۇچلۇك ئىكەنلىكىنى كۆرگەن دېڭىزمۇ ئۇنى ئۆز قەرىگە يۇتۇپ كەتمەيدۇ، دۇئانى ئاخىرقى قېتىم ئىشتىپ ئۆگىنىۋېلىپ، قىرغاققا قايتىپ چىققۇچە ئۇ قىزنى سۇ ئۆزىنىڭ ئۈستىدە كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

تەخمىنەن 1200 - يىللىرى شىمالىي ھىندىستاننىڭ ئىندارپات شەھىرىدە ياشىغان «ئىچكى بىر نۇرانىلىكى بىلەن باشقىلاردىن ئاجرىلىپ تۇرغان» فاتىمە توغرىسىدىكى گەپلەر، يەنى «كىمەرسكى بۇ ئايالنىڭ قەبرى بېشىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ تىلەكلىرىنى ئېيتىپ دۇئا قىلسا، دۇئالىرى قوبۇل بولغاي» دېگەن سۆزلەر مېنىڭچە، سوفى ئاياللارنىڭ كۆپچىلىكىگە ئەينەن ماس كېلىدۇ. فاتىمەنىڭ پەقەت ئايرىم تەقۋادار زاتلارغىلا مەلۇم بولغان ئاجايىپ قەبرى نىزامىددىن ئەۋلىيانىڭ مەقبەرىسىدىن ئۇنچىلىك ئۇزاق بولمىغان جايدىدۇر. شۇنىسى قىزىقكى، بۇ قەبرىنى پەقەت مۇسلىمەلەرلا ئەمەس، بەلكى يەنە شۇ قاتاردا ھىندەۋىيلىك دىنىدىكى ئاياللارمۇ زىيارەت قىلىشىدۇ ۋە ئۇ يەردىن دەردلىرىگە مەلھەم، قىيىن ئىشلىرىغا ئاسانلىق تاپىدۇ. ئىسلام دۇنياسىدىكى تەقۋادارلار، زاھىدلار ۋە سوفىلار ھاياتىغا مايىل بولغان ئاياللار تۈرلۈك - تۈمەندۇر. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بۇ دۇنيا ھاياتىغا ئومۇمەن قىزىقمىغان، ئۆزلىرىنى ناھايىتى كۆپ نەرسىلەردىن چەكلىگەن زاھىدلىق ۋە دانىشلىققا مايىل بولغان خوتۇن - قىزلار، سارايدىكى بۇرچ - ۋەزىپىلىرىنى ئۆتەش بىلەن بىر قاتاردا دىنىي ئەسەرلەرنىمۇ ئوقۇپ - ئۆگىنىشنى جان - دىلىدىن سۆيگەن مەلىكىلەرمۇ بار بولغان.

شۇ ئەسنادا، بۇ ئاياللار ئارىسىدا ئۆزلىرىنىڭ «بەرىكە» سى، يەنى مۇستەجەب (ئىجابەت) بولىدىغان دۇئالىرى ياردىمىدە ئەسىرلەر بويى مىڭلاپ - ئون مىڭلاپ ئاياللارنىڭ دەردلىرىگە مەلھەم، كۆڭۈللىرىگە ئاسايىش بەخش ئەتكەن، لېكىن ئىسىملىرى كەمدىن - كەم ھاللاردىلا ئۇلارنىڭ سوفىلىق خىسلەتلىرىگە ئىگە ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىدىغان ئەۋلىيا سوپەت موماىلار ۋە ياش ئاددىي قىزلارنىڭمۇ بولغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتمەك جائىزدۇر. ھازىرقى كۇنلەردىمۇ خاھ شەھەر، خاھ يېزىلاردا بولسۇن، خوتۇن - قىزلار ئۆزلىرىنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يەنىلا ئاشۇنداق كارامەتلىك، خىسلەتلىك ئاياللارغا مۇراجىئەت قىلىشىدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇنداق ئاياللارنىڭ ھېچبولمىغاندا ئۆزلىرىگە مەنىۋى ياردەم بېرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، كۆڭۈللىرىگە تەسكىن - تەسەللىي بېرەلەيدىغان ئەۋلىيا سوپەت سوفى ئاياللار سىيماسى، ئۇلارنىڭ تىرىك ياكى ئالىلقاچان ۋاپات بولغانلىقىدىن قەتئىينەزەر، مۇسۇلمانلار ئۈچۈن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگىدۇر.

ئۆزبېكچە «جەھان ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 1999 - يىل 5 - سانىدىن
ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: يۇنۇس ئىلياس ئىدىقۇتلۇق

# «گۇلزارى بىنىش»نىڭ داۋامى توغرىسىدا مۇلاھىزە

پەخرىددىن ئىمىن

«گۇلزارى بىنىش» ناقىسنىڭ ۋەكىللىك ئەسىرى، شۇنداقلا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تارىخىدىكى ئالاھىدە ئەسەر بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇنىڭ تاسادىپىي بىر ئەھۋالدا تۈگەللەنمەي قېلىشى كىشىنى تولىمۇ ئەپسۇسلاندۇرىدۇ.

ناقىس 1843 ـ يىلى تۇغۇلۇپ 1922 ـ يىلى ۋاپات بولغان. ئۇ 80 يىللىق ھاياتىدا ھەرخىل مەزمۇندىكى نۇرغۇن ئەسەرلەرنى ئىجاد قىلغان بولۇپ، تەتقىقاتچىلارنىڭ كۆرسىتىشىچە «گۇلزارى بىنىش» نى ئۇ 1889 ـ، 1890 ـ يىللاردا ھازىرقى ھالەتكە كەلتۈرگەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە بىرمۇنچە ئەسەرلەرنى يازغان. جۈملىدىن «دىۋانى بىنىش» نامى بىلەن تونۇلغان شېرلار توپلىمىمۇ «گۇلزارى بىنىش» تىن كېيىن يېزىلغان① . قىسقىسى، «گۇلزارى بىنىش» ئىجاد قىلىنىپ، شائىر ۋاپات بولغانغا قەدەر ئارىدىن ئوتتۇز يىل ۋاقىت ئۆتكەن. مۇشۇ ئوتتۇز يىل ئىچىدە ناقىس «گۇلزارى بىنىش» قا قايتا قەدەم تەشرىپ قىلغانمۇ ـ يوق؟ بۇمۇ ناقىس تەتقىقاتىدىكى بىر مۇھىم تېما بولۇشقا نېگىشلىك. «گۇلزارى بىنىش» نىڭ ھازىرقى ھالەتتە توختاپ قېلىشىغا زادى قانداق ئىش سەۋەب بولغان؟ بۇ ھەقتە ئويلىنىش ۋە مۇلاھىزە قىلىش، تەھلىل ۋە تەتقىق ئېلىپ بېرىش ھەرگىز بىھۇدە ئىش ئەمەس.

«گۇلزارى بىنىش» نىڭ داۋامى توغرىسىدا كىشىلەرنىڭ ئويىدا خىلمۇ خىل پەرەزلەر پەيدا بولۇشى مۇمكىن. ناقىسقا بولغان ھەقىقىي ئىخلاسنىڭ ھەيدەكچىلىكى بىلەن مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ بۇ ھەقتىكى بىرقانچە پەرەزلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن. شۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىرەرسى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن چىقىپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

بىرىنچى پەرەز، «گۇلزارى بىنىش» ناقىسنىڭ ئىچكى ئىلھامىنىڭ تەقەززاسى بىلەن ئەمەس، بەلكى تاشقى مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەتنىڭ تۈرتكىسى بىلەن دۇنياغا كەلگەن. بۇ خىل تاشقى مەجبۇرىيەت ۋە مەسئۇلىيەت ناقىسنىڭ «گۇلزارى بىنىش» ئۈچۈن مېھنەت سىڭدۈرۈشىدىكى ئاساسىي سەۋەبتۇر. داستاندا مۇنداق بايانلار بار:

ئۆتۈپ مۇنداغ نەچە يىللار، نەچە ئاي،
كېلىپ دېدى ماڭا بىر ئاشىنا باي:
«ئالىپ ئېردىم بىرەۋدىن بىر كىتابى
ئىشىتمەي سۆزلەرىن بولدۇم كەبابى.

نەچە كۈنلەر ئۆتۈپ كەتتى ئارادىن
يەنە بىر كۈن كىرىپ كەلدى تالادىن.
داغى قىلدى ئۆزى ھالىنى ئىزھار،
دېدىم ئاخىر ئاڭا: «مەندە نەھەد بار»

.......................

.......................

ئەگەر بۇ خەستەگە ئەيلەپ تەرەھھۇم،
بۇ فارسىي تۈركىيغە بولسە تەرجۇم».

بولۇپ ياندى بۇ سۆزدىن ئەسرۇ ـ مەئيۇس،
كى يارىلغان كەبى كۆڭلى ئارا كۈس.

.......................

.......................

ئانىڭ چۈن نەسرى ئېردى مۇددەئاسى،
ماڭا تۈشمەي قەبۇلىنىڭ ھەۋاسى.

تۇرۇپ بىر كۈن خەيال ئەتتىمكى مۇنداغ:
نى دەپ قويدۇم ئۇ باينىڭ كۆڭلىگە داغ؟

---

① مېنىڭ بۇ ھەقتىكى تەھلىلىم «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2000 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «گۇلزارى بىنىش» تىكى ناقىس ھاياتىغا مۇناسىۋەتلىك مەزمۇنلار ناملىق ماقالىدە ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

www.uyghurkitap.com

ئىدى ئول باينىڭ ئاتى داۋۇد ئاخۇن،
ئېزىلگەندۇر ئانىڭ كۆڭلىدە ئەفيۇن.
دېمەي، ئەندى ئەڭا بىر جەھد ئەيلەي،
زېرىكمەسلىككە ئاۋۋال ئەھد ئەيلەي.

......................
بۇ قاتىغ يولغە ئېرسە ئولدۇم ئازىم،
يېتەرگە فىكرەتىم ھەم بولدى جازىم …

يۇقىرىقى مىساللاردىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ناقىسنىڭ ئەزەلدىن «باھارى دانىش» ھېكايىلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش ئويى بولغان ئەمەس. بىراق، تاسادىپىي بىر ئەھۋالدا، يەنى ئۇنىڭ ئىخلاسمەن بۇرادىرى داۋۇدئاخۇن باينىڭ قايتا ـ قايتا ئىلتىماس قىلىشى بىلەن دوست ـ بۇرادەرلىرىنىڭ ھاجىتىدىن چىقىشنى مەجبۇرىيەت، دەپ بىلگەن ناقىس يۈكسەك مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى بىلەن يېڭى بىر ئىجادىي ئەمگەك ئۈچۈن بەل باغلايدۇ، لېكىن ئۇ دەسلەپتە ئىشنى بۇرادىرى داۋۇدئاخۇن باينىڭ مۇددىئاسى بويىچە «باھارى دانىش» ھېكايىلىرىنى نەسرىي شەكىلدە تەرجىمە قىلىشتىن باشلايدۇ ۋە شاھزادە جاھاندار ۋەقەلىرىنى 4 ـ ماۋزۇغا قەدەر تەرجىمە قىلىپ تۈگىتىدۇ. بۇ چاغدا ناقىسنىڭ باشقا بىرقانچە مۇخلىسلىرى ئەسەرنىڭ تەرجىمىسىنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ناقىسقا ئەسەرنى تېخىمۇ مۇكەممەلرەك ئىشلەپ چىقىش توغرىسىدا ئىلتىماس تەرىقىسىدە مەسلىھەت بېرىدۇ. «گۈلزارى بىنىش» تا بۇ مەزمۇن تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىنغان:

بۇ يەڭلىغىكىم، مۇنىڭ يۇقارىسىنى،
ئالىندى تۈركىي تىلغە فارسىينى.
مۇسەننىف نۇسخەسىنى ئەيلەپ ھازىر،
بولۇپ بىر خەتكە بەش ـ ئون مەررە نازىر.
ئىدىم بۇ يەرگە يەتكەن بىر كۈنى مەن،
كىرىپ كەلدى ھۇزۇرۇمغا نەچە تەن.
كۆرۈپ باشدىن ئوقۇپ بۇ يەرگە تەگرۇ،
دېدىلەر: «ياخشى ئىش بولمىش ئەجەب بۇ
ۋەلى، بىزدەك ساۋادى خاملەرغە

ئەمەس خام، بەلكى مۇتلەق ئاملەرغە
ئاچۇغراق بولسە ئېردى، خوب ئېردى،
كۆڭۈللەرگە ئۇ داغى مەرغۇب ئېردى
......................
بۇ ناقىس تەبئىگە مەئقۇل كەلگەچ،
بەرادەرلەر سۆزى مەقبۇل كەلگەچ.
قىلىندى ئىپتىدا بۇ قىسمى مەنزۇم،
كى قىلمىش ياخشىلار بۇ نەۋئى مەرقۇم …

شۇنداق قىلىپ ناقىس «باھارى دانىش» ھېكايىلىرىنىڭ 4 ـ ماۋزۇسىدىن كېيىنكى قىسمىنى نەزمىي شەكىلدە ئىشلەشكە باشلايدۇ ۋە 5 ـ ماۋزۇ 3 ـ ھېكايە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن كەلگەن يېرىدە توختاپ نەسرىي شەكىلدە ئىشلىنىپ بولغان باش قىسمىنى يېڭىۋاشتىن نەزمىيلەشتۈرۈپ چىقىدۇ. چۈنكى، بۇنداق دېيىشتىكى سەۋەب ناقىسنىڭ «قىلىندى ئىپتىدا بۇ قىسمى مەنزۇم» دېگىنىگە قارىغاندا، داستاننىڭ شۇندىن ئاۋۋالقى قىسمى نەسرىي شەكىلدە بولۇشى كېرەك ئىدى. ھالبۇكى، بىز ھازىر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان «گۈلزارى بىنىش» باشتىن ـ ئاخىر نەزمىي ئەسەردۇر. «گۈلزارى بىنىش» داستانى ئىككى بۆلۈمگە بۆلۈنگەن بولۇپ، بىرىنچى بۆلۈم ئەسەرنىڭ مۇقەددىمىسى سۈپىتىدە پۈتۈنلەي ناقىسنىڭ ساپ ئىجادىي ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى، «باھارى دانىش» ھېكايىلىرى ئاساسىدا ئىشلەنگەن بىرىنچـــى بۆلۈم بولسا تۈگەللەنمىگىنىگە قارىماي، ھەجىم جەھەتتىن بىرىنچى بۆلۈم بىلەن تەڭ دېگۈدەك كېلىدۇ① . مۇشۇنداق بىر قەدەر چوڭ ھەجىملىك ئەسەرنى ئىشلەش ۋە قايتا ئىجادىي ئىشلەش ئەلۋەتتە زور زېھنىي كۈچنى تەلەپ قىلغاندىن سىرت، مۇناسىپ ھالدا يەنە بىرمۇنچە ۋاقىتنى تەلەپ قىلىدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا ناقىس 1889 ـ، 1890 ـ يىللىرى «گۈلزارى بىنىش» نىڭ «باھارى دانىش» ھېكايىلىرى ئاساسىدىكى بۆلىكىنى، يەنى داستاننىڭ 2 ـ بۆلۈمىنى ئىشلەپ ۋە نەزمىيلەشتۈرۈپ، باش ـ ئاخىرىنى ئۇلاشتۇرۇپ بولغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ ۋاقىتقىچە ئۇنىڭدا مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۆزىگە خاس بىر ئىجادىي ئەسەر ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش توغرۇلۇق ئوي ۋە شۇ ئويغا مۇناسىپ ئىلھام پەيدا بولغان بولۇشى، شۇنداقلا ناقىس داستاننىڭ بىرىنچى بۆلۈمى سۈپىتىدە ئىزدەنگەن ۋە ئىشلىگەن بولۇشى مۇمكىن، ساپ ئىجادىي مېھنەت

① «گۈلزارى بىنىش» داستانى تەخمىنەن بەش مىڭ مىسرا ئەتراپىدا بولۇپ، ئىككىنچى بۆلۈمى تەخمىنەن ئىككى مىڭ بىر يۈز مىسرا ئەتراپىدا كېلىدۇ.

بولغان بىرىنچى بۆلۈم ئۈچۈن ئۇ ئىپادىسى كۆپ زېھنىي قۇۋۋەت ۋە ۋاقىتنى سەرپ قىلىندىغانلىقى تەبىئىي. بەلكى هاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە پۈرسەت تاپىسىلا، شۇ ئىش بىلەن شۇغۇللانغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. چۈنكى، 1890 - يىللاردىن كېيىن ناقىسنىڭ ئاساسىي مەشغۇلاتى مەدرىستىكى ئوقۇ - ئوقۇتۇش ئىشلىرىدىن ئىبارەت بولغان. شۇڭا، بۇ ئەمگەك خېلى ئۇزاق ۋاقىتلار داۋامىدىمۇ تاماملانماي قالغان بولۇشى مۇمكىن.

ئىككىنچى خىل پەرەز، «باھارى دانىش» ھېكايىلىرىنى ئاساسىي مەنبە قىلغان «گۈلزارى بىنىش» داستانىدا① قانداقتۇ «ئەدەپ - ئەخلاق، ۋاپا، سەممىيەت، دوستلۇق، بۇرچ قاتارلىق تېمىلاردىكى ھېكايىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ۋە ئاياللارنىڭ ئەنە شۇنداق پەزىلەتلىرى ئالاھىدە مەدھىيىلەنگەن» بولماستىن، بەلكى پۈتۈنلەي ئاياللارنىڭ ئەخلاقسىز قىلمىشلىرى، ۋاپاسىزلىقى، سەممىيەتسىزلىكى، شاللاقلىقى ۋە خىيانەتچىلىكى مۇبالىغە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ تەسۋىرلەنگەن ۋە ئايال زاتىنىڭ ھەرقانداقى ۋاپاغا جاپا قىلىدىغان قارا يۈزلەردۇر، دەيدىغان بىمەنە ئىدىيە ئالغا سۈرۈلۈپ، ئاياللار ئوبرازى تامامەن خۇنۇكلەشتۈرۈلۈپ كۆرسىتىلگەن. توغرا، «باھارى دانىش» نىڭ ئاپتورى ئۆز ئەسىرىنىڭ ئاخىرىدا ئەقىلگە مۇۋاپىق ئەمەلىي يەكۈن چىقارغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. لېكىن، ناقىس «گۈلزارى بىنىش» ئۈچۈن پايدىلانغان ھېكايىلەرنىڭ يۇقىرىدىكىدەك ئىدىيىدىن خالىي بىرىمۇ يوق. داستاندا ھەربىر ھېكايە ئاخىرلاشقاندىن كېيىن پۈتكۈل ۋەقەلىكتىن چىقىرىلغان يەكۈن خاراكتېرىدىكى شېئىرلار بار. مەسىلەن:

كى ئەي، شاھزادەئى، ئەۋرەڭگى ئىززەت، ۋەفا قىلماسلىغ ئەلبەتتە ئىشىدۇر.
جەھاندا ئەيشى ئىشرەت كۆپ غەنىيمەت. ئۇلەرنىڭ رەڭگىدە بۇيى ۋەفا يوق،
مۇنىڭدەكدۇر ھەمە خاتۇندە ئەھۋال. ۋەلى لەۋھىدە ھەم نەقشى سەفا يوق.
ئىشتىنىڭ بولماغىل ئەمدى بۇ مىنۋال. ئەگەرچە سۇرەتدە سەرۋ رەڭدۇر،
سىنىڭ يارىڭمۇ ھەم خاتۇن كىشىدۇر، قوناغلىق ئىچرە پىشقان بىر شەرەڭدۇر.

ئاياللار توغرىسىدا چىقىرىلغان بۇنداق يەكۈن قەدىمكى ھىندىستان قانۇنىدىكى «ۋابا كېسىلى، ئۆلۈم، دوزاخ، زەھەر، زەھەرلىك يىلانلار، ئوت قاتارلىقلارمۇ خوتۇن كىشىدىن ياخشىراقتۇر» دېگەن قاراشتىن؛ يەھۇدىيلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى «تەۋرات» تىكى «خوتۇن ئۆلۈمدىنمۇ ئاچچىق بىر نەرسىدۇر، خوتۇن كىشى ئادەمنى ئوۋلايدىغان سىرتماق، ئۇنىڭ قەلبى قىسماق، ئىككى قولى كىشەندۇر، مىڭ ئادەم ئارىسىدىن كېرەكلىك بىر ئادەم تېپىلىدۇ، مىڭ خوتۇن ئارىسىدىن كېرەكلىك بىرى تېپىلمايدۇ» دېگەن سۆزدىن؛ قەدىمكى رىملىقلارنىڭ ئاياللارنى شەيتاننىڭ ھەمراھى، ئازدۇرغۇچى يامان روھ، بارلىق جىنايەتنىڭ مەنبەسى، شەيتان ئادىمىزاتنىڭ روھىي دۇنياسىنى ئاياللار ئارقىلىق چىرىتىدۇ ۋە نابۇت قىلىدۇ، دېگەنلىكىدىن؛ قەدىمكى گېرتسىيىلىكلەرنىڭ ئاياللارنى شەيتاندىن ئاپىرىدە بولغان مەينەت، پاسكىنا مەخلۇق، ئۇلارنىڭ شۇملۇقى، نىجىسلىقى، پەسكەش ۋە بۇزۇقلۇقىدىن گۇناھ سادىر بولىدۇ، دەپ قارىغانلىقىدىن ... ھېچقانداق پەرقى بولمىغان بىر تەرەپلىمە يەكۈن. ئۇ جاھالەت دەۋرىدىكى ھىندى، يەھۇدىي، رىم ۋە گېرىكلارنىڭ ئاياللار توغرىسىدىكى قاراشلىرىنىڭ پارچە ۋارىيانتى («باھارى دانىش» نىڭ ئىران يازغۇچىسىنىڭ ئەسىرى ئىكەنلىكى ئۇنتۇلمىسۇن) بولۇپ، ھەرقانداق بىر دەۋرنىڭ ئېھتىياجىغا، شۇنداقلا ئىسلام قانۇن - ئەقىدىلىرىگە زىت ۋە خىلاپ يەكۈن. چۈنكى، ھەرقانداق بىر دەۋردە جەمئىيەت ئاياللارسىز مەۋجۇت بولۇپ تۇرالمايدۇ ۋە تەرەققىي قىلالمايدۇ، شۇڭا ئىسلام دىنى دۇنياغا كەلگەن دەسلەپكى چاغلاردىلا مۇسۇلمانلار جەمئىيىتىدىكى ئەر - ئاياللارنىڭ باراۋەرلىكى تەشەببۇس قىلىنىپ، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاياللارنى خورلايدىغان، كەمسىتىدىغان، ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلىدىغان قەبىھ ئۆرپ - ئادەتلەرگە ئۇزۇل - كېسىل خاتىمە بېرىلگەن ئىدى. ئىسلام شەرىئىتىدە ئاياللارنىڭ پسىخلوگىيىلىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئۇلارغا قانۇنىي جەھەتتە تېگىشلىك ئورۇن بېرىلگەن. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمانلاردىن ئاياللارغا ئاقىلانە ۋە ئادىل مۇئامىلە قىلىشنى، مۇسۇلمان ئەرلەرنىڭ ئۆز ئاياللىرىغا مۇھەببەت ئاتا قىلىشنى، ئەرلەرنىڭ ئۆز ئۈستىدىكى ئاياللىرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشنى تەلەپ قىلغان. ئىسلام تەلىماتىدا مەيلى ئەر ياكى ئايال بولسۇن، ئۇنىڭ ياخشى

---

① بۇ پەردە داستاننىڭ ئىككىنچى بۆلۈمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ياكى يامان بولۇشى ئۆزىنىڭ ئىش ـ ئەمىلىگە باغلىق، يەنى ياخشىلىق ۋە يامانلىقتا ئەر ـ ئاياللار ئوخشاش ئورۇندا تۇرىدۇ، دەپ كۆرسىتىلگەن. يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى قۇرئان ۋە ھەدىسلەردە ئېنىق ۋە كونكرېت بەلگىلەنگەن. ھەقىقەتەنمۇ مۇسۇلمان ئاياللار ئارىسىدىن نۇرغۇن ئۇلۇغ زاتلار مەيدانغا كەلگەن بولۇپ، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەممىسى بۇنداق ئاياللارنى ئېتىراپ قىلىپ، ئۇلارغا مۆئەييەن باھا بېرىپلا قالماي، ھەتتا بۇنداق ئاياللاردىن «بىرى (ياكى ئۇنىڭ بىر تال چېچى) ياخشى ئىش، ياخشى ئەمەللەرنى ئادا قىلمىغان مىڭ ئەركەكتىن ئارتۇق» دەپ ھېسابلايدۇ. ھالبۇكى، يۇقىرىقىدەك ئىنسانىيەتنىڭ شەنىگە داغ چۈشۈرۈدىغان، ئاياللارنىڭ ئىنسانلارنىڭ ئانىسى ئىكەنلىكىدەك ئۇلۇغ ماھىيىتىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇپ، ئەخمىقانە ھالدا چىقىرىلغان بىر تەرەپلىمە يەكۈن، ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتتە ھەقىقىي مەنىگە ئىگە بولىدىغان ساپ ئىنسانىي مۇھەببەتنىڭ كۈيچىسى، ئىككى جىنس مۇھەببىتىنىڭ لەززىتىدىن بەھرى ئېلىپ ۋايىغا يەتكەن① بىر تەرەپلىمە قاراشلاردىن خالىي، زامانىسىغا كۆرە ئىلغار پىكىر ئىگىسى ۋە ئەتراپلىق بىلىم ساھىبى بولغان، ئەڭ مۇھىمى كامىل ۋە ئىخلاسمەن مۇسۇلمان ئالىمى ناقىسنىڭ ئىدىيىۋى خاھىشى، ئىجادىيەت مۇددىئاسى ۋە ئېتىقاد ـ ئەقىدىسى بىلەن مۇتلەق سىغىشالمايتتى.
گەرچە ئۇ بىر مەزگىل ئائىلىۋى تۇرمۇشتا نۇرغۇن كۆڭۈلسىزلىكلەرگە ئۇچراپ، كۆپ دىشۋارچىلىقلارنى تارتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئۇ «باھارى دانىش» نىڭ مۇقامىغا دەسسەشنى ئۆزىگە داۋا كۆرمىگەن، ئۇ داۋاملىق ھالدا ھاياتنى، ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنى قىزغىن سۆيگەن. ھەقىقەتەن ئۇنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكى شېئىرلىرىدا باراۋەرلىك ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك تېمىلىرى، بولۇپمۇ مۇھەببەت تېمىسى مۇتلەق ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەيدۇ. يۇقىرىقىدەك قەتئىي بىر تەرەپلىمە قاراشلارنى ئۇنىڭ شېئىرلىرىدىن تاپقىلى بولمايدۇ. شەكسىزكى، چوڭقۇر پىكىرلىك ئالىم ناقىسنىڭ ئەقىل ۋە ئەقىدىگە زىت، مەنتىقىغە خىلاپ، مۇسۇلمانلىق روھىغا يات بولغان تەشەببۇسلارنى قوبۇل قىلىشى ۋە تەرغىب قىلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، «گۈلزارى بىنىش» تىن كېيىنمۇ خېلى زامانلار ياشاپ ۋە ئىجاد قىلىپ ئۆتكەن ناقىس «گۈلزارى بىنىش» نىڭ (توغرىسى «باھارى دانىش» نىڭ) داۋامىغا قىزىقمىغان بولۇشى مۇمكىن. شۇ سەۋەبتىن داستان ناقىس تەرىپىدىن شۇ پېتى تاشلاپ قويۇلغان بولسا كېرەك.
ئۈچىنچى خىل پەرەز: داستانىنىڭ داۋامى ھەرخىل سەۋەبلەر بىلەن يوقالغان بولۇشى مۇمكىن. بۇ مەدەنىي مىراسلىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى يولۇققان ئورتاق تەقدىر. «گۈلزارى بىنىش» داستانى ناقىس تەرىپىدىن تولۇق تاماملىنىپ تاكى جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشكۈچە بولغان ئارىلىقتا 50 ـ 60 يىل ۋاقىت ئۆتكەن② . مۇشۇ 50 ـ 60 يىل ئىچىدە مىللىي مەدەنىي مىراسلىرىمىز تۈرلۈك تەبىئىي ۋە سۈنئىي ۋەيرانچىلىقلارغا ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن. داستانىنى شائىر ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى خېلى ئۇزاق بىر مەزگىللەرگىچە قولىيازما ھالىتىدە ساقلاشقا توغرا كەلگەچكە، يۇقىرىدىكىدەك ۋەيرانچىلىقلاردىن خالىي بولالمىغان بولۇشى ۋە ياكى باشقا سەۋەبلەر بىلەن يوقالغان بولۇشى مۇمكىن.
«گۈلزارى بىنىش» نىڭ داۋامى توغرىسىدىكى يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل پەرەز ئىچىدە ئىككىنچى خىل پەرەز ئەمەلىيەتكە، شۇنداقلا مەنتىقىغە ئۇيغۇن بولۇشى مۇمكىن ياكى ئۈچ خىل پەرەزنىڭ ھېچقايسىسى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولماسلىقىمۇ مۇمكىن. چۈنكى، بۇلارنىڭ ھەممىسى پاكىت ئاساسى بولمىغان، تەسەۋۋۇر ۋە پەرەز بويىچە قىلىنغان مۇلاھىزىدىنلا ئىبارەت، خالاس. تەسەۋۋۇر دېگەن تەسەۋۋۇر، پاكىت دېگەن پاكىت، تەسەۋۋۇر ۋە پەرەز ھېچقاچان پاكىت ۋە ئەمەلىيەتنىڭ ئورنىغا دەسسىيەلمەيدۇ. ئامەتىمىز بولسا كۈنلەرنىڭ بىرىدە «گۈلزارى بىنىش» نىڭ داۋامى ھەققىدە بىرەر ئەمەلىي ئۇچۇر بايقىلىپ قېلىشىمۇ ياكى نەق ئەسەرنىڭ قالغان قىسمى تېپىلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. شۇنداق بولغاندا، بىز ئۈچۈن ئاللىقانداق پەرەز، تەسەۋۋۇر ۋە مۇلاھىزىلەرگە ھېچقانداق ئورۇن قالمايدۇ.
لېكىن، قانداقلا بولمىسۇن يۇقىرىدىكىلەر مېنىڭدىكى يۇقىرى بېسىملىق «ناقىس قىزغىنلىقى» نىڭ مەھسۇلى. ئوقۇرمەنلەرنىڭ توغرا چۈشىنىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

---

① ناقىسنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. «گۈلزارى بىنىش» قا قاراڭ.
② داستان 1955 ـ يىلى ناقىسنىڭ كۈيئوغلى مەسۇم ئاخۇن داموللام ۋە ئۇنىڭ ئوغلى سابىرئاخۇن تەرىپىدىن مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا تاپشۇرۇپ بېرىلگەن.

# شائىر قەدرى

## مۇنەۋۋەرە ھەبىبۇللاھ

تۈركىي تىلدا سۆزلەشكۈچى بارلىق مىللەتلەر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە گۈللەندۇرۇش جەھەتتىكى ئۇلۇغ خىزمەتلىرى ۋە ئالەمشۇمۇل نەتىجىلىرى بىلەن 15 ـ ئەسىر مەدەنىيىتىنىڭ يۈكسىلىشىگە تەڭداشسىز زور تۆھپە قوشقان بۈيۈك شائىر ۋە ئالىم، ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر ۋە دۆلەت ئەربابى، شۇنداقلا تۈركىي ئەدەبىي تىلىنىڭ (چاغاتاي تىلى) ئاساسچىسى نىزامىددىن ئەلىشىر نەۋائى ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدىن باشلاپلا بەدىئىي ئەسەرلەرنى قىزىقىپ ئوقۇش ۋە قېتىرقىنىپ ئۆگىنىش بىلەن بىللە شېئىرلار يېزىپ، شائىرلىقنىڭ يارقىن ئۇچقۇنلىرىنى چېچىشقا باشلىغان. كېيىنچە ئۇ پەلسەپە، مەنتىقە (لوگىكا) ۋە ماتېماتىكا پەنلىرىنى تىرىشىپ ئۆگەنگەندىن سىرت، ئىسلام پەلسەپىسى، ئەرەبلەر ۋە شەرق مۇسۇلمانلىرى ئەدەبىياتىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلغان ھەم بېرىلىپ ئىجاد قىلىپ، تۈركىي ۋە پارس تىلدا نۇرغۇن شېئىرلارنى يېزىپ، تۈركىي تىلدا يازغان شېئىرلىرىدا «نەۋائى» (كۈي، ئاھاڭ، ئاۋاز، ئۈن، سادا، بايلىق)، پارس تىلدا يازغان شېئىرلىرىدا «فانى» (ۋاقىتلىق يوقالغۇچى، ئۆتكۈنچى، تۈگىگۈچى) تەخەللۇسىنى قوللانغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئارىسىغا كەڭ تارقالغان بولۇپ، «نەۋائى»، «فانى» دېگەن نام بىلەن شۆھرەت قازانغان ۋە «ئىككى تىل ئىگىسى» دېگەن قۇتلۇق نامغا ئىگە بولغان.

ئەينى دەۋردە ئالىملار، ئاتاقلىق شائىر ۋە يازغۇچىلار ئەسەرلىرىنى ئەرەب، پارس تىلدا يازغان بولۇپ، تۈركىي تىلدا ئەسەر يازغۇچىلار كەمسىتىلەتتى، يۈكسەك دەرىجىدىكى ئىنسانىي پەزىلىتى ھەم تەڭداشسىز تالانتى ئارقىلىق زور شۆھرەت قازانغان نەۋائى ئەنە شۇنداق قاتمال شارائىتتا ئەڭ نادىر ئەسەرلىرىنى ساپ تۈركىي تىلدا يېزىپ، جانلىق تىل مەنبەلىرىدىن كەڭ پايدىلىنىش، جانلىق تىلنىڭ ئۆزىگە خاس خۇسۇسىيەتلىرى، بايلىقى ۋە نەپىسلىكىنى نامايەن قىلىش ئارقىلىق، تۈركىي تىلدا نادىر ئەسەرلەرنى يېزىشنىڭ ئۈلگىسىنى كۆرسەتتى ۋە تۈركىي ئەدەبىي تىلىنى مۇستەھكەملەش ھەم راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن ئاساس يارىتىپ، تۈركىي تىلىنى كەمسىتكۈچىلەرگە ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق قاتتىق رەددىيە بېرىپ، ئۇلارنى ئۆز ئانا تىلدا ئەسەر يېزىشقا رىغبەتلەندۈرگەن ۋە دەۋەت قىلغان.

نەۋائى بىزگە ناھايىتى مول مەدەنىي مىراسلارنى قالدۇرغان بولۇپ، ئامېرىكا، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئەنگلىيە، تۈركىيە، ياپونىيە، روسىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، تۈركمەنىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق دۆلەتلەردە ۋە مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونىدا شائىرنىڭ ئوتتۇزغا يېقىن دىۋانى، زور ھەجىملىك داستانلىرى، نۇرغۇنلىغان ئىلمىي، بەدىئىي، نەزمىي، نەسرىي، پەلسەپەۋى ۋە نەزەرىيىۋى قىممىتى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان ئەسەرلىرى ساقلانماقتا. بۇلاردىن يىگىرمە پارچىغا يېقىن ئەدەبىي مىراسى بىزگىچە يېتىپ كەلگەن.

نەۋائى ئەسەرلىرى ئەسىرلەردىن بۇيان ھەرقايسى ئەللەردىكى ماھىر خەتتاتلار تەرپىيەلەپ كۆچۈرۈلۈپ، ئۇستا رەسساملار سىزغان نەپىس رەسىملەر بىلەن بېزىلىپ، كۆركەم نەقىشلەر بىلەن زىننەتلىنىپ ۋە ھەل بېرىلىپ قولىيازما ھالەتتە ياكى مەتبەئەچىلىك بىرقەدەر بالدۇر تەرەققىي قىلغان شەھەرلەردىكى تاش مەتبەئە ۋە مىخ مەتبەئەلەردە ئىنتايىن سۈپەتلىك بېسىلىپ كۆپەيتىلىپ خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ، بۇ ئابىدىلەر ئەينى يىللاردىكى خۇسۇسىي مەكتەپ ۋە مەدرىسلەردە دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلگەن ھەم ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىپ، بۈگۈنكى كۈندە بىزگىچە يېتىپ كەلگەن. ھازىر نەۋائى مىراسلىرى ئاسىيا ۋە ياۋروپا ئەللىرىدىكى مەشھۇر كۇتۇبخانا، مۇزېي، دۆلەتلىك مەدەنىي مىراسلار خەزىنىلىرى، ئالىي مەكتەپلەر، مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەتقىقات ئورۇنلىرى، شۇنداقلا كەڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدا ساقلانماقتا.

نەۋائى تۇغۇلۇپ تا بۈگۈنگە قەدەر بولغان ئالتە ئەسىرگە يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئالىملار ۋە شائىرلار نەۋائى ئىجادىيىتىدىن ئۆگىنىپ، ئۇنىڭ ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ كەلدى. 20 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغاندىن بۇيان ئىنسانىيەت پەن ـ مەدەنىيىتىنىڭ ئۇچقاندەك تېز تەرەققىي قىلىشى ئارقىسىدا ئاسىيا ۋە ياۋروپادىكى مەملىكەتلەردە، جۈملىدىن تۈرك، ئۆزبېك ۋە ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا نەۋائى ئىجادىي مىراسلىرىنى قوغداش، قېزىش، ئۆگىنىش ۋە تەتقىق قىلىش يۇقىرى دولقۇنى كۆتۈرۈلدى ھەم بۇ بۈيۈك مۇتەپەككۇرغا ۋارىسلىق قىلىش ھەركىتى ھەقىقىي تۈردە كاپالەتكە ئىگە بولۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە مەلۇم دەرىجىدە نەتىجىگە ئېرىشتى. تۆۋەندە بىز يۇقىرىقى پىكىرىمىزنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە ئۆزبېكىستان ۋە جۇڭگودا، جۈملىدىن تاشكەنت ۋە ئۈرۈمچى شەھىرىدە نەۋائى ئەدەبىي مىراسلىرىنى قوغداش ۋە تەتقىق قىلىش جەھەتتە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرگە كۆز يۈگۈرتۈپ باقايلى.

تاشكەنتتە ئايبېك 1944 ـ يىلى «نەۋائى» رومانىنى يازدى، رۇس يازغۇچىسى لىدىيە • باتمۇ «نەۋائى» رومانىنى يازدى. 1945 ـ يىلى ئىززەت سۇلتان ۋە ئۇيغۇن «ئەلشىر نەۋائى» دراممىسىنى، ئى. مەخسۇموۋ «نەۋائى ئاستىراباددا» دراممىسىنى يازدى. بۇ دراممىلار كۆپ قېتىم سەھنىدە ئوينىلىپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، كېيىن «ئەلشىر نەۋائى» كىنوسى ئىشلەندى ۋە كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياتىرى «نەۋائى» ئىشلىنىپ تارقىتىلدى. 1968 ـ يىلى شائىرلار بېغى، يەنى «نەۋائى بېغى» قۇرۇلدى. 1990 ـ يىلى ئەدەبىيات ـ سەنئەت ۋە قۇرۇلۇش لايىھىلەش ساھەسىدىكى نادىر ئەسەرلەر ئۈچۈن «نەۋائى نامىدىكى ئۆزبېكىستان دۆلەت مۇكاپاتى» تەسىس قىلىندى. نەۋائى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 550 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆزبېكىستاندا 1991 ـ يىلى «نەۋائى يىلى» دەپ ئاتىلىپ، پۈتۈن بىر يىل داۋامىدا ئۆزبېكىستاندىكى ھەرقايسى جايلاردا نەۋائى ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىگە بېغىشلانغان پائالىيەتلەر كەڭ قانات يايدۇرۇلغان بولۇپ، تاشكەنتتە «نەۋائى ھاياتى ۋە ئىجادىيىتى خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» ئۆتكۈزۈلدى، ئەسلىدىكى نەۋائى بېغى ئۆزگەرتىلىپ قايتا لايىھىلىنىپ، كەڭ كۆلەملىك گۈزەل «نەۋائى باغچىسى» قۇرۇلۇپ باغچىنىڭ ئەڭ مەنزىرىلىك جايىغا ھەيۋەتلىك «نەۋائى ھەيكىلى» ئورنىتىلدى ۋە شائىر شەرىپىگە داغدۇغىلىق مەرىكە ئۆتكۈزۈلدى. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ شەھەردە ئارقا ـ ئارقىدىن نەۋائى نامىدىكى ئوپېرا ۋە بالېت تىياتىرخانىسى، نەۋائى نامىدىكى ئۆزبېكىستان دۆلەتلىك كۇتۇبخانىسى، نەۋائى نامىدىكى ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئىنستىتۇتى، نەۋائى مەيدانى، نەۋائى سەنئەت سارىيى، نەۋائى نامىدىكى يەر ئاستى تۆمۈر

يولى ۋە تاشكەنت شەھەر مەركىزىدىكى ھەيۋەتلىك نەۋائى كوچىسى قۇرۇلۇپ، شەھەردىكى 40 ـ مەكتەپ ۋە 207 ـ مەكتەپ «نەۋائى مەكتىپى» دەپ ئاتالدى. 1968 ـ يىلىدىن باشلاپ تاشكەنت شەھىرىدىكى «نەۋائى نامىدىكى ئەدەبىيات مۇزېيى» ھەرقايسى ئەللەردىكى ئالىم، مۇتەخەسسىس ۋە نەۋائىشۇناسلار ئۇچۇن كەڭ ئىشىك ئېچىپ كەلدى، بارلىق ئىلىم ئەھلى زور ئىشتىياق بىلەن قېتىرقىنىپ ئىزدىنىپ شائىر ئەسەرلىرىنى يىغىپ، توپلاپ، قولىيازما، ترانسكرىپسىيە ۋە يەشمە ھالەتتە تۈركۈم ـ تۈركۈملەپ نەشر قىلدى. نەۋائىشۇناسلار كەڭ كۆلەملىك تەتقىقات پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇپ نۇرغۇنلىغان ئىلمىي ماقالىلار ۋە ماقالىلار توپلاملىرىنى بېسىپ تارقاتتى. نەتەن مەللەيېۋنىڭ «سۆز سەنئىتىنىڭ گۈلتاجى»، ئەزىز قەيىموۋنىڭ «ئەلىشىر نەۋائى» (ئاجايىپ كىشىلەر ھاياتى) ۋە شۇ قاتارلىق نادىر ئەسەرلەر يارىتىلدى، ھەتتا نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ رەسىملىك توپلاملىرى نەشر قىلىندى. تاشكەنتتە 1983 ـ يىلى ئۆزبېكىستان س س س ر «پەن» نەشرىياتى تەرىپىدىن چوڭ ھەجىمدىكى تۆت توملۇق «ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلىرى تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» ۋە «ئەلىشىر نەۋائى ئەسەرلىرى لۇغىتى»نى نەشر قىلىندى. تاشكەنتتە 1959 ـ يىلى ئۆزبېكىستان س س س ر دۆلەت بەدىئىي ئەدەبىيات نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان تۆت توملۇق «ئۆزبېك ئەدەبىياتى»نىڭ ئىككىنچى تومى مەخسۇس نەۋائى ھاياتى ۋە ئىجادىي مىراسىغا بېغىشلاندى. نەۋائى ۋە ئۇنىڭ ئىجادىي مىراسلىرى ئالىي مەكتەپلەردە مەخسۇس پەن سۈپىتىدە دەرسلىك قىلىپ ئۆتۈلدى، نەۋائى ھاياتى، ئىجادىيىتى بويىچە مەخسۇس نەۋائىشۇناسلار ۋە دوكتۇرلار تەربىيىلەندى. «ئۆزبېك ئېنسىكلوپېدىيىسى» ۋە «تاشكەنت ئېنسىكلوپېدىيىسى»دە نەۋائى ئۈچۈن مەخسۇس بەتلەر ئاجرىتىلدى، 1957 ـ يىلىدىن باشلاپ ئۆزبېكىستان پەنلەر ئاكادېمىيىسى ھەر يىلى ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر تۇغۇلغان كۈننى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن شائىر ھاياتى ۋە ئىجادىي مىراسىنى ئۆگىنىشكە بېغىشلانغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈپ كەلمەكتە.

مەملىكىتىمىز جۇڭگونىڭ ئۈرۈمچى شەھىرىدە نەۋائى ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسلىرىنى قۇتقۇزۇش ئىشىكىدە يانغان ئالىم، شائىر، تەتقىقاتچىلار، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى، كۈتۈپخانا، مۇزېي، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، ئەدەبىيات سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى، ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، توپلاش ۋە نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى ۋە «تارىم»، «بۇلاق»، «مىراس» ژۇرناللىرى قاتارلىق ئورۇنلاردىكى خادىملارنىڭ تىرىشچانلىقى ئاستىدا نەۋائى ئەسەرلىرىنى قۇتقۇزۇش ۋە قېزىش خىزمىتى ھەقىقىي تۈردە كاپالەتكە ئىگە قىلىندى. كەڭ خەلق ئارىسىدا ساقلىنىۋاتقان نەۋائى ئەسەرلىرىنىڭ بىر قىسمى ش ئۇ ئا ر ئاز سانلىق مىللەتلەر قەدىمكى ئەسەرلىرىنى يىغىش، توپلاش ۋە نەشر قىلىشنى پىلانلاش رەھبەرلىك گۇرۇپپا ئىشخانىسى تەرىپىدىن يىغىپ توپلاندى ۋە مۇشۇ ئىشخانا تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، 1988 ـ يىلى قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەر تىزىملىكى»گە كىرگۈزۈلگەن بىر مىڭ بەش يۈز پارچىدىن ئارتۇق قەدىمكى ئەسەرلەر قاتارىغا ئون ئىككى پارچە تاش باسما، يىگىرمە ئالتە پارچە قولىيازما ھالەتتىكى نەۋائى ئەسەرلىرى تىزىملىكى كىرگۈزۈلدى، 1988 ـ يىلىدىن كېيىن قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى تەرىپىدىن توپلىنىپ نۆۋەتتە كاتالوگى ئىشلىنىش ئالدىدا تۇرغان بىر مىڭ يەتتە يۈز پارچىدىن ئارتۇق قەدىمكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئەسەرلەر ئىچىدە يېقىندىن تېپىلغان نەۋائى ئەسەرلىرى خېلى كۆپ بولۇپ، بۇ ئەسەرلەر تىزىملىكى تېز پۈرسەتتە كەڭ ئاما بىلەن يۈز كۆرۈشكۈسى. ھازىرچە بىزدە نەۋائى ئەسەرلىرىدىن «غەزەللەر»، «ھەيرەتۇل ـ ئەبرار»، «لەيلى ـ مەجنۇن»، «فەرھاد ـ شىرىن»، «سەددى ئىسكەندەرى»، «سەبئەئى ـ سەييارە»، «مەھبۇبۇل ـ قۇلۇب»، «مەجالىسۇن ـ نەفائىس»، «لىسانۇت ـ تەير»، «مۇھاكىمەتۇل ـ لۇغەتەين» ۋە شۇ قاتارلىق نادىر ئەسەرلەر نەشر قىلىنىپ جامائەتچىلىك بىلەن يۈز كۆرۈشتۈرۈلدى، «بۇلاق»، «تارىم» ژۇرنىلى ۋە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا چىقىۋاتقان ئەدەبىي، ئىلمىي ژۇرناللاردا نەۋائى ھاياتى، ئىجادى ھەم نەمۇنىلىرى تونۇشتۇرۇلدى، شۇنداقلا بۇ توغرىلىق يېزىلغان ئىلمىي ماقالىلار ئېلان قىلىندى، ئەسقەر ھۇسەيىن ئۈچ قىسىملىق «نەۋائى خەزىنىسى» ناملىق كىتابىنى تۈزدى، ئىمىن تۇرسۇن «نەۋائى ھەققىدە» ناملىق كىتابىنى يازدى، تۇرغۇن يىلتىز، ئەزىز سارتېكىن «نەۋائى دۇردانىلىرى» كىتابىنى تۈزدى. «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى» ناملىق توپلامغا ۋە باشقا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى دەرسلىكلىرى، ئوقۇشلۇقلاردا نەۋائىغا بېغىشلانغان مەخسۇس سەھىپىلەر ئاجرىتىلدى. 1991 ـ يىلى نەۋائى تۇغۇلغانلىقىنىڭ بەش يۈز ئەللىك يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۈرۈمچىدە خاتىرىلەش يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. 2001 ـ يىلى 12 ـ ئايدا پايتەختىمىز بېيجىڭدا ئەلشىر نەۋائى تۇغۇلغانلىقىنىڭ بەش يۈز ئاتمىش يىللىقىنى خاتىرىلەش ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى ۋە شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «ئەلشىر نەۋائى ئەسەرلىرى»، «بۈيۈك شائىر ئەلشىر نەۋائى» ئۇيغۇر تىلى ۋە خەنزۇ تىلىدا ئايرىم ـ ئايرىم تۆت پارچە كىتاب قىلىپ نەشر قىلىندى. قىسقىسى، رايونىمىز شىنجاڭ تەۋەلىكىدە نەۋائى ھاياتى ۋە ئىجادىيىتىگە ئائىت يېزىلغان ئىجادىي ھەم تەرجىمە ئەسەرلەر، نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلەر، ئىجادىي ھەم تەرجىمە ماقالىلاردىن بولۇپ يۈز پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر نەۋائى نامىغا بېغىشلاندى.

دېمەك، مەيلى باشقا ئەللەردىكى ئالىم مۇتەخەسسىسلەر بولسۇن ياكى مەملىكىتىمىزدىكى تەتقىقاتچىلار بولسۇن، تا بۈگۈنگە قەدەر نەۋائى ۋە ئۇنىڭ مىراسى ئۈستىدە توختاۋسىز ئىزدىنىپ كەلمەكتە.

ئەلشىر نەۋائى ئەدەبىي مىراسىنىڭ ھەجمى ناھايىتى زور، دائىرىسى ئىنتايىن كەڭ بولۇپ، 15 ـ ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيا خەلقلىرىنىڭ مەنىۋى ھاياتىنىڭ بارلىق تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، شۇڭا نەۋائى ئەسەرلىرىنى قوغداش، قېزىش ۋە تەتقىق قىلىش ئۇزاق مۇددەتكە سوزۇلىدىغان ئىنتايىن جاپالىق ۋە زور ئەھمىيەتكە ئىگە ناھايىتى شەرەپلىك ئىش.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**


«سوۋېت ئۆزبېك ئېنسىكلوپېدىيىسى»

«تاشكەنت ئېنسىكلوپېدىيىسى»

«ئۆزبېك ئەدەبىياتى»

«ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تىزىسلىرى»

«ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار قەدىمكى ئەسەرلەر تىزىملىكى».

# ئۇيغۇرلارنىڭ دورا ـ دەرمەكلىرى خاتىرلەنگەن قەدىمكى كىتابلار توغرىسىدا

مامۇت قۇربان

ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكى ئىككىمىڭ بەشيۈز يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە بولۇپ، قەدىمكى تېبابەتچىلىك ئىلمىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالەمگە مەشھۇر.

«جۇڭگونىڭ مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇشى ئۈستىدە سۆز بولغاندا ئالدى بىلەن شىنجاڭ كۆز ئالدىمىزغا كېلىدۇ. مەن دائىم جۇڭگودىكى تۆت چوڭ مەدەنىيەت سىستېمىسى قوشۇلغان بىردىنبىر جاي شىنجاڭ دېگەن ئىدىم» ①. شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك بىلەن بولغان دورا ـ دەرمەك ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتى «جاڭ چيەننىڭ غەربىي يۇرتقا قىلغان سەپىرىدىن ئىلگىرىمۇ مەۋجۇد ئىدى» ②. تۇرپاندىن قېزىۋېلىنغان قېزىلمىلاردىن بىزگە بۇنىڭدىن مىڭ يىل بۇرۇن سېھىرگەرلىك، پىرخونلۇق بىلەن داۋالاش دۇنيادا ھۆكۈمران ئورۇندا تۇرغان مەزگىللەردىمۇ ئۇيغۇرلار تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئۆسۈملۈك، مەدەن دورىلار، مېۋە شەربەتلىرى ۋە ھەرخىل ھايۋاناتلاردىن ئېلىنغان دورىلار ئارقىلىق كېسەل داۋالاش چارىلىرىنى ئىزدەپ، داۋالاش ۋاقتى، دورىنىڭ ئىشلىتىلىش مىقدارى، مۇددىتىگىمۇ ئېتىبار بېرىپ كەلگەنلىكى توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان مەلۇماتلارنى ئۇچرىتىشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئەينى ۋاقىتتا زەھەرلىك دورىلارنى باشقا دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بەزى جاھىل خاراكتېرلىك كېسەللەرگە بېرىش ۋە ئىشلىتىش جەھەتتىمۇ ئالاھىدە تەجرىبىلەرگە ئىگە ئىدى. ئۇلار خېلى بۇرۇنلا دورىنىڭ تەركىبىنى كۈچلەندۈرۈش ئۇسۇللىرىنى بىلەتتى. كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ بىرنەچچە خىل دورىنى بىرلەشتۈرۈپ بېرەتتى. بۇ جەھەتتە ئۇلار ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەرگىمۇ ئىگە ئىدى. ئۇيغۇر تېبابىتى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە باشقا ئەللەر تېبابىتىگىمۇ زور تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن. بۇ «بۇلغارلار ۋە ياۋروپالىقلارنىڭ ماختانغىنىدەك، ئۇلارنىڭ مەھسۇلاتى ئۇلارنىڭ ئىجادىيىتى بولماستىن، بەلكى تۈركىي خەلقلىرىنىڭ ئۆز مىلكى ئىدى» ③.

ئۇيغۇرلار يىپەك يولى سودىسى جەريانىدا ھىندىستان، تىبەت، يۇنانىستان ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ئىلغار داۋالاش ئۇسۇللىرىنى قوبۇل قىلغان بولۇپ، ئۇ خىل ئۇسۇللارنىڭ بەزىلىرىنى تاكى ھازىرغىچە ساقلاپ كەلگەن، راۋاجلاندۇرغان ۋە يەرلىك تېبابەت ئۇسۇللىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۆزلەشتۈرگەن. «ھىندى ۋە جۇڭيى تېبابىتىدە ئۇيغۇر تېبابىتىنىڭ تەسىرلىرى ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر تېبابىتىگە بەرگەن تەسىرىدىن كۈچلۈك» ④ ئىدى. ئۇيغۇرلار سۈت (تۆگە سۈتى، كالا سۈتى، قوي سۈتى، ئۆشكە سۈتى، ئېشەك سۈتى)، تۇخۇم ۋە ھايۋاناتلارنىڭ ئىچكى ـ تاشقى ئەزالىرى، يىلان، چايان، كەسلەنچۈك، قىزىل قولتۇق پاقا، سىماب، زەرنىخ، پىششىق گەج، مەدەستان، موزا، سەندەل، پارپا، پىلپىل، ئىگىر قاتارلىق ئۆسۈملۈك ۋە ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرى بىلەنمۇ كېسەل داۋالاشتا بىر يۈرۈش تەجرىبىلەرگە ئىگە ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرى تەييارلايدىغان ئۈزۈم سىركىسى، غورا سىركىسى ۋە قوقاق شىۋىقى سىركىسى (قىل يوپۇرماقلىق ئەمەن سىركىسى)، تاۋۇز سۈيى، ئانار شەربىتى، بېھى شەربىتى، چىلان سۈيى، شاپتۇل قېقى، ئەنجۈر قىيامى، قىزىلگۈل قىيامى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com

پىننە قىيامى، ئانارگۇل قىيامى (گۇلنار قىيامى)، قىمىز، بوزا، قېتىقلار بىلەنمۇ ھەرخىل كېسەللەرنى داۋالاش ئەنئەنىسىگە ئىگە ئىدى. ئۇيغۇر تېۋىپلىرى ھەر خىل سىركىلەرنى بىر - ئىككى يىل بۇزۇپ قويماي ساقلاش تېخنىكىسىنىمۇ پۇختا بىلەتتى.

ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئۇيغۇرلار مىلادىدىن بۇرۇنقى 4 -، 5 - ئەسىرلەردىلا پەرغانە، كۇچا، خوتەن، تۇرپان قاتارلىق جايلاردا ئۈزۈم ھارىقى ئېچىتىش تېخنىكىسى ئىگىلىگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىسكەندەر زۇلقەرنەين مىلادىدىن بۇرۇنقى 336 - 348 - يىللىرى پەرغانە ئەتراپىغا كەلگەن ۋاقتىدا بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ، ھاراق ئىچكەنلىكى توغرىسىدا رىۋايەتلەر ساقلانغان. مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 - ئەسىرلەردە ئىدىقۇتنىڭ ئۈزۈم ھاراقلىرى، خوتەننىڭ پۇراقلىق ماتېرىياللىرى ۋە خوتەن ئەتىرى قاتارلىق پەرداز بۇيۇملىرى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ بېرىلىپ سېتىلىدىغانلىقى، ئۇ يەردە ئىدىقۇت ھاراقلىرىنىڭ نامى بارلىقى توغرىسىدا بەزەن خاتىرىلەرنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. خەن ۋۇدى پادىشاھلىق قىلغان چاغلاردا چاڭئەندە مەخسۇس غەربىي يۇرتتىن كەلتۈرۈلگەن بۇيۇملار سېتىلىدىغان سەندەل ۋە دورا سايمانلىرى (旃席千具)⑤ ماگىزىنى قۇرۇلغانلىقى قەيت قىلىنغان. ئەينى ۋاقىتتا يۇرتىمىزدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە زاراڭزا چېچىكى، سامساق، قۇرۇق ئۈزۈم، ئانار، زەرناب، نۇشۇدۇر، مەددەستان، سۇ سەترىسى، سەبرە، جىن شۇغىلا، مېغىز، كامفورا، بۆكەن مۈڭگۈزى، كۈنجۈت، ياڭاق، قۇندۇز ئۇرۇقدانى، پۇرچاق، گۈلە، يەل - يېمىش قېقى ۋە لوپنۇر (چاڭخۇ) ھارىقى ئېلىپ بېرىپ سېتىلىپ تۇراتتى⑥.

بەش خانلىق دەۋرى مەزگىلىدە تاۋۇز تېرىش، تاۋۇز سۈيىدىن دورا ئورنىدا پايدىلىنىش شىنجاڭدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كىرگەن. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىنمۇ رەۋەدچىنى، دارچىنى، چۆپچىنى، كاۋابەچىنى، مامىرەنچىنى، پارىيانچىنى، دېڭىزيا (كالا ئۆت تېشى) قاتارلىق دورا ماتېرىياللىرى غەربكە چىقىرىلغان بولۇپ، بۇنداق مىساللار تارىخىي ماتېرىياللاردا ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇرلارنىڭ دورا - دەرمەكلىرى خاتىرىلەنگەن كىتابلارنىڭ تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئۈستىدە تېخىچە تەپسىلىي تەتقىقاتلار ئېلىپ بېرىلمىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، ھازىرغىچە بىزگە مەلۇم بولغان، خەنزۇ تىل يېزىقىدا ۋە تۈركىي، پارس تىللىرىدا يېزىلغان تېببىي ئەسەرلەر ئىككى يۈز ئەللىك پارچىدىن ئاشىدۇ. بۇ كىتابلاردىن يۇرتىمىزدىن چىقىدىغان ھەرخىل دورا - دەرمەكلەر ۋە ئۇلارنىڭ شىپالىق رولى، فىزىكا - خىمىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرى، چىقىش ئورنى، قوللىنىلىشقا باشلىغان ۋاقتى توغرىسىدا بەزەن ئۇچۇرلارغا ئېرىشكىلى بولسىمۇ، لېكىن بۇ كىتابلارنىڭ بەزىلىرىدە ئۇيغۇرلارنىڭ دورا - دەرمەكلىرىگە ئائىت بىر نەچچە ئېغىز سۆزنىلا ئۇچرىتىش مۇمكىن. ئۇ كىتابلاردىكى ئۇيغۇر دورا - دەرمەكلىرى توغرىسىدىكى مەزمۇنلار يەنە ئۆزىدىن ئىلگىرىكى كىتابلاردىن نەقىل ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن، بۇ مىساللار ئۇ خىل كىتابلاردىكى بارلىق مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرەلمەسلىكى مۇمكىن، ئەلۋەتتە. مەن بۇ ماقالەمدە كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ، جۈملىدىن ئىلىم ئەھلىنىڭ بۇ ساھەگە بولغان دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغاش نىيىتىدە ئۇيغۇر دورا - دەرمەكلىرىگە دائىر مەزمۇنلار خاتىرىلەنگەن، ھازىرچە مەلۇم بولغان تارىخىي بىرقەدەر ئېنىق كىتابلار ۋە شەخسلەرنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمەن.

1. «پادىشاھ نامىغا يېزىلغان ئىچكى كېسەل ساۋاتلىرى» (黄帝内经素问). بۇ كىتاب مۇندىن تەخمىنەن ئىككىمىڭ بەشيۈز يىللار بۇرۇن يېزىلغان بولۇپ، بۇ كىتابقا جەنگو، چىن دەۋرلىرىدىكى بىر نەچچە تېۋىپلارنىڭ تەجرىبىلىرى يەكۈنلىنىپ خاتىرىلەنگەن. بۇ كىتابنىڭ «غەيرىي ئۇسۇل ۋە رېتسېپلار بىلەن داۋالاشنىڭ شىپاسى توغرىسىدا» دېگەن قىسمىدا «غەرب ئالتۇن، قاشتېشى ماكانى، تاشلىق، قۇملۇق جاي ··· شامال كۆپ، زېمىنى كەڭرى ۋە قاتتىق، ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ تامىقى ياخشى، مايلىق. شۇڭا، ھەرخىل

ئىللەتلەر ئۇلارنىڭ تېنىنى ئاسانلىقچە زەھەرلىيەلمەيدۇ، كېسەلى ئىچىدىن ئاپىرىدە بولىدۇ، داۋالىنىشقا زەھەرلىك دورىلار كۆپ ئىشلىتىلىدۇ، شۇڭا زەھەرلىك دورىلار غەربتىن كېلىدۇ» ⑦ دەپ قەيت قىلىنغان.

2. «تاغ ـ دەريالار دەستۇرى» ( 山海经 ). بۇ كىتاب مىلادىدىن ئىلگىرىكى 2 ـ، 5 ـ ئەسىرلەردە يېزىلغان. بۇ كىتابقا يۇرتىمىزنىڭ تاغ ـ دەريالىرى، گۈل ـ گىياھلىرى، مەدەن دورىلار ۋە ھايۋاناتلاردىن ئېلىنغان دورىلار بولۇپ بىر يۈز يىگىرمە خىلدىن ئارتۇق دورا ـ دەرمەك كىرگۈزۈلگەن ⑧. بۇ كىتاب ئەينى زاماندا يۇرتىمىزدىن چىقىدىغان چۆپ ۋە مەدەن دورىلار ۋە مېۋىلەرنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە تونۇشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان.

يەنە شۇ دەۋرلەردە يېزىلغان «مۇ ھەزرەتنىڭ تەزكىرىسى» ( « 穆天子传 » ) دە جۇ سۇلالىسىنىڭ مۇۋاڭ خانى، غەربىي رايوننى ساياھەت قىلغان ۋاقتىدا پامىر (كۆكئارت) تىن ئۆتۈپ قۇرۇم تاغلىرىغا بېرىپ شى ۋاڭمۇ (ئۇماي ئانا) نى زىيارەت قىلغانلىقى ھەمدە شىنجاڭنىڭ خۇشبۇي شارابلىرى، زەپەر، قاشتېشى، نىلۇپەر، چىلان، سېرىق ماي، قېتىق، ھايۋانات مايلىرى ۋە ھەر خىل يېمەكلىكلەرنى كۆرگەنلىكى تىلغا ئېلىنغان ⑨. بۇ كىتابتا گەرچە رىۋايەت تۈسىنى ئالغان ۋەقەلەر خاتىرىلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن يەنىلا كېيىنكى تەتقىقاتلىرىمىزنى مۇھىم تارىخىي ئۇچۇر بىلەن تەمىنلەيدۇ.

3. «كېلىشىمنامە» ( « 叁同契 » ). بۇ كىتابنى مىلادى 142 ـ يىللىرى ۋېي بوياڭ يېزىپ پۈتتۈرگەن. بۇ كىتابقا نۈشۈدۈر، قاشتېشى، قوغۇشۇن ئېقى (قوغۇشۇن ئاساسلىق كاربونات) قاتارلىق دورىلار غەربىي يۇرتتىن ئىچكىرىگە ئېلىپ بېرىلىپ سېتىلىپ تۇرىدىغانلىقى ھەمدە نۈشۈدۈرنىڭ بېشبالىق (جىمىسار) دىن چىقىدىغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ، بېشبالىق نۈشۈدۈرىسى ( 北庭硇砂 ) ⑩ دەپ خاتىرىلەنگەن ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ بېرىلىدىغان نۈشۈدۈرلار ئىچىدە بېشبالىقتىن چىقىدىغان نۈشۈدۈرنىڭ سۈپىتى ياخشى ۋە ئۆزگىچە ئىكەنلىكىنى ماختىغان. بۇ كىتابقا يەنە تۇرپاندا ياسىلىدىغان ئۆمۈر ئۇزارتىش شەربىتى ( 西洲续命汤 ) ⑪ ۋە ئۇنى تەييارلاش ئۇسۇلى توغرىسىدا مەلۇماتلار بېرىلگەن.

4. «نەسىرنامە» ( « 洪范 » )، «بۈيۈك ئۆرنەكلەر» ( « 尚书 » )، «چۇ نەزمىلىرى» ( « 楚辞 » )، «ماۋچاڭ ـ ماۋخىڭ نەزمىلىرى» ( « 毛诗 » ) دېگەن كىتابلار مىلادىدىن ئىلگىرىكى 3 ـ، 4 ـ ئەسىرلەردە كىتاب بولۇپ پۈتۈپ چىققان. بۇ كىتابلاردىمۇ غەربىي يۇرتنىڭ تاتلىق ـ تۈرۈملىرى، مەسىلەن، ھەسەل، ئارپا قەنتى، مالتوزا، مەنپەسى، ماتاڭ (زىماتاڭ) ئېلىش توغرىسىدا مەلۇماتلار ئۇچرايدۇ. بولۇپمۇ «چۇ نەزمىلىرى» دېگەن كىتابتىكى «ئائىلىلەردە تاتلىق تۈرۈملەرنى ياساش» ( « 稼穑作甘 » ) ⑫ دېگەن قىسمىدا شىنجاڭدا قىشتا ياسايدىغان ماتاڭ، يازدا ياسايدىغان مارۇژنى (مۇز قايماق) بارلىقى توغرىسىدا خاتىرىلەر بار. ئۇنىڭدىن باشقا ئارپىدىن ئارپا شېكىرى ئېلىش، تاش ئۆڭكۈرلىرىدە ئۇچرايدىغان ھەسەل ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە تەمى توغرىسىدا نۇرغۇن ساۋاتلار بېرىلگەن. بۇ كىتابقا يەنە قارا شېكەرنىڭ غەربىي يۇرتتىن چىقىدىغانلىقى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكىلەر شېكەر ئىشلەش تېخنىكىسىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، غەربىي يۇرتقا بىر نەچچە قېتىم ئەلچى ئەۋەتكەن بولسىمۇ، تاكى 12 ـ ئەسىرگە كەلگۈچە شېكەر قومۇشى ۋە قىزىلچىدىن شېكەر ئېلىش تېخنىكىسىنى ئىگىلەپ كېتەلمىگەنلىكى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئىشلەنگەن شېكەرنىڭ سۈيۈق، قارا رەڭلىك بولۇپ، تەمىمۇ غەربىي يۇرت شېكىرىنىڭ تەمىگە يەتمەيدىغانلىقى توغرىسىدا نۇرغۇن مەلۇماتلارنى بەرگەن.

5. «دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر دەستۇرى» ( « 本草经 » ). بۇ كىتاب مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1 ـ ئەسىردىن مىلادىدىن كېيىنكى 1 ـ ئەسىرلەر ئارىلىقىدا يېزىلغان. ئۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

دورىگەرلىككە ئائىت مەزمۇنغا باي بولغان ئەڭ قەدىمكى كىتاب.
بۇ كىتابنىڭ ئەسلىي نامى «دېھقانچىلىق پىرلىرى تۈزگەن دورىگەرلىك دەستۇرى» (« 神农本草经 ») بولۇپ، بۇ ئىسىم بەزىدە قىسقارتىلىپ « 本草经 » («دورىلىق ئۆسۈملۈكلەر دەستۇرى») دەپمۇ ئاتىلىپ كەلگەن ⑬. بۇ كىتابقا غەربىي يۇرتتىن چىققىدىغان گۈل - گىياھلار، چۆپ دورىلار. مەدەن دورىلار، بوياقلار، ھايۋانلاردىن ئېلىنىدىغان پەرداز بۇيۇملىرى، جۇ دەۋرىدىن خەن دەۋرىگىچە بولغان فىزىكىلىق چۈشەنچىلەر كىرگۈزۈلگەن ⑭.
ئۇنىڭدىن باشقا بۇ كىتابقا زاراڭزا چېچىكى، سامساق، قورۇق ئۈزۈم، ۋاسالغۇ، ئانار، ياڭاق، بادام، زەرناب، مېغىز، كۈنجۈت، كەھرىۋا، سۈرمە، زەمچە (كالىي ئاليۇمىن سۇلفات)، نۇشۇدۇر (ئاممۇنىي خلورىد)، ئىدىقۇت ئۈزۈم ھارىقى، سىلترا (كالىي نىترات ياكى ناترىي نىترات)، گىلاۋبېر تۇزى (بېرتولد تۇزى - ناترىي سۇلفات) قاتارلىق دورا دەرمەكلەرنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ بېرىلىپ سېتىلىدىغانلىقى، بۇ خىل دورىلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ ئىدىقۇت ئەتراپىدىن چىقىدىغانلىقى، گىلاۋبېر تۇزىدىن پايدىلىنىپ كۆن - خۇرۇم ئىشلەشكە بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇنىڭ بىر خىل سۈرگۈ دورىسى قىلىنىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان.
6. «تارىخىي خاتىرىلەر» (« 史记 ») بۇ كىتابنى مىلادىدىن ئىلگىرىكى 221 - يىللار ئەتراپىدا تارىخچى سىماچيەن يازغان. بۇ كىتابقا كىشىلەرنىڭ تاغ جاڭگاللارغا بېرىپ ياغاچ ۋە چاتقال كۆيدۈرۈپ ياغاچ كۆمۈرى ئېلىپ، ئۇنى تۆمۈر تاۋلاشقا ئىشلىتىدىغانلىقى ئۈستىدە توختىلىپ، تاش كۆمۈر توغرىسىدىمۇ مەلۇمات بەرگەن. ئۇ كىتابتا يەنە چىن سۇلالىسىدىن ئىلگىرىكى مەدەن بوياقلار، رويان (ئالىزارىن) مۇ تونۇشتۇرۇلغان.
7. «يوسۇننامە، سىناقتىن ئۆتكەن ھۈنەرلەر» (« 周礼 • 考工记 »). بۇ كىتاب جەنگو دەۋرىدە يېزىلغان. بۇ كىتابتا بوياقچىلىق تېخنىكىسى، كاناپ (چىگە)، يىپەك رەختلەرنى بوياش ئۇسۇلى، زاراڭزا چېچىكى، رويان شاتارىي، زىرىق، كاشتان پوستى، قىزىل سەندەل، سۆسۈن ئوت، ياڭاقنىڭ كۆك پوستى، ياڭاقنىڭ ئىچكى پوستى، ئانار پوستى، خېنە، تۇخۇمەك مېۋىسى، دولانا، كۈيە، زەمچە، يېشىل زەمچە (تۆمۈر II سۇلفات)، قىزىلتاش (قىزىل تۆمۈر رۇدىسى)، گېل قاتارلىق بوياق تۈزلىرى ۋە خەلق ئىچىدە بىرقەدەر ئومۇملاشقان بوياقچىلىق تېخنىكىلىرى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن ھەمدە يۇقىرىدىكى بوياقلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ كېلىنىدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن.
8. «باۋبۇزى» (« 抱朴子 ») بۇ كىتابنى دورىگەر ۋە مەدەنشۇناس كې خۇڭ (مىلادى 281 __ 361 - يىلى) يازغان بولۇپ، «باۋبۇزى» ئۇنىڭ ئەدەبىي تەخەللۇسى ئىدى. ئۇنىڭ بۇ كىتابىدا ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئىدىقۇتنىڭ ئۆمۈر ئۇزارتىش شەربىتى ئاساسىدا دەسلەپكى قەدەمدە ئۆمۈر ئۇزارتىش شەربىتىنى ئۆزئۆن مۇددەت تەتقىق قىلىپ ياساپ چىققان بولىسىمۇ، ئۇ نېمىنىڭ ئىدىقۇتنىڭكىدەك ياخشى بولمىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر بەرگەن. كې خۇڭ «كېلىشىمنامە» دىكى قاراشنى قۇۋۋەتلىگۈچى ۋە راۋاجلاندۇرغۇچى شەخس. ئۇ ئالتۇن ۋە مىسنى ئىستېمال قىلىش ئارقىلىق ئۆمۈر ئۇزارتىش خاھىشىدا چىڭ تۇرغان ⑮. ئۇنىڭ كىتابىدا سىمابنىڭ گۈڭگۈرتلۈق بىرىكمىلىرىدىن سىماب ئېلىش، قوغۇشۇن ئېقىدىن قوغۇشۇن ئېلىش قاتارلىق ئانئورگانىك تەجرىبە مەشغۇلاتلىرىمۇ تونۇشتۇرۇلغان.
9. «پۇتۇن پۇقرالار ئۈچۈن تېرىقچىلىق دەستۇرى» (« 齐民要术 »). بۇ كىتابنى جاسى شى 533 __ 544 - يىللىرى يېزىپ تۈگەتكەن. بۇ كىتابقا يۇرتىمىزنىڭ دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، ھۈنەر - سەنئەت، بوياقچىلىق ئىشلىرى، سىر ۋە بوياق ياساش تېخنىكىسى،

بوياق خام ـ ئەشيالىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى، قىزىل تۆمۈر مەدەنى، گېل، زاك، ھىندىستان كۆكى، قوغۇشۇن سۇرۇخ، قوغۇشۇن ئېقى، تۇز تېشى (كۆكۈش رەڭلىك بىر خىل مەدەن)، رويان، زاراڭزا چېچىكى، قارىگۇل (لەيلى گۇل)، گۈلسۇرۇخ ۋە ھەر خىل پۇراقلىق دورا ـ دەرمەكلەرنىڭ غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا فەغفۇرچىلىك، ئارپىدىن قەنت ئېلىش، مالتورا ۋە ھەر خىل تاتلىق ـ تۈرۈملەرنى ياساش ھۈنەرلىرى توغرىسىدا مەلۇماتلار بېرىلگەن.

بۇ كىتابقا يەنە جاڭچيەن غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ياڭاق ئېلىپ كېلىپ، 3 ـ ئەسىردىن 5 ـ ئەسىرگە قەدەر ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئۆزلەشتۈرۈشكە باشلىغانلىقى توغرىسىدا خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ. كىتابتا ياڭاقتىن غەربىي يۇرتتا ماي تارتىپ ئىشلىتىدىغانلىقى، ياڭاق مېيىنىڭ دورىلىق رولى، ياڭاق مېغىزى پاسلىنىڭ پەرداز بۇيۇمى ۋە دورىلىق رولى بارلىقى ئۈستىدە توختالغان.

بۇ كىتابتا يەنە ھاشارات ئۆلتۈرەلەيدىغان مەدەن دورىلار (ئەركەك زەرنىخ، چىشى زەرنىخ، مەرگىمۇش) ۋە سىڭىر تاشنىڭ غەربىي يۇرتتىن چىقىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن.

10. «داڭلىق تېۋىپلار تىزىملىكى» («名医别录»). بۇ كىتابنى تاۋسىجىڭ (456 ـ 536) يازغان. بۇ كىتابقا ئەينى ۋاقىتتا نامى چىققان تېۋىپلار ۋە ئۇلارنىڭ داڭلىق رېتسېپلىرى، غەربىي يۇرتتىن چىقىدىغان سېرىق ماي، قېتىق، ياڭاق ۋە ئۇلارنىڭ دورىگەرلىك رولى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر يېزىپ قالدۇرۇلغان. ياڭاق مېيى توغرىسىدا بولسا ئالاھىدە توختالغان.

11. «يېڭىدىن تۈزۈلگەن دورا ئۆسۈملۈكلىرى قامۇسى» («新修本草纲目») ناملىق كىتاب تاڭ گاۋزۇڭ لىجى شيەنچىڭنىڭ 4 ـ يىلى (مىلادى 659 ـ يىلى) يېزىلغان. بۇ كىتابقا كىرگۈزۈلگەن سەككىز يۈز ئەللىك خىل دورىنىڭ 114 ـ خىلى غەربىي يۇرتتىن چىقىدىغان دورا ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان ھەمدە غەربىي يۇرتتىن چىقىدىغان دورىلار كىتابتا «غۇز گىياھلىرى» («胡草») دېگەن نام بىلەن خاتىرىلەنگەنلىكىنى ئىزاھلىغان⑯.

ئۇنىڭدىن باشقا بۇ كىتابتا غەربىي ئاسىيادىن كەلتۈرۈلىدىغان مەدەستان (قوغۇشۇن ئوكسىد)، قارا شەھەر كۆك تۇزى (مىس سۇلفات رودىسى)، نۆشۈدۈر، چوچوكبويا، كۆكتاش، يېشىل زەمچە (تۆمۈر Ⅱ سۇلفات)، قاڭقىللاردىن چىقىدىغان توغرىغا (سودا)، قۇرۇم تاغلىرىدىن چىقىدىغان ھىڭلارمۇ خاتىرىلەنگەن⑰.

12. «بىباھا رېتسېپلار» («千金要方»). بۇ كىتابنى تاڭ دەۋرىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە (652 ـ يىللىرى) سۇنسىياۋ يازغان. كىتابتا غەربىي يۇرتتا ياسايدىغان مارۇژنا (مۇز قايماق) نى تۇخۇم، ناۋات، مۇزدىن ياسىغىلى بولىدىغانلىقىنى؛ غەربىي يۇرت ئىسسىق، ھاۋاسى قۇرغاق بولغانلىقتىن، كىشىلەر ئۇزلىرىنى سەگىتىش، ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بۇ خىل يېمەكلىكنى ئىستېمال قىلىدىغانلىقىنى ھەمدە غەربىي يۇرتنىڭ ھەممە جايىدا بۇ خىل يېمەكلىك ئومۇملاشقانلىقى ئۈستىدە مەلۇمات بەرگەن⑱. ئۇنىڭدىن باشقا بۇ كىتابقا يەنە داڭلىق رېتسېپلار، «تۆت ئاناسىر» (تۆت زات) لارمۇ كىرگۈزۈلگەن. تاڭ دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئىدىقۇتنىڭ ئۆمۈر ئۇزارتىش شەربىتى ئاساسىدا دەسلەپكى قەدەمدە ئۆمۈر ئۇزارتىش شەربىتىنى ياساشنىڭ تەجرىبە مەشغۇلاتلىرىمۇ كىرگۈزۈلگەن.

8 ـ ئەسىرلەردە ۋاڭ تاۋ يازغان «تاشقى كېسەللىك مەخپىي رېتسېپلىرى» (外台秘要) دېگەن كىتابتا ھىندىستان نوملىرىدا بايان قىلىنغان كۆز كېسەللىكى، ئارپىبەدىيانىنىڭ شىپالىق رولى بىر قەدەر تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان بولۇپ، بۇ كىتاب كېيىن ئۇيغۇر تېۋىپلىرى ئارىسىغىمۇ كەڭرى تارقالغان.

سۇي سۇلالىسى دەۋرىدە يېزىلغان «غەربىي يۇرت ھۆكۈمالىرىنىڭ رېتسېپلىرى»

www.uyghurkitap.com



ۋە «غەربىي يۇرت ئاتاقلىق تېۋىپلىرىنىڭ تۆت جىلدلىق مۇ[illegible] رېتسېپلىرى» ( 西域诸山所说药方 ) ( 西域名医所集药四卷 ) قاتارلىق كىتابلاردا پۈتۈنلەي دېگۈدەك غەربىي يۇرت تېۋىپلىرىنىڭ دورا ـ دەرمەكلىرى، دورا تەييارلاش سايمانلىرى، دورا تەييارلاش ئۇسۇللىرى ۋە تەجرىبىلىرى، داۋالاش تېخنىكىسى كەڭرى تونۇشتۇرۇلغان.

13. «جاڭ ۋېنجۇڭنىڭ شىپالىق رېتسېپلىرى» ( 张文仲疗风方 ). بۇ كىتاب تاڭ دەۋرىدە يېزىلغان. ۋاقتى ئېنىق ئەمەس. بۇ كىتاب يېقىندا تۇرپاندىكى قەدىمكى قەبرىلەردىن قېزىۋېلىنغان. بۇ كىتابتا ئۇيغۇرلارنىڭ تاڭ دەۋرىدە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە بېرىپ كېسەل داۋالىغانلىقى ۋە ئۆزئارا تەجرىبە ئالماشتۇرغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ كىتاب شۇ زامانلاردا چاڭئەن بىلەن غەربىي يۇرت ئوتتۇرىسىدا تېبابەتچىلىك بىلىملىرىنى ئالماشتۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينىغان[19].

14. «يېڭى تاڭنامە. غەربىي يۇرت تەزكىرىسى» ( 新唐书 • 西域传 ). بۇ كىتابتا ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ ئۇرخۇن دۆلىتىدىن كىنوۋار (قىزىل سىماب مەدەنىي)، ئەنەتكەكتىن سەندەل ياغىچى، دېڭىز زۇلۇكى، قارا تۇز؛ ئوتتۇرا ھىندىستاندىن ئاق سەندەل ياغىچى، كۆركۈم (زورەنباد)؛ ماگاتادىن ئەنبەر (كامفۇل، بورنېئول)؛ سوغدىيانىدىن تۆگە قۇشى تۇخۇمى؛ شەرقىي بۇخارادىن كۆركۈم گۈلى، تاش ھەسەل؛ توخرىلاردىن ھەرخىل دورا ـ دەرمەك؛ كەشمىردىن ئىسسىقلىق خۇسۇسىيىتىدىكى دورىلارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ بېرىپ ساتىدىغانلىقى قەيت قىلىنغان[20].

ئۇنىڭدىن باشقا «يېڭى تاڭنامە. جۇغراپىيە تەزكىرىسى» ( 新唐书 • 地理志 ) دېگەن كىتابتا تاڭ دەۋرىدە غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدا دورىگەرلىك سودىسى قويۇق راۋاجلانغانلىقى، ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كالوفىل، نۆشۈدۈر، ياڭاق مېغىزى، ھىڭ قاتارلىق دورا ـ دەرمەكلەرنى داۋاملىق ئېلىپ بېرىپ ساتىدىغانلىقى توغرىسىدا مەلۇماتلار بېرىلگەن[21].

15. «سۇينامە. غەربىي يۇرت» ( 隋书 • 西域传 ) دېگەن كىتابنىڭ 82 ـ جىلىدىدا «ئورخۇندا قوتاز كۆپ، ئۇ يەردىن مىس، تۆمۈر، كىنوۋار چىقىدۇ»؛ «ئىدىقۇتتىن ياناتاق شېكىرى، ھەسەل چىقىدۇ، ئىنتايىن تەملىك كېلىدۇ. ئۇ يەردە ئاق، قىزىل سىرلار بار»؛ «سوغدىلاردىن ئات، تۆگە، قېچىر، نۆشۈدۈر، ئېشەك، ئۆكۈز، ئالتۇن ۋە ھەر خىل پۇراقلىق بويۇملار چىقىدۇ»؛ ئايالار دۆلىتىدىن «تۇچ، كىنۋار، ئىپار، قوتاز، ئارغىماق، تۇز چىقىدۇ. ئۇلارنى ھىندىستان ۋە باشقا دۆلەتلەرگە ئېلىپ بېرىپ ساتىدۇ»؛ «كۇچادىن شال، كاشتان، پۇرچاق، تۆمۈر، قوغۇشۇن، نۆشۈدۈر، يېشىل تۇز (تۆمۈر Ⅱ سۇلفات)، زەرنىخ، قوغۇشۇن ئېقى، سالاجىت، يۇگرەك ئات چىقىدۇ، دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى ئۆزىگە يېتىشىدۇ»؛ «پەرغانىدىن كىنوۋار، ئالتۇن، تۆمۈر چىقسا، پارسلاردىن كىنۋار، سىماب، كۆركۈم، زىراۋەندە، قارىمۇچ، پىلپىل، ھەسەل، چىلان، پارپا، ھېلىلە، مۇزا، يېشىل تۇز، زەرنىخ چىقىدۇ»غانلىقى ھەممە ئۇيغۇر سودىگەرلىرىنىڭ داۋاملىق دېگۈدەك مىنەسائىلە، سۇرمە، مۇرمەككە، سىڭگىر تاش، گلاۋبىرى تۇزى، قارا تۇز، سىماب، ئىپار، كىنۋار، زەرنىخ، سالاجىت، زىراۋەندە، پىلپىل، ھېلىلە، ھىڭ، ئاق پارپا، ئاق تۇز قاتارلىق مەدەن دورىلار ۋە ئۆسۈملۈك دورىلىرىنى ئوتتۇرا تۈزلەكلىككە ئېلىپ بېرىپ سېتىپ تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خاتىرىلەر ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ[22].

16. «ۋېينامە. ئىدىقۇت تەزكىرىسى» ( 魏书 • 高昌传 ) دېگەن كىتابتا شىنجاڭ رايونىنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىدىن بىرى بولغان مۇناقى ئۈزۈم ئۈستىدە توختىلىپ، «ئۈزۈمى مول، ھارىقى كۆپ»، ئەگەر ۋېي خانى غەربكە ئەلچى ئەۋەتسىلا ئەلچىلەرنىڭ ئۇنىڭغا

هاراق ئالغاچ كېلىشنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر، ئىدىقۇت ئۈزۈمى هارىقىنىڭ ئۆزگىچە تەمى بارلىقى، ئۇنىڭ تەمىنىڭ باشقا يەرلەرنىڭ داڭلىق هاراقلىرىنىڭ تەمىگە زادىلا ئوخشىمايدىغانلىقى قەيت قىلىنغان[23].

بۇ كىتابتا يەنە ئىدىقۇتلۇقلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمەك ئالاھىدىلىكى، هاراق ئېچىتىش تېخنىكىسى، ئۇلارنىڭ ئۈزۈمنى يېمەكلىك قىلىدىغانلىقى، ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە بولسا ئۈزۈمنى پەقەت كۆڭۈل ئېچىش، سەيلى ـ ساياھەت ئىشلىرىدىلا ئىشلىتىلىپ كېلىۋاتقانلىقى، ھەتتا خەن دەۋرىدىن تارتىپ تاڭ دەۋرىنىڭ ئاخىرىغىچە بولغان مەزگىللەردىمۇ شىنجاڭ ئۈزۈم هارىقىدەك تەملىك هاراقنى ئىشلەپچىقىرالمىغانلىقى ۋە ئۇنداق بولۇشىنىڭ سەۋەبىنىڭ ئۈزۈم پوستىدا ئېچىتقۇ ماددىسى بارلىقىنى بىلەلمىگەنلىكتىن بولغانلىقىنى خاتىرىلىگەن.

يەنە شۇ مەزگىللەردە يېزىلغان «يۇسۇننامە. قەمەرىيە» ( 礼记 • 月令 ) دېگەن كىتابتىمۇ هاراق ئېچىتىش تېخنىكىسى ۋە ئۇنىڭغا كېرەكلىك سايمانلار، ئىچكىرىدە گۈرۈچ هارىقى كەڭرى بولسا، شىنجاڭدا ئۈزۈم هارىقى داڭلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا نۇرغۇن خاتىرىلەرنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

17. «ئۆسۈملۈكلەر تەزكىرىسى» ( 博物志 ) . بۇ كىتابنى جىن دەۋرىدە ئۆتكەن جاڭ خۇا يازغان. بۇ كىتابتا جاڭ چيەن غەربىي يۇرتتىن زاراڭزا ئۇرۇقىنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ كەلگەندىن كېيىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە ئۆستۈرۈلۈشكە باشلىغانلىقى، لەۋ سۈرۈخ، ئەڭلىكلەرنىڭ زاراڭزا چېچىكى بىلەن قىزىلگۈلنى خام ئەشيا قىلىپ ياسىلىدىغانلىقى، بۇ خىل بويۇملارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ بېرىلىپ سېتىلىپ تۇرىدىغانلىقى ھەمدە بويۇملارنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە نامى بارلىقى، ئوت قۇدۇقى (ماي قۇدۇقى) توغرىسىدا نۇرغۇن مەلۇماتلار بار[24].

18. «پەرداز راۋىقىدىكى خاتىرىلەر» ( 妆楼记 ) . بۇ كىتابنى تاڭ دەۋرىدىكى جاڭ بى يازغان بولۇپ، جۇشەندىنىڭ 5 ـ يىلى يېزىلىپ پۈتكەن. بۇ كىتابتا غەربىي يۇرتتىن ئېلىنىپ كېلىنىدىغان قىزىلگۈل ئەتىرىسى، خۇالۇ ئەتىرىسى، لەۋ سۈرۈخ، ئۇپا قاتارلىق پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ خوتەندىن چىقىدىغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بېرىپلا قالماي، يەنە قارىگۈل، زاراڭزا چېچىكى ۋە ھەر خىل بوياقلار مەسىلەن، چاچ بويىقى (زەمچە بىلەن خېنىدىن ياسالغان)، كىرپىك لېكى، سۈرمە، ئوسما، قىزىل سېغىز، ئاق سېغىز، قوغۇشۇن ئېقى قاتارلىق پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ غەربىي يۇرتتىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە داۋاملىق ئېلىپ كېلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا نۇرغۇن خاتىرىلەر ئۇچرايدۇ[25].

19. «غوزلار گىياھنامىسى» ( 郑散 • 胡本草 ) . بۇ كىتابنى تاڭ دەۋرىدىكى جىڭ يازغان. بۇ كىتابتا چاڭئەنگە مەستىكى رۇمى، مۇرمەككە، پالما يىلىمى، قەلەمپۇر، شاتارىي، ئەتىرگۈل ئەترى، نۆشۈدۈر، بىخ مارجان، قۇرۇم تېغى هېكى، قارا شەھەر تۇزى (كۆز روشەنلەشتۈرىدىغان كۆك رەڭلىك مەدەن)، توغرۇغا، نوقۇت، سۈرمە، تۇز تېشى، زاك، گېل، سىڭىر تاش، زەرنىخ، گۈڭگۈرت، مەدەستان، سىر سۈرۈخ، قوغۇشۇن سۈرۈخ، قىزىل، سېرىق، ئاق، كۆك، سۆسۈن رەڭلىك ھەر خىل مىنېرال بوياقلار ۋە ئۆسۈملۈك بوياقلىرى داۋاملىق ئېلىپ بېرىلىپ، سېتىلىپ تۇرىدىغانلىقى توغرىسىدا مەلۇماتلار بېرىلگەن[26].

20. «جابىر ماقالىلىرى توپلىمى» ( 扎比尔文集 ) . بۇ كىتابنى مېتال تاۋلاش ئۇستىسى بۇخارالىق جابىر ئىبنى ھەييام (720 ـ 813) يازغان. بۇ كىتابنىڭ «باغۋەنچىلىك قامۇسى» ( 园艺大全 ) دېگەن قىسمىغا دېھقانچىلىق، دورىگەرلىك، ھەر خىل مېۋىلەر ۋە ئۇلارنىڭ شىپالىق رولى توغرىسىدا نۇرغۇنلىغان رېتسېپلار كىرگۈزۈلگەن. ئۇ كىتابنىڭ «سەمىمىي قېرىنداشلار ئۇيۇشمىسى» ( « 精诚兄弟会 » ) دېگەن قىسمىدا ئالتۇن،

www.uyghurkitap.com

كۆمۈش، مىس، تۆمۈر، كارسىن (جۇڭگو مىسى)، قوغۇشۇن رۇدىسىدىن قوغۇشۇن ئېلىش تەجرىبە مەشغۇلاتلىرى، كامفارا، قەلەي قاتارلىق ماددىلارنى تونۇشتۇرۇپ، خىمىيىدىكى ماددىلارنى تۈنجى بولۇپ تۆۋەندىكىدەك تۈرلەرگە بۆلگەن:

كۋارتس تۈرىدىكى ماددىلار: گۈڭگۈرت، ئارسىن، سىماب، نۆشۈدۈر، كامفارا قاتارلىقلار.

مېتاللار: قوغۇشۇن، قەلەي، ئالتۇن، كۆمۈش، مىس، تۆمۈر، كارسىن (تۈچ تۈرىدىكى بىر خىل مىس).

رۇدىلار: تۈز تېشى، يېشىل، قىزىل ياقۇت، گرافت قاتارلىقلار.

ئۇ ئۆزۈم شارابىدىن تۈنجى بولۇپ ئىسپىرت دىستىللىۋالغۇچى كىشى. ئۇنىڭ «ئەقىل پاراسەت بۇلىقى» (智慧之箱)، «شەرق سىمابى» (东方水银)، «ماددا خۇسۇسىيەتلىرى قامۇسى» (物性大典)، «يەتمىش پارچە رىسالە» (七十书)، تونۇر تېخنىكىسى» (炉火术) قاتارلىق داڭلىق كىتابلىرى بار[27].

ئۇ «جابىر» نامى بىلەن غەربتە داڭ چىقارغان ھەمدە راست نۆشۈدۈر (ئاممونىي خلورد) بىلەن ساختا نۆشۈدۈر (ئاممونىي كاربونات) لارنى تەجرىبە قىلىش يولى ئارقىلىق بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرگەن. ئۇ «نۆشۈدۈر» دېگەن ئىسىمنى بىرىنچى بولۇپ تۈركىي تىلىغا ئېلىپ كىرىپ قوللانغان شەخس. ئۇ ئۆزىنىڭ «ئەقىل پاراسەت بۇلىقى» دېگەن كىتابىدا زەمچە (كالىي ئالىيۇمىن سۇلفات)، كۆكتاش (مىس سۇلفات)، گرافت (سىلىيۇدا) لاردىن سۇلفات كىسلاتا ئېلىشنى يەتتە يۈز يەتمىش قېتىم تەجرىبە قىلىپ، ئاندىن نەتىجە قازانغانلىقىنى يېزىپ قالدۇرغان ۋە ئانىئورگانىك تەجرىبىلەرنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن.

ئۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا ئارستوتېل قارىشىنى قۇۋۋەتلىگۈچى ۋە راۋاجلاندۇرغۇچى شەخس بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇ سىماب، زەرنىخ، سىلترا ۋە زەمچىلەر، قوغۇشۇن سۇرۇخلار ئۈستىدە ئېلىپ بارغان ھەر خىل تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن «بىر خىل مېتالنى يەنە بىر خىل مېتالغا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ» دېگەن خاتا قاراشنى ساقلاپ قالغان ئىدى.

21. ئەبۇ بەكرى مۇھەممەد ئەمىن سەككالى ئەلرازى (860 ـ 920) بۇخارا ئەتراپىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مېتال تاۋلاش ئۇستىسى ۋە دوختۇر. ئۇ غەربتە «رازى» نامى بىلەن داڭ چىقارغان. ئۇنىڭ «مەخپىيەتلىك ئىچىدىكى مەخپىيەتلىك» (秘蜜的秘蜜) دېگەن كىتابى ئەينى ۋاقىتتا پۈتۈن دۇنيادىكى مەدەنچى ئۇستىلار ۋە دوختۇرلارنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلغان ئىدى. ئۇ كىتابىدا ئۆز دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتا بايقالغان پۈتۈن ماددىلارنى پارلىنىشچان ماددىلار، مېتاللار، مەدەنلەر، زەمچىلەر، بور ۋە تۇزلاردىن ئىبارەت تۈرلەرگە بۆلگەن. ئۇ كىتابىدا يەنە ھاك بىلەن گۈڭگۈرت رۇدىسىنى بىرلىكتە قىزدۇرۇپ گېپس (كالتسىي سۇلفات) ئېلىپ، تۈنجى قېتىم سۇنۇقنى گېپس بىلەن تېڭىپ داۋالاپ، نەتىجە قازىنىش جەريانلىرىدىكى بارلىق مەشغۇلاتلارنى يېزىپ قالدۇرغان. ئۇ شاخار بىلەن گرافىتنى ئېرىتكەن ھەمدە شاخارنى «كىسلاتا» دەپ ئاتىغان. سىمابنى ئامالگىمالاش ئۈستىدە بىر ئۆمۈر تەجرىبە ئىشلەپ غەلىبە قىلىپ داڭ چىقاردى. ئۇ يەنە مەدەن ئېرىتىدىغان ئوچاقنى كەشىپ قىلىپ، ئۇنى پارس تىلىدا «تونۇر» (تاننۇر) دەپ ئاتىدى. ئۇ بۇ كىتابىدا لىمون شىرنىسى، سىركىلەرگە ئىزاھات بېرىپ، ئۇلارنىمۇ «كىسلاتا» دەپ ئاتاپ، كىسلاتا ئېلىشنىڭ تەجرىبە مەشغۇلاتلىرىنى كونكرېت يېزىپ قالدۇردى[28]. ئۇ يەنە سىلترانىڭ ئىككى خىل بولىدىغانلىقىنى تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق ئىسپاتلىدى. ئەلرازىمۇ باشقا مېتال تاۋلاش ئۇستىلىرىغا ئوخشاش نۆشۈدۈر ئۈستىدە نۇرغۇن تەجرىبىلەرنى ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك تەجرىبىسىگە ئاساسلىنىپ، جابىرنىڭ «بىر مېتالنى يەنە بىر مېتالغا ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ» دېگەن قارىشىنى تۈنجى بولۇپ رەت قىلدى. ئۇ ئىبن ھەييام يېشىپ بېرەلمىگەن، شۇنداقلا گېرىكچە قولليازمىلاردا ئۇچرىمايدىغان سىرلىق ۋە چۈشىنىكسىز، ئەپسانە تۈسىنى

ئالغان بەزەن خىمىيىلىك چۈشەنچىلەرنى يېشىپ بەردى.

22. ئەبۇ ئەلى ئەل ـ ھۇسەين ئىبن ئابدۇللا ئىبن سىنا (980 ـ 1037). بۇ كىشى بۇخارا ئەتراپىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. غەربتە «ئاۋىسنا» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر. ئۇنىڭ «تېب قانۇنلىرى» (« 医典 ») دېگەن كىتابى ياۋروپادا ئالتە يۈز يىلدىن ئارتۇق ئوقۇتۇش ماتېرىيالى قىلىنغان. ئۇ رۇدىلارنىڭ تەركىبىنى تەتقىق قىلىپ يەكۈنلىگەن تەجرىبىلىرىنى كىتابىنىڭ «فىزىكا ئىلمى» دېگەن قىسمىغا كىرگۈزگەن ھەمدە ماددىلارنى جىنسلار (مەدەنلەر)، سۇيۇقلىنىدىغان ماددىلار، گۈڭگۈرت ۋە تۇزلاردىن ئىبارەت تۆت تۈرگە بۆلگەن. ئۇ بۇ كىتابىدا ئالتۇن، زەمچە، نۆشۇدۇرلارنىڭ فىزىكا، خىمىيىلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى تولۇق چۈشەندۈرگەن. ئۇ كىتابىدا «مېتاللارنى سوزغىلى بولىدۇ»، «بىر خىل مېتالنى يەنە بىر خىل مېتالغا ئايلاندۇرۇشقا بولمايدۇ، پەقەت ئىككى خىل ماددىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، يەنە بىر خىل ماددا ھاسىل قىلىشقا بولىدۇ» دېگەن ئىلمىي چۈشەنچىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، خىمىيە ساھەسىدە تۆت يۈز يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ھۆكۈم سۈرگەن «بىر خىل مېتالنى يەنە بىر خىل مېتالغا ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ» دېگەن خاتا قاراشقا تولۇق رەددىيە بەردى.

ئۇ ئۇستا دوختۇر بولۇپلا قالماي، يەنە پىشقان تەجرىبەشۇناس ئىدى. ئۇ مەدەستان (قوغۇشۇن ئوكسىد) قوغۇشۇن سۇرۇخ، قوغۇشۇن ئېقى (قوغۇشۇن ئاساسلىق كاربونات) قاتارلىق قوغۇشۇن رۇدىلىرىدىن قوغۇشۇننى تازىلاپ ئېلىش تەجرىبە مەشغۇلاتلىرىنى ئۆزى كەشىپ قىلغان.

ئۇنىڭ يەنە «مۇنەججىملىك ئىلمى» ( 哲人石 ) دېيىلىدىغان كىتابىمۇ بولۇپ، بۇ كىتابىدا مەدەن رۇدىلارنىڭ تەركىبى، شىپالىق رولى ۋە ئۇلارنى چۆپ دورىلار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئىشلىتىش ئۇسۇللىرى بىرقەدەر تەپسىلىي سۆزلەنگەن.

23. «تۈركىي تىللار دىۋانى». بۇ كىتابنى مەھمۇد قەشقەرى (1020 ــ 1090) يازغان. بۇ كىتابقا ئوتتۇرا ئەسىردە ياشىغۇچى تۈركىي مىللەتلىرىنىڭ كېسەل داۋالاشقا ئىشلىتىدىغان ھەر خىل چۆپ دورىلىرى، مەدەن دورىلار، ھايۋاناتلاردىن ئېلىنىدىغان دورىلاردىن ئالۇچىن، ئوراغۇن (ئاسارون)، ئىگىر، ئاڭدۇز (راسان گىياھ)، كەكرە، تالقا (غورا ئۈزۈم)، يىبا (پىلپىل)، شوغلۇ (ئالىقات)، سارىغ تۇرما (سەۋزە)، چىندان (سەندەل)، مەندار (ھەشقىپىچەك)، بېتىرىك (پىستە)، باتمۇل (ئۈزۈن مۇچ)، كۆكنار ياپرىقى، ئىگلاچ (تاغ سامسىقى)، ئاشفىن (رەۋەن)، ئەندىز، سۇرگۇ دورىسى، ئاروبات (تەمرىھىندى)، رويان، ئىپار، بۇغا ئوت، بىرسىن (ئاس دەرىخى)، شۇمشا (بەدرەڭ)، مەرگىمۇش (سەنگىياھ)، ئاشۇ (قىزىل سېغىز)، ئۇپا، ئازمىق (زەمچە)، ئوردۇتال (ھاك)، نۆشۇدۇر (ناۋشادىر)، جەز (تۇچ)، كۈمۈش، مىس، ئالتۇن، تۆمۈر، سىڭىرتاش، سەنگى جاراھەت (پادىزەھەر)، قىراغۇ (زاك) ··· قاتارلىق دورا ـ دەرمەكلەر ۋە ھەر خىل تائاملارنىڭ تۈرلىرى بولۇپ، بىر يۈز سەكسەندىن ئارتۇق ئاتالغۇلارغا ئىزاھات بېرىلگەن ۋە بۇ ھەقتە مەلۇمات بەرگەن[29].

24. ئەل ـ بىرونىي (973 ـ 1046) بۇخارا ئەتراپىدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن. ئۇ پۈتۈن ئۆمرىدە بىر يۈز ئەللىك ئىككى پارچە ئىلمىي ئەسەر يازغان بولسىمۇ، لېكىن زامانىمىزغا يېتىپ كەلگىنى ئاران يىگىرمە سەككىز پارچە بولۇپ، ئۇنىڭ «تېبابەتچىلىكتە دوراشۇناسلىق» دېگەن كىتابىدا دورىلارنىڭ تۈرلىرى، داۋالاش ئۇسۇللىرى، مەدەنشۇناسلىق ئىلمى سۆزلەنگەن. ئۇ قىرىق ياشتىن ئاشقاندا دورىگەرلىك بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ يىگىرمە يىل ھىندىستاندا تۇرۇش جەريانىدا «ھىندىستان مۇرىتلىرى ھەققىدە شەرھ» دېگەن كىتابنى يېزىپ قالدۇرغان. بۇ كىتابىدا ھىندىستانلىقلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى خۇلاسىلەپ «مەن پەقەت ئۇلارنىڭ سۇبلېماتسىيىلەش (ھورلاندۇرۇش)، قىزدۇرۇش، تەھلىل قىلىش ۋە

www.uyghurkitap.com

گرافىتنى مومىلاش (تالاكا talaka) مەشغۇلاتلىرى بىلەنلا شۇغۇللىنىپ، ئانئورگانلىك تەجرىبىلەرگە تازا ئەھمىيەت بەرمەيدىغانلىقىنى بايقاپ قالدىم» دەپ يېزىپ قالدۇرغان[30].

25. «مىڭشى بېغىدىكى تەپسىراتلار» (梦溪笔谈). بۇ كىتابنى شىمالىي سۇڭ دەۋرىدە ئۆتكەن چىن كۇ (1092 ـ يىلى) يازغان. ئۇ بۇ كىتابىدا غەربىي يۇرتتىن چىقىدىغان بوياق تۈرلىرى، مەدەن دورىلار توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن.

«دەلىللەنگەن دورا گىياھلار» (证类本草) دېگەن كىتابنى سۇڭ دەۋرىنىڭ داگۇەن يىللىرىدىكى تاڭ جىنۋېي (1107 ـ 1110 ـ يىللار) يازغان. بۇ كىتابقىمۇ غەربىي يۇرتنىڭ دورا ـ دەرمەكلىرى ۋە ئۆزگىچە داۋالاش ئۇسۇللىرى خاتىرىلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا سۇڭ سۇلالىسى مەزگىللىرىدە يېزىلغان «كەيباۋ يىللىرىدىكى دورا گىياھلار دەستۇرى» (开宝本草) دېگەن كىتابقىمۇ تاجىكلاردىن چىقىدىغان مانگان رۇدىسى (无名异) نىڭ شىپالىق رولى، خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇنىڭ ئەلا سۈپەتلىك مىنېرال بوياق ئىكەنلىكى تەپسىلىي تونۇشتۇرۇلغان.

26. «دېھقانچىلىق، پىلىچىلىك، كىيىم ـ كېچەك، يېمەك ـ ئىچمەك توغرىسىدا قىسقىچە بايان» (农桑衣食提要). بۇ كىتابنى ئۇيغۇر ئالىمى لومىنشەن (تۆمۈر قوزۇق 1312 ـ يىللىرى) يازغان. ئۇ بۇ كىتابىدا ماددىي ـ مەنىۋى تۇرمۇشنى ياخشىلاشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرى ۋە تېخنىكىغا تايىنىپ دېھقانچىلىق قىلىش، يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك، داۋالىنىشقا ئائىت چۈشەنچىلەر ئۈستىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەرگەن[31].

27. «دورا گىياھلىرى قامۇسى» (本草纲目). بۇ كىتابنى مىڭ دەۋرىدىكى دورىگەر لى شىجېن (1522 ـ 1596) يازغان. ئۇ كىتابىغا 1892 ـ يىلى يېڭىدىن رېتسېپ كىرگۈزگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئىككى يۈز ئاتمىش ئالتە خىلى ئانئورگانىك دورىلار ئىدى. لى شىجېن بۇ كىتابىدا غەربىي يۇرتتىكى ئىلغار داۋالاش ئۇسۇللىرى، ھايۋانلاردىن ئېلىنغان دورىلار، مەدەن دورىلار، ئىرىمچىك، قايماق، سېرىق ماي، پىشلاق ئېلىش ھۈنىرى، قېتىق ئۇيۇتۇش، چىگى (قىمىز)، بوزا ئېچىتىش ئۇسۇلى توغرىسىدا تەپسىلىي توختالغان ۋە نۇرغۇن مەلۇماتلارنى بەرگەن.

ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ كىتابىغا غەربىي يۇرتنىڭ ھاۋا كېلىماتى، غەربىي يۇرت ئادەملىرىدە بولىدىغان كېسەللىكلەر، ئۇلارنىڭ گۆش، سۈت، ماي قاتارلىق ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى بولغان يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىشقا ئادەتلەنگەنلىكى توغرىسىدا تەپسىلىي خاتىرىلەرنى يېزىپ قالدۇرغان. 18 ـ ئەسىرنىڭ 60 ـ يىللىرىغا كەلگەندە جاۋ شۆمى بۇ كىتابقا يەنە يېڭىدىن يەتتە يۈز ئون ئالتە خىل دورا ـ دەرمەك كىرگۈزۈپ، كىتابنىڭ نامىنى «دورا گىياھلىرى دەستۇرىنىڭ ساقلاندىلىرى» (本草纲目拾遗) دەپ ئاتاپ، كىتابنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتقان ھەمدە غەربىي يۇرتتىن بىر قىسىم دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى كىرگۈزگەنلىكىنى قەيت قىلغان.

28. «كۆللى مۆجىزات» (天工开物). بۇ كىتابنى مىڭ دەۋرىدىكى سۇڭ يىڭشىڭ 1637 ـ يىللىرى يازغان. ئۇ بۇ كىتابىدا ھەر خىل بوياقلار، قاشلىق، كىرپىك ـ تىرناق لاكلىرى، ئۇپا ـ ئەڭلىك قاتارلىق مەنىۋى بوياقلارنىڭ زاراڭزا چېچىكى، رويان (ئالىزارىن)، قارىگۈل، شاتارىي، تۇخۇمەك گۈلى، خېنە ۋە باشقا مەدەن بوياقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلىدىغانلىقى توغرىسىدا مەلۇمات بەرگەن. بۇ كىتابنى ئەينى ۋاقىتتا يۇرتىمىزنىڭ بوياقچىلىق تېخنىكىسى، قول ھۈنەرلىرى، تېرىقچىلىق، زىرائەت، گۈل گىياھلىرى تونۇشتۇرۇلغان بىر قامۇس دېيىشكە بولىدۇ[32].

29. «فىزىكىدىن قىسقىچە ساۋات» (物理小说). بۇ كىتابنى فاڭ يىجى (1611 ـ 1671) يازغان. بۇ كىتابتا يۇرتىمىزدىن چىقىدىغان دورا ـ دەرمەكلەر، ياقۇت،

ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق مېتاللار ۋە ئانئورگانىك تەجرىبىلەر ۋە تەجرىبىگە كېرەكلىك سايمانلار تونۇشتۇرۇلغان ㉝.

30. ئوتتۇز ئالتە توملۇق «خۇي ـ خۇي رېتسېپلىرى» ( 回回药方 ) . بۇ كىتاب تالىڭ دەۋرىنىڭ كەيپۈەن يىللىرىدا يېزىلغان (بەزىلەرنىڭ قارىشىچە بۇ كىتاب يۈەن دەۋرىدە يېزىلغان دېيىشىدۇ) . ھازىر بۇنىڭدىن ساقلىنىپ قالغىنى تۆت توم، بۇ كىتابقا غەربىي يۇرت بىلەن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ئوتتۇرىسىدا قوللىنىۋاتقان، ئۆزئارا سىناقتىن ئۆتكەن نۇرغۇن رېتسېپلار كىرگۈزۈلگەن. شۇڭا، بۇ كىتابقا «ئۇيغۇر رېتسېپلىرى» دېگەن نام بەرگەن.

## پايدىلىنىلغان ماتېرىياللار


① جى شيەنلەن: «شىنجاڭنىڭ 2000 ـ يىلى» (ئۇيغۇرچە) ، «كىرىش سۆز» ، شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 1999 ـ يىلى، 1 ـ بەت.

②، ⑤، ⑥، ⑲، ㉙، ㉞ ئابدۇشۈكۈر مەھەممەت ئىمىن: «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىكىنىڭ قىسقىچە تارىخىي تەسۋىرى» ، قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ژۇرنىلى 1984 ـ يىللىق 3 ـ سان، 74 ـ، 75 ـ، 56 ـ بەتلەر.

③، ④ ئا. ئەنۋەر سۇھەيل: «ئۇيغۇرلاردا تېبابەت» (ئۇيغۇرچە) ، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىيات (W) ، 1997 ـ يىلى، 2 ـ، 34 ـ بەت.

⑦، ⑨، ⑰ «جۇڭگو تېببىي قامۇسى» ، ئۇيغۇر تېبابەت تەتقىقات ئىشخانىسى تۈزگەن، «ئۇيغۇر تېبابىتى قىسقىچە تارىخىي ماتېرىياللىرى توپلىمى» (1) ، 1983 ـ يىل 12 ـ، 5 ـ، 26 ـ بەتلەر.

⑧، ⑪، ⑭، ⑮، ㉓، ㉟، ㊱، ㊲ خىمىيە تەرەققىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخىنى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن «خىمىيە تەرەققىياتىنىڭ قىسقىچە تارىخى» ، ئىلىم ـ پەن نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1980 ـ يىل (خەنزۇچە) ، 45 ـ، 52 ـ، 47 ـ، 53 ـ، 25 ـ، 33 ـ، 18 ـ، 48 ـ، 58 ـ بەتلەر.

⑩، ⑫، ⑬، ⑯، ㉔، ㉕ ساۋ يۈەنيۈ «جۇڭگو خىمىيە تارىخى توغرىسىدا پاراڭ» (خەنزۇچە) ، جىياڭسۇ پەن ـ تېخنىكا نەشرىياتى، نەنجىن، 1979 ـ يىل، 252 ـ، 262 ـ، 171 ـ، 213 ـ، 270 ـ، 24 ـ، 60 ـ، 61 ـ، 158 ـ، 27 ـ، 147 ـ بەتلەر.

⑱، ㉗، ㉘ (ئامېرىكا) ھېنرى. M. لېيت «خىمىيە تارىخى تەسۋىرى» ، سودا مۇلازىمەت نەشرىياتى نەشرى، 1956 ـ يىل، نيو ـ يورك (خەنزۇچە نۇسخىسى) ، 68 ـ، 69 ـ 75 ـ بەتلەر.

⑳، ㉑، ㉒ ۋاڭ شياۋشيەن «يىپەك يولىدىكى تېبابەتچىلىك ئىلمىي ئالماشتۇرۇش تەتقىقاتى» ، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1994 ـ يىل (خەنزۇچە) (ئۈرۈمچى) ، 159 ـ، 164 ـ، 123 ـ بەتلەر.

㉙ مامۇت قۇربان «تۈركىي تىللار دىۋانىدىكى تېبابەتچىلىك ۋە بىئوخىمىيىلىك ئاتالغۇلارغا ئىزاھات» ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ژۇرنىلى ئىجتىمائىي پەن قىسمى (ئۇيغۇرچە) ، 2000 ـ يىل 3 ـ سان، 22 ـ بەت.

㉚[ ئامېرىكا] J . R. پارتكون «خىمىيە قىسقىچە تارىخى» ، سودا مۇلازىمەت نەشرىياتى، بېيجىڭ (خەنزۇچە) ، 1979 ـ يىل 38 ـ بەت.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# سەئدىنىڭ روھانىيلار ھەققىدىكى قاراشلىرى توغرىسىدا

زەمىر سەئدۇللازادە

سەئدى ياشىغان مالىمانچىلىقتا تولغان دەۋرلەردە شاھ ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك مەمۇرىي ئەمەلدارلاردىن قالسىلا روھانىيلار جەمئىيەتتە مۇھىم ئورۇن ئىگىلەيدىغان ئىجتىمائىي كۈچ ئىدى. شۇڭا، «ئادىل ۋە مەرىپەتپەرۋەر شاھ»لارغا تەلپۈنۈش شۇ دەۋرنىڭ ئومۇملاشقان ئاساسىي غايىسىگە ئايلانغانىدى. ئوخشاشلا ئىمانى پاك، سۆز ھەرىكىتى بىردەك، ئادالەتنى ياقلايدىغان، كىشىلەرگە مەنىۋى جەھەتتىن يول باشچى ۋە يۆلەنچۈك بولالايدىغان روھانىيلارغا ئالاھىدە مۇئامىلىدە بولۇش ۋە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشمۇ شۇ دەۋرنىڭ ئومۇملاشقان ئادىتى بولۇپ قالغان ئىدى. ئاپتور ئۆز دەۋرىدىكى دەل شۇنداق ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىپ، تۈرلۈك ژانىرلاردىكى پارچە ئەسەرلىرىدە ئاساسىي دىققىتىنى مۇشۇ مەسىلىلەرگە قاراتقاندىن سىرت، چوڭ ھەجىملىك ئەسەرلىرىدىن «گۈلىستان» ۋە «بوستان»نىڭ بىرىنچى بابلىرىنى شاھلار ھەققىدىكى بايانلارغا بېغىشلىغان بولسا، «گۈلىستان»نىڭ ئىككىنچى بابىغا «دەرۋىشلەرنىڭ ئەخلاقى توغرىسىدا» دەپ نام قويۇپ، شۇ دەۋردىكى جەمئىيەتنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ھاياتىدا زور تەسىرگە ئىگە بولغان روھانىيلار ۋە ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر قاتار ئىجتىمائىي مەسىلىلەرگە مەخسۇسلاشتۇردى. ئاپتورنىڭ روھانىيلارغا ئائىت بايانلىرىدا مۇنداق ئىككى ئالاھىدىلىك روشەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ: بىرى، ئۇ بۇ مەسىلىلەرگە قايسى نۇقتىدىن يېقىنلاشمىسۇن، ئاددىي خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، بارلىق مەسىلىلەرنى خەلقچىللىق مەيدانىدىن شەرھلەيدۇ. يەنە بىرى، ئاپتور ئۆز دەۋرىدىكى دىن ۋە روھانىيلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرگە تەنقىدىي پوزىتسىيە تۇتۇپ، پەقەت ئومۇمنىڭ مەنپەئەتى ۋە شۇ دەۋرنىڭ ئەخلاقىي مىزانلىرىغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، بىرقەدەر ئومۇمىي خاراكتېر ئالغان مەسىلىلەرنى سەلبىي تەرەپلەردىن شەرھلەش ۋە تەنقىد قىلىش بىلەن چەكلىنىدۇ. دىن ۋە روھانىيلارغا ئائىت ئىجابىي مەسىلىلەرنى ئاندا ـ ساندا تىلغا ئېلىپ قويسىمۇ تەپسىلىي شەرھلىمەيدۇ.

سەئدى روھانىيلار، دىنىي ئۆلىمالارنىڭ خەلقنى مەنىۋى جەھەتتىن يېتەكلىشى ۋە ئۇلارغا روھىي يۆلەنچۈك بولۇشىغا قارشى تۇرمايدۇ، ھەتتا بۇنى جەمئىيەتنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم تەرىپى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرىدۇ. ئاپتور ئۆزى ئېتىقادى كۈچلۈك مۇسۇلمانلاردىن بولغاچقا، دىنىنى ھەرقانداق نەرسىدىن مۇقەددەس دەپ قاراپ، روھانىيلارنىڭ ئۆز ئېتىقادىدا مۇستەھكەم، ئىمانى پاك، سۆز ـ ھەرىكىتى بىردەك بولۇشىنى، ئۇلارنىڭ خەلققە غەرەزسىز ھالدا خىزمەت قىلىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ. ئەپسۇسكى، ئاپتور ياشىغان دەۋرلەردىكى روھانىيلارنىڭ ھەممىسى ئۇ ئارزۇ قىلغاندەك ئەمەس ئىدى. نۇرغۇنلىرى شەخسىي ۋە سىنىپىي مەنپەئەتلەرگە بېرىلگەچكە، خەلق ئالدىدا ئۆتەشكە تېگىشلىك بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلالمايتتى. نۇرغۇنلىرى ئەجنەبىيلەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشى ۋە بۇلاڭ ـ تالاڭ ئارقىلىق مال دۇنيا توپلىشىنى تۈرلۈك پەتىۋالار ئارقىلىق ھەق چىقىرىشقا ئۇرۇنىدىغان قولچوماقچىلارغا ئايلىنىپ قېلىشقان ئىدى. شۇڭا، ئاپتورنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى روھانىيلارمۇ شۇ دەۋرنىڭ ئەمەلىيىتىگە ئاساسەن ئىككى چوڭ بۆلەككە بۆلۈنىدۇ: بىرى دىنىنى چىن مەنىسى بىلەن قوبۇل قىلغان، ئىمانى پاك، ئېتىقادى

كۆچلۈك، سۆز ـ ھەرىكىتى بىردەك، خۇدا يولىدا خەلق ئۈچۈن خالىس خىزمەت قىلىدىغان روھانىيلار. ئاپتور ئۇلارنى ئاۋامغا مەنىۋى جەھەتتىن يېتەكچى بولۇشقا مۇناسىپ دەپ قارايدۇ. يەنە بىر خىلى ئىمانى سۇس، سۆزى بىلەن ھەرىكىتى ئوخشىمايدىغان، مال دۇنيا توپلاشقا بېرىلگەن، زالىملارغا يانتاياق بولىدىغان روھانىيلار. ئاپتورنىڭ ئەسەرلىرىدىكى روھانىيلارغا ئائىت بايانلارنىڭ ئاساسىي قىسمىنىمۇ مۇشۇ خىلدىكى دىنىي زاتلارنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرى ۋە مەنىۋىيىتىگە ئائىت مەزمۇنلار تەشكىل ئېتىدۇ. سەئدى بارلىق زېھنىي قۇۋۋىتىنى مەنىۋى جەھەتتىن چىرىكلەشكەن روھانىيلار روھىي دۇنياسى ۋە ئۇلارنىڭ تەبىئىتىدىكى ئومۇمىي خاراكتېرلىك تەرەپلەرنى قېزىشقا قارىتىپ، بىر تەرەپتىن تەنقىدىي مەيداندىن ئۇلارنىڭ مەنىۋىيىتىدىكى ئاجىزلىق، چەكلىمە ۋە باشقا پاسسىپ تەرەپلەرنى بىر ـ بىردىن ئاشكارىلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئەخلاقىي مىزانلار نۇقتىسىدىن ئۇلارنى قاتتىق تەنقىدلەپ، جەندە كىيىپ، ۋەز سۆزلەپ يۈرگەن بۇ بىر ئوچۇم ساختا تەرىقەتچىلەردە خەلققە مەنىۋى جەھەتتىن پېشۋا بولغۇدەك سالاھىيەت يوق دەپ جاكارلايدۇ.

سەئدى روھانىيلار (دەرۋىشلەر، پارسالار، زاھىدلار، ئابىتلار، سوفىلار، ئىشانلار)نىڭ خۇسۇسىيەت ـ خاراكتېرىنى، ئۇلارنىڭ ياخشى ـ يامانلىقىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشتە تاشقىي قىياپىتى، جەندە كىيگەن ـ كىيمىگەنلىكىگە ئەمەس، بەلكى ئىچكى دۇنياسى، ئەخلاق ـ پەزىلىتىگە قاراپ باھا بېرىدۇ. ئاپتور ھەرقانداق ئىشتا تېشىغا قاراپ ئىچىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشنى، ھادىسىگە قاراپ ماھىيەتكە باھا بېرىشنى ياقتۇرمايدۇ. بىر ئەمەلدار بىر تەقۋاداردىن سورىدى: «پالان سوفى ھەققىدە قانداق پىكرىدە سەن، باشقىلار ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلىشىۋاتىدىغۇ؟» تەقۋادار دېدى: «ئۇنىڭ تاشقى كۆرۈنۈشىدە بىرەر كەمچىلىك كۆرگىنىم يوق، ئىچىدىكىسى پىنھان، شۇڭا بىلمەيمەن!»

سوفىلار سىيماسى قوراق تون جەندە، سوفىلىق يالغۇزلا كىيىمدە ئەمەس،
مۇشۇلا كۇپايە خەلقلەر كۆرگەندە دۇنيانى، ئارزۇنى، ھەۋەسنى دېمەس.
... ... ...

ئاپتور بىر قىسىم «تەقۋادار»لارنىڭ ئىككى يۈزلىمىچىلىك قىلىدىغانلىقىنى، ئېتىقادى بىلەن ھەرىكىتىنىڭ بىردەك ئەمەسلىكىنى، شەرىئەتنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەي، باشقىلارغا ۋەز سۆزلەپ نەسىھەت قىلىسىمۇ، لېكىن ئۆزلىرىنىڭ پىتنىخورلۇق، غەيۋەت ـ شىكايەت قىلىشتەك ئەسلىدىكى سالاھىيىتىگە يات بولغان خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى، كىشىلەرنى ئۆزئارا كۆيۈمچانلىققا، ئادىل بولۇشقا دەۋەت قىلىش ئارقىلىق ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇلارنى گۇرۇھلارغا ئاجرىتىپ، قۇترىتقۇلۇق بىلەن كىشىلەر ئارىسىغا نىزا ئۇرۇقىنى چېچىپ، پەرىشانلىق پەيدا قىلىدىغانلىقىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، ئۇلارنى ئادەمخور بۆرىلەرگە ئوخشىتىدۇ:

ئالدىڭدا گوياكى ياۋاش بىر قوي، ئارقاڭدا خۇددى ئادەمخور بۆرە.

كۆرۈنۈشتە دەرۋىشلىك جەندىسى كىيىۋېلىپ، ئۆزىنى بۇ دۇنيانىڭ راھەت ـ پاراغەتلىرىدىن چەكلىگەن، ئەمەلىيەتتە بولسا يوشۇرۇنچە مال ـ دۇنيا توپلاش، شۆھرەت قوغلىشىپ باشقىلارنىڭ كۆزىنى بوياش، شەھۋەتپەرەسلىك، بۇزۇقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر ئوچۇم «ئۇلەمالەر»نى ئاپتور قاتتىق تەنقىدلەپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئاشكارىلايدۇ. «گۈلىستان»دا مۇنداق بىر ئوبراز يارىتىلغان: «بىر زاھىد پادىشاھنىڭ مېھماندارچىلىقىدا بولغان ئىدى، تاماقتا ئولتۇرغاندا يېگۈسى بار بولسىمۇ، ئازلا يېدى. نامازغا تۇرغاندا، ئۆزىنى قالتىس سوفى ئىكەن دېسۇن دەپ، بۇرۇنقى ئادىتىدىن ئەتەي

www.uyghurkitap.com

ئۆزۈن ئوقۇدى.

ئەي ئەئرابى[1] ، قورقمەنكى، يېتەلمەيسەن كەئبىگە،
يۈرگەن يولۇڭ ئېلىپ بارار چۈنكى تۈركىستان سېرى.

ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە تاماق يېيىش ئۈچۈن داستىخان بۇيرۇدى. ئۇنىڭ بىر زىرەك ئوغلى بار ئىدى، دادىسىغا دېدى: «ئاتا سۇلتانىنىڭ زىياپىتىدە تاماق يېمىدىڭمۇ؟» ئاتىسى دېدى: «كىشىلەرنىڭ ئالدىدا تۈزۈك بىر نەرسە يېيەلمىدىم!» «ئۇنداق بولسا» دېدى ئوغلى «نامازىڭىزمۇ قازاسىنى ئۆتە، چۈنكى ئۇنىمۇ تۈزۈك ئوقۇمىغان ئوخشايسەن!»
سەئدى بۇ ھېكايىدىن چىقارغان خۇلاسىسىدە ئەيىبىنى يوشۇرۇپ، ھۈنىرىنى كۆز - كۆز قىلىدىغان، زاھىدلىق جەندىسىنى شۆھرەتپەرەسلىك ئۈچۈنلا كىيىۋالغان ساختىپەز روھانىيلارنى مەسخىرە ۋە تەنقىدلەيدۇ:

سەنكى ھۈنىرىڭنى ئالقاندا تۇتۇپ، ئەي غاپىل، نېمىنى سېتىپ ئالىسەن،
ئەيىبىڭنى تىقارسەن قولتۇق تەھتىگە. ئېغىر كۈن كەلگەندە ساختا تەڭگە.

ئاپتورنىڭ قارىشىچە، ناتىنچ ئاشۇ يىللاردا كۆڭلىگە تۈرلۈك مەقسەتلەرنى پۈككەن كىشىلەرنىڭ جەندە ۋە سۇفىلارچە تۇماق كىيىۋېلىپلا، كىشىلەرنىڭ روھانىيلارغا بولغان ئىززەت - ھۆرمىتىدىن پايدىلىنىپ، كۆز بويامچىلىق قىلىشى، ئاللاھ ۋە شەرىئەتنىڭ نامىنى سېتىپ بايلىق توپلاش، تەپ تارتماستىن شەرىئەتتە قاتتىق چەكلەنگەن بۇزۇقچىلىقلار، شەھۋەتپەرەسلىككە بېرىلىش، زىنا قىلىش ئومۇمىي بىر ئەھۋالغا ئايلانغانىدى. شۇڭا، ئاپتور تاشقى قىياپىتى بىلەن ئىچكى دۇنياسى پەرقلىنىدىغان، سۆزى بىلەن ئەمىلى ئوخشىمايدىغان روھانىيلارنى قاتتىق قامچىلاپ، خەلقنى ئۇلاردىن ئاگاھ بولۇشقا دەۋەت قىلىدۇ.
«گۈلىستان» دىكى بىر ھېكايەتتە ئوغۇل دادىسىغا مۇنداق دەيدۇ: «ماڭا نەسىھەتچىلەرنىڭ بۇ ھەشەمەتلىك، يېقىملىق سۆزلىرى ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمەيدۇ، چۈنكى مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇلارنىڭ ئىش - ئەمەلىيىتى گەپ - سۆزلىرىگە ئۇيغۇن ئەمەس».

ئۆگىتىپ ئەلگە تەركىدۇنيانى، سۆزىگە ھېچكىشى ئەمەس مەپتۇن.
ئۆزلىرى يىغار مالۇ دۇنيانى. يامان ئىش قىلمىسا، شۇدۇر ئالىم.
ئەمەلسىز ئالىم نە دېسە دېسۇن، خەلققە دەپ، ئۆزى قىلمىسا زالىم.

ئاپتور ساختا دەرۋىشلەرنىڭ ئەخلاق نورمىلىرىغا يات بولغان تۈرلۈك ئەيىبلىرى ئۈستىدە توختىلىپ، بەزىلىرىنىڭ ھەتتا جاھىللىق تۈپەيلى ئىنساندا بولۇشقا تېگىشلىك ھېسسىي تۇيغۇلارنىمۇ يوقىتىپ، كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ تۈرلۈك خۇشاللىقلىرى، ھالاۋەتلىرىدىن بەھرە ئالالمايدىغان ھېسسىياتسىز مەخلۇقلارغا ئايلىنىپ قالغانلىقلىرىنى ئاشكارىلايدۇ. ئاپتور بۇ توغرىلىق ئۆزى بىۋاستە شاھىد بولغان مۇنداق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىدۇ: «بىر چاغدا ھىجاز سەپىرىدە بىر توپ پاك دىل يىگىت مەن بىلەن ھەمدەم - ھەمسەپەر بولغان ئىدى. ئۇلار يات - پات غەزەل ئېيىتاتتى ۋە زوق بىلەن شېئىر ئوقۇشاتتى. يولدا بىر سۇفى يىگىتلەرنىڭ بۇ ئىشىنى ياراتمىدى، چۈنكى بۇ ئادەم ئۇلارنىڭ دەردىدىن بىخەۋەر ئىدى. بىز بەنى ھىلال ئۆتىڭىگە يېتىپ بارغاندا ئەرەبلەرنىڭ چەللە - بارىڭىدىن قاراقومچاق بىر بالا چىقىپ، شۇنداق غەزەل ئوقۇغىلى تۇردىكى، ھاۋادا ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشلار پەسكە

[1] ئەئرابى — كۆچمەن ئەرەب.

چۇشۇپ، قېشىغا ئۇلاشتى. قارىسام ھېلىقى سۇفىنىڭ تۆگىسى راسا ئۇسسۇلغا چۈشتى ـ دە، سۇفىنى يەرگە ئىتتىۋېتىپ، باياۋان تەرەپكە چېپىپ كىرىپ كەتتى. مەن دېدىم: ‹ ھەي شەيخ، بالىنىڭ غەزىلى ھايۋانغىمۇ تەسىر قىلدى، ئەمما، ساڭا بۇ ھېچ تەسىر قىلمىدى. ›

بىلەمسەنكى، بۇلبۇل ماڭا نېمە دېدى سەھەر؟
‹ ھەي ⋯ سەن ئۆزۈڭ قانداق ئادەم، ئىشقتىن بىخەۋەر؟ ›
ھەتتا تۆگە ئەرەبلەرنىڭ شېئىرىدىن زوقمەن،
دۆت مەخلۇقسەن، سەندە زوق ـ شوق بولمىسا ئەگەر. »

ھېكايىدىكى شەيخ كۆرۈنۈشتە ئىمانى كامىل، ئۆز ئېتىقادىدا مۇستەھكەم، ناھايىتى سىرلىق بىر تەقۋادار شەخس. ئەمەلىيەتتە بولسا جاھالەت ۋە ئۆتۈپ كەتكەن جاھىللىقى تۈپەيلى ئاددىي ئىنسانىي خىسلەتلەردىن مەھرۇم بولغان، ئىشق، ناخشا ـ قوشاق، ئۇسسۇل ۋە ئويۇن ـ چاقچاق ئۇنىڭغا تەسىر قىلمايدىغان كاج تەبىئەت، ھېسسىياتسىز بىر مەخلۇققا ئايلىنىپ قالغان. ئاپتور گەرچە كۈچلۈك ئېتىقادى تۈپەيلى دىنىي ئۆلىمالارغا ئالاھىدە كۆزدە قاراپ، ئۇلارنى ھۆرمەتلىسىمۇ، لېكىن يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش جاھىل ۋە ئىنسانىي تۇيغۇلىرىنى يوقاتقانلارنى سۆكۈش، قامچىلاشتا ھەرقانداق سۆزنى ئايىمايدۇ. بۇ يەردە ئېنىق سۆز بىلەن ئىپادىلەنمىگەن بولسىمۇ، كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى ئاپتور بىر قىسىم روھانىيلارنىڭ تەركىدۇنيالىقنى ئىختىيار قىلىپ، ئېتىكاپتا ئولتۇرۇشىنى، كىشىلىك ھاياتتىكى تۇرلۇك خۇشاللىق ۋە راھەت ـ پاراغەتتىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇشىنى ياقتۇرمايدۇ. ئەكسىچە ئۇلارنى رېئال ھاياتقا يۈزلىنىشكە، ھايات دوستلۇققا چاقىرىدۇ. ئاپتور روھانىيلارنىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە مەنىۋىيىتىدىكى ئاجىزلىقلارنى تولۇق يورۇتۇش ئۈچۈن ئوخشىمىغان ئوبرازلارنى يارىتىپ، ئۇلارنى ھەرقانداق زاماندا يۈز بېرىشى مۇمكىن بولغان ۋەقەلىكلەر ئىچىدە تېپىكلەشتۇرۇپ، ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. زاھىدلارنىڭ ھاياتىدىن ئاز بولمىغان ھېكايىلەرنى نەقىل كەلتۈرۈپ، تەركىدۇنيالىقنى بەزى روھانىيلارنىڭ ئەيىب ۋە گۇناھلىرىنى يوشۇرىدىغان چۈمپەردىسىدىن باشقا نەرسە ئەمەس دەپ خۇلاسىلەيدۇ. ئېتىقاد ئاپتورنىڭ قارىشىچە ھەرقانداق شارائىتتا تەۋرەنمەيدىغان بولۇشى كېرەك. ئۆز ئېتىقادىغا بولغان سادىقلىق جەندە تون كىيىش ياكى بۇ دۇنيانىڭ راھەت ـ ھالاۋەتلىرىدىن ئۆزىنى چەتكە ئېلىشتا ئىپادىلەنمەيدۇ. بۇ پەقەت باشقىلارنىڭ كۆزىگە ئاسان چېلىقىدىغان بەلگىلەر ئارقىلىق كۆز بوياmچىلىق قىلىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ھەقىقىي ئېتىقاد يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى توسۇشتا، كۆرۈنۈشتە ئەمەس ئەمەلىيەتتە پاك بولۇشتا ئىپادىلىنىدۇ دەپ تەكىتلەپ، مۇنداق مۇراجىئەت قىلىدۇ:

نېمە كارغا كېلەر ساڭا جەندە ۋە تەسۋى؟
سەن ئۆزۈڭنى يامان ئىشتىن ساقلىغىن ھەر چاغ.
سۇفى تۇماق كىيمەكلىك نە ھاجەت ساڭا؟
چىن دەرۋىش بول، مەيلى كىي تاتارچە تۇماق[1] .

ئاپتور ئېتىقادتىكى سۇسلۇق ئاددىي دىنىي ئۆلىمالاردىلا ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن ئېغىر سىناقلاردىن ئۆتۈپ، شۆھرەت قازانغان ئابرۇيلۇق شەيخلەرنىڭمۇ روھىيىتىدە ئوخشاشلا مەۋجۇدلۇقىنى بايقاپ، ناھايىتى ئەپسۇسلانغان ھالدا باشقىلارنىمۇ بۇنىڭدىن ئاگاھلاندۇرىدۇ.

---

① تاتارچە تۇماق —— بۇنداق تۇماقنى شۇ دەۋرلەردە غەيرىي مۇسۇلمانلار كىيگەن.

www.uyghurkitap.com

سەئدى كىشىلەر ناھايىتى سىرلىق دەپ قارىغان، ھەتتا بەزىلىرىگە ئاز بولمىغان ئادەملەر مۇرىتلىق ۋەدىسى بېرىپ، ئۆز ھايات ـ تەقدىرلىرىنى شۇلارنىڭ ئىلكىگە تاپشۇرغان داڭلىق شەيخلەرنىڭمۇ بەزىدە ماددىي نېمەتلەر ۋە شەھۋانىي ھەۋەسلەرنىڭ قولىدا ئەقلىنى يوقىتىپ، ئىمانىنى بۇلغايدىغانلىقى ۋە ئاللاھ يولىدىكى كۆڭلى تىــرىك ۋە نەپسىــى ئۆلۈك بۇ پىدائىيلارنىڭمۇ گېزى كەلگەندە نەچچە يىللىق تائەت ـ ئىبادىتىنى بىر دەملىك راھەت ـ پاراغەتكە تېگىشىۋېتىشتەك ئاجىزلىقلىرىنى قاتتىق تەنقىدلەپ، ئاددىي خەلقنىڭ چىن ئېتىقاد ۋە ساختىلىقتا بولغان چۈشەنچىسىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە ئۇنى توغرا يۆلىنىشكە قاراپ يېتەكلەشكە تىرىشىدۇ. «گۈلىستان»دا بۇ توغرىلىق مۇنداق بىر ھېكايە سۆزلىنىدۇ: «شام زاھىدلىرىدىن بىرى جاڭگالدا دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى يەپ كۈن ئۆتكۈزۈپتى. بىر پادىشاھ ئۇنىڭ قېشىغا زىيارەتكە بېرىپ، مۇنداق دېدى: ‹ئەگەر ماقۇل كۆرسىڭىز، شەھەردە سىز ئۈچۈن بىر جاي راسلاپ بەرسەم، خاتىرجەم ئىبادەت قىلغان بولاتتىڭىز، باشقىــلارمۇ نەپەسلىرىڭىز بەركاتىدىن بەھرىمەن بولۇپ، ياخشى ئىشلىرىڭىزغا ئەگەشكەن بولاتتى.› زاھىد ئۇنىمىدى. ۋەزىرلەردىن بىرى ئۇنىڭغا دېدى: ‹پادىشاھنىڭ كۆڭلى ئۈچۈن شەھەردە بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ، بۇ جاينىڭ قانداقلىقىنى بىلىپ باقسىڭىز بولمامدۇ؟ ئەگەر كېيىن ئەزىزلەر ئۆتكۈزۈۋاتقان ۋاقىتنىڭ ساپلىقى بىگۇناھ كىشىلەرنىڭ باردى ـ كەلدىســىدىن بۇلغىنىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئىختىيار ئۆزىڭىزدە!›

زاھىد شەھەرگە كەلدى، ئۇنى پادىشاھنىڭ خاس باغچە سارىيىغا ئورۇنلاشتۇردى. بۇ جاي شۇنداق دىلنى تارتىدىغان ۋە جانغا ھوزۇر بېغىشلايدىغان بىر جاي ئىدى…

(پادىشاھ ئۇنىڭ ئالدىغا چىرايلىق كېنىزەك ۋە ساھىبجامال غۇلام ئەۋەتىدۇ…)

زاھىد لەززەتلىك تائاملارنى يېيىشكە، ئېسىل كىيىملەرنى كىيىشكە باشلىدى. شېرىن مېۋىلەر ۋە خۇشبۇي ئەتىرلەردىن ھۇزۇرلىنىشقا ھەمدە غۇلام ـ كېنىزەكلەرنىڭ جامالىدىن زوق ئېلىشقا كىرىشتى. دانالار ئېيتقانكى، گۈزەللەرنىڭ چىگىلەك چاچلىرى ئەقلىنىڭ ئايىغىغا زەنجىردۇر ۋە ھوشيارلىق قۇشى ئۈچۈن تۇزاقتۇر! … قىسقىسى، زاھىدنىڭ خاتىرجەم كېتىۋاتقان دەرۋىشلىك ھاياتى ئاخىرلاشتى…

بىر كۈنى پادىشاھ ئۇنى كۆرۈشكە قىزىقىپ قالدى. قارىغۇدەك بولسا زاھىدنىڭ ئاۋۋالقى تۇرقى ئۆزگەرگەن، مەڭزى قىزىرىپ، ئاپئاق سەمرىپ كېتىپتۇ، پەي ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپتۇ، پەرى سۈپەت غۇلام بېشى ئۈستىدە تاۋۇس قانىتىدىن ياسالغان يەلپۈگۈچ بىلەن يەلپۈپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ ئۇنىڭ سالامەتلىكىگە خۇشال بولۇپ ھەر تەرەپتىن پاراڭلاشتى. گەپ ئاياغلىشاي دېگەندە پادىشاھ مۇنداق دېدى: ‹مەن دۇنيادا مۇنۇ ئىككى خىل تەبىقىدىكى كىشىلەرنى دوست تۇتىمەن، بىرى ئالىملار، يەنە بىرى زاھىدلار!› بۇ يەردە جاھان كۆرگەن بىر پەيلاسوپمۇ بار ئىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: ‹ئەي پادىشاھىم، دوستلۇقنىڭ شەرتى شۇكى، ھەر ئىككى تەبىقىگە ياخشىلىق قىلغايسەن؛ ئالىملارغا پۇل بەر، ئۇلار ئىلىم بىلەن تېخىمۇ كۆپرەك شۇغۇللانسۇن، زاھىدلارغا ھېچنەرسە بەرمە، ئۇلار زاھىد پېتى قېلىۋەرسۇن›». ئاپتور ئېتىقادى سۇس، ئىمانىنى شەھۋەتكە تېگىشىدىغان بۇنداق زاھىدلاردىن يىــراقتا تۇرۇشنى تەكىتلەيدۇ:

زاھىدكى، ئالسا تەڭگە ـ تىللا،        باشقا چىڭراق زاھىدنى قوللا.

سەئدى زاھىدلار بىلەن ئالىملارنىڭ قايسى جەھەتتىن پەرقلىنىدىغانلىقى توغرىسىدا ناھايىتى كۆپ مۇلاھىزىلەرنى يۈرگۈزىدۇ. ئاپتور ئالىملاردا ئومۇمنى كۆزلەيدىغان پىداكارلىق روھنىڭ كۈچلۈك بولىدىغانلىقى ۋە زاھىتلاردا بولسا شەخسىيەتچىلىكنىڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنى بۇ ئىككى تەبىقە ئوتتۇرىسىدىكى ئەڭ ئاساسىي پەرق دەپ مۆئەييەنلەشتۈرۈپ، بۇ خۇلاسىسىنى سۇ ئاپتى يۈز بېرىپ قالسا «سۇفى ئۆز پالىسىنى، ئالىم بولسا ئىنسانىنى

سۇ مەۋجىدىن قۇتقۇزۇشقا ئالدىرايدۇ» دەپ ناھايىتى ئوبرازلىق ھالدا يىغىنچاق ئىپادىلەيدۇ. ئاپتورنىڭ قارىشىچە، روھانىيلاردىكى شەخسىيەتچىلىك ئۇلارنىڭ ماددىي نېمەتلەرگە بولغان ھېرىسمەنلىكىدىلا ئەمەس، بەلكى تائەت ـ ئىبادەتلىرىدىمۇ ناھايىتى گەۋدىلىك ھالدا ئىپادىلىنىدۇ؛ تەقۋادار روھانىيلار ئۇچۇن كۆرۈنۈشتە دىن ئەمەلىي تۇرمۇشتىكى ھەرقانداق نەرسىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان مۇقەددەس نەرسە. ئەگەر تائەت ـ ئىبادەت بىلەن ئۆزلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان، باشقىلارغا ئازراق ئەمەلىي نەپ بېرەلەيدىغان باشقا بىر ئىش بىرلا ۋاقىتتا توغرا كېلىپ قالسا، تەقۋادارلار ئالدى بىلەن ئىبادەتكە ئالدىرايدۇ. چۈنكى، ئۇلارنىڭ نەزەرىدە ھېچقانداق ئەمەلىي ئىش قىلمايمۇ پەقەت ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈپ، ئىبادەتنى قازا قىلماي، دائىم ئاللاھنى ياد ئېتىپ ھەمدۇ سانالار ئوقۇسىلا، ئۇ دۇنياغا بارغاندا جەننەتنىڭ ئىشىكى ئۇلارغا ئوچۇق بولىدۇ. ئۇلار تەقۋادارلىقنى ئىبادەتتىلا دەپ چۈشەنگەچكە، ئۆزلىرىنىڭ چۈشەنچىسىدىكى بارلىق مەجبۇرىيەتلىرىنى تولۇق ئادا قىلىپ، بۇ جەھەتتە ھېچقانداق گۇناھ سادىر قىلمىغانلىقلىرىغا ئۆزلىرىلا ئىشەنسە، ئۆزلىرىنى روھىي جەھەتتىن يېنىك ۋە ناھايىتى خاتىرجەم ھېس قىلىشىدۇ. ئەكسىچە بولغاندا، ئۆزلىرىدە بىر خىل بىئاراملىق ۋە ئىزتىراب ھېس قىلىشىپ، خاتىرجەم بولۇشالمايدۇ. شۇڭا، ئۇلار ئاۋامنىڭ بەختى ئۈچۈن مەۋجۇد ئادالەتسىزلىكلەر بىلەن كۆرەش قىلىش ۋە خەلققە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش بىلەن ئۇلارغا نەپ يەتكۈزۈپ، ساۋاب ئېلىشنى ئەسلا ئويلاشمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئاللاھ ۋە شەرىئەتنىڭ نامىنى سېتىپ، بېرىلىپ تائەت ـ ئىبادەت قىلىشلىرى كىشىلەرگە گەرچە ناھايىتى سىرلىق، خۇدا يولىدىكى پىداكارلىقتەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئۇلارنىڭ باقىي دۇنياغا بارغاندا جەننەتتىن قۇرۇق قالماسلىق، بىر كىشىلىك راھەت ئورۇنغا ئېرىشىشنى مەقسەت قىلغان تىرىشچانلىقتىنلا ئىبارەت، خالاس. كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئۇلارنىڭ بىر ئۆمۈر قوغلىشىدىغىنى باشقا بىر نەرسە ئەمەس، پەقەت ئۆزلىرىنىڭ ئۇ دۇنيادىكى راھەت ـ پاراغىتى. مۇنداقچە ئېيتقاندا، بۇمۇ بەزى روھانىيلارنىڭ ۋۇجۇدىدىكى چېكىدىن ئاشقان شەخسىيەتچىلىكنىڭ سىرلىق بىر شەكىلدە ئىپادىلىنىشى. شۇڭا، ئاپتور قارىغۇلارچە تائەت ـ ئىبادەتكىلا بېرىلىپ، خەلقنىڭ داد ـ پەريادى بىلەن كارى بولمايدىغان روھانىيلارنى ھەقىقەت يولىدىن ئازغانلار قاتارىدا قاتتىق تەنقىدلەپ، خەلققە ئەمەلىي مەنپەئەت بېرىدىغان ئىشنى ھەرقانداق ئىبادەتتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ، دەپ ئېنىق ئېلان قىلىدۇ:

ئىبادەت بە جۇز خىزمەتى خەلق نىست، بە تەسبىھۇ سەججادەۋۇ دەلق نىست.

مەنىسى:
خەلققە خىزمەت قىلىشتىن ئۆتەر ئىبادەت يوق،
ئىبادەت بولماس تەسبىھ (سېرىپ)، جايناماز (دا ئولتۇرۇپ)، (ئارتسا) جەندە ـ يوپۇق.

كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، ئاپتور بارلىق ئەسەرلىرىدە روھانىيلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ئاجىز تەرەپلەرنى ئەكس ئەتتۈرۈشنى ئۆز ئالدىغا ئاساسىي ۋەزىپە قىلىپ قويغان. شۇڭا، ئۇ شۇ دەۋردىكى روھانىيلارنىڭ ئەخلاقىغا ئائىت بەزى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى شەرھلەشتە باشتىن ئاخىر تەنقىدىي مەيداندا تۇرىدۇ. ئاپتور ئاخىر لاياقەتكە توشمايدىغان، سۆز ـ ھەرىكىتى بىردەك بولمىغان، جەندىنى باشقا مەقسەتتە كىيگەن، مەنپەئەتكە بېرىلگەن روھانىيلارنى ئاۋام خەلققە روھىي جەھەتتىن يولباشچى بولۇشقا مۇناسىپ ئەمەس دەپ جاكارلايدۇ:

ئالىمكى، بولسا بەخت، قوساقپەرۋەر،
ئۆزى بىر ئازغۇندۇر، بولالماس رەھبەر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# «قۇتادغۇبىلىك» تىن تاللانمىلار

157 بىلىمسىز كىشى بارچە ئاغرىق بولۇر،
داۋالانمىسا ئۇ تىرىكلا ئۆلۈر.

297 ئەقىلدىن بۆلەككە ھۆرمەت بولمىغاي،
ئەقىلسىز ئادەم ئۇ بىر ئۇچۇملا لاي.

470 ئەقىل قەدرىنى ھەم ئەقىللىق بىلۇر،
بىلىم ساتسا ئالىم بىلىملىك ئالۇر.

473 ئېچۇك تەلۋە بىلگەي بىلىم قەدرىنى،
بىلىم نەدە بولسا، بىلىملىك ئالۇر.

1824 پەزىلەت، بىلىم ھەم ياخشى خۇي پېئىل،
ئۆگەنسە، تۈزىلەر كىشى خۇلقى، بىل.

1836 ئەقىل ئورنى ئۇستۇن مېڭىدە تۇرۇر،
قىممەتلىكىدىن ئورنى باشتا بولۇر.

1967 بىلىم بىرلە باشلار ئەر ئىشنىڭ بېشىن،
ئەقىل بىرلە قىلسا ھەم ئوڭلار ئىشىن.

2447 زېرەك بولسا، مالدىن قىينالماس بولۇر،
بىلىم بولسا، ئىشتا يېڭىلمەس بولۇر.

2455 ئەقىلسىز كىشىدۇر يېمىشسىز ياغاچ،
نە قىلغاي يېمىشسىز دەرەخلەرنى ئاچ؟

3216 ئىبادەتكە ئاۋال بىلىم كۆپ ئۆگەن،
ئىلىمسىز ئىبادەت بىپايدا، چۈشەن.

3594 بىلىملىك بىر دانا دەپتۇ، ياخشى بەك،
دانالار سۆزىنى بەك ئاڭلاش كېرەك.

3641 ھاۋايۇ ھەۋەسلە قىلسا ئىشىنى،
بىلىملىك دەپ بولماس ئۇنداق كىشىنى.

3661 ئايا قۇل ئەقىللىق، ئويغاق بولغۇلۇق،
گۇناھ يۇقمىسۇن بىل، ھوشيار تۇرغۇلۇق.

3938 ئۇزۇن سۆزلىسە سۆز، ئۇ زېرىكتۈرۈر،
ئەقىللىق كىشىلەر سۆزىن ئاز قىلۇر.

4019 كىشى بىلمىگەننى ئۆگەنسە بىلۇر،
بىلىش بىرلە ئىنسان تىلەككە يېتۇر.

4021 بىلىملىك تۇغۇلماس كىشى، ئۆگىنۇر،
تۇغۇپ سۆزلىمەس تىل، تۇرۇپ سۆز قىلۇر.

4076 ئەقىلسىز كىشىلەر بىلىمنى بۇزار،
بىلىمسىز كىشى خەلقنى ۋەيران قىلار.

4595 يوسۇنسىز، ئەقىلسىز، قىلىقسىز كىشى
يوسۇنلۇقنى كۆرسە، گاڭگىرار بېشى.

6383 ئاقىلغا تىكەن بىرلە دۇنيا تولۇق،
ئاياغ باسسا سانجار، دىققەت قىلغۇلۇق.

رەتلىگۈچىلەر: مۇھەممەت ئىبراھىم
چىمەنگۈل مۇزەپپەر

# ئەلىشىر نەۋائىنىڭ ئاپتوۋىغا نەقىشلەنگەن غەزىلى

**تەھرىر ئىلاۋىسى:** ژۇرنىلىمىزنىڭ 2001 ـ يىللىق 4 ـ سانىدا ئېلان قىلىنغان «ئەلىشىر نەۋائىنىڭ غەزىلى نەقىشلەنگەن ئاپتوۋا ھەققىدە» ماۋزۇلۇق ماقالە بىر قىسىم ئالىملىرىمىزنىڭ ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتى، جۈملىدىن نەۋائى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان خادىملىرىمىزنىڭ دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىدى. ھەر ھالدا كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى قوزغىغانلىقى بىر ياخشى ئىش. بۇندىن كېيىنمۇ كەڭ ئوقۇرمەنلىرىمىز ۋە ئالىملىرىمىز بىزگە نۇرغۇن پايدىلىق مەسلىھەتلەرنى بېرىدۇ ھەمدە ژۇرنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەر ـ ماقالىلەرنى دىققەت ـ نەزىرىدىن يىراق قىلمايدۇ دەپ ئىشىنىمىز.

ئاتاقلىق تىلشۇناس، تەتقىقاتچى ئالىم مىرسۇلتان ئوسمانوۋ بۇ جەھەتتە بىزنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەپ كەلدى، ئۆزىنىڭ ئىلمىي پىكىرلىرىنى بىزدىن ئايىمىدى.

مىرسۇلتان ئوسمانوۋ مەزكۇر ماقالىنى ئوقۇغاندىن كېيىن دەرھال ئىزدىنىشكە كىرىشكەن. ئۇ جەنۇبىي شىنجاڭ (خوتەن، يەكەنلەر) دىن تېپىلغان بىر قىسىم قوليازمىلارنى ئاختۇرۇپ، «نەۋائىنىڭ ئاپتوۋىغا نەقىشلەنگەن غەزەل»نى تېپىپ، قوليازمىدىكى غەزەلگە سېلىشتۇرۇش جەريانىدا بىز ئېلان قىلغان غەزەلدىكى بەزى خاتالىقلارنى بايقىغان. شۇندىن كېيىن مىرسۇلتان ئاكا قوليازمىدىن بۇ غەزەلنى ئەسلى بويىچە كۆچۈرۈپ تەھرىر بۆلۈمىمىزگە ئەۋەتتى. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ قىممەتلىك پىكىرىنى يېزىپ بىزگە مەدەت بەردى. مىرسۇلتان ئاكىغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن تۆۋەندە بۇ شېئىرنىڭ مىرسۇلتان ئاكا ئۆزى ساقلاۋاتقان قوليازما ئاساسىدا ئەۋەتكەن نۇسخىسىنى ئېلان قىلدۇق.

## غەزەل

نې لۇتف ئىدىكى مېنى نامە بىرلە ياد ئەتتىڭ،
نې نامە ئېردىكى غەمگىن كۆڭۈلنى شاد ئەتتىڭ.
تىلىم قەلەم تىلىدەك شەكەردىن ئېرۇر ئاجىز،
بۇ نامە بىرلەكى بۇ ناتەۋاننى ياد ئەتتىڭ.
ئوقۇردا ئاقتى ياشىم ئىختىيارسىز گويا،
كى ھەجر دۇدەسىدىن نامەغە مىداد ئەتتىڭ.
يەتۇردى جىسمىمە رۇھ، ئول قۇياش مەگەركى مەسىھ،
مۇئەللىم ئېردى، دەمىكىم بىتىك سەۋاد ئەتتىڭ.
جەۋاھىرىكى ئىبەردىڭ بۇ نامۇرادىڭ ئۈچۈن،
كۆڭۈل خەزانەسىنى مەخزەنى مۇراد ئەتتىڭ.
نې سۇد بولسە ئەمەل نامەسى قارا گەرخۇد،
ئاتىڭ نىشانى ئۆزە جەمشىد ياقۇباد ئەتتىڭ.
نەۋائى جىسمىغە رۇھ ئول قۇياش ھەدىسى ئۈچۈن،
مەسىھ نۇتقىغە يوق يەردە ئېئتىقاد ئەتتىڭ.